
入 选 《中 国 期 刊 方 阵》的 刊 物

荣 获《新 疆 期 刊 奖》的 刊 物

● دېھقانچىلىق مۇتەخەسسىسى، مۆھتەرەم جامائەت ئەربابى مىجىت ناسىر ئەپەندى ●

— رەسسام: ئابدۇشۈكۈر كېرەم كۆك



XINJIANG CIVILIZATION • СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА • シンチヤン ブンカ • مجلة حضارة شينجيانغ

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

# 新疆文化

2

2006

ISSN 1008-6498



«ئىلى دولقۇنلىرى» (2توم)، «ھايات سىرى»، «كۆكۆل»، «ئاۋات شەھەرنىڭ يېڭى پوۋقراسى»، «يىراقتىكى ئادەملەر»ناملىق رومانلار؛ «كەچۈر مېنى نازاكەت»، «ئاھ، ياشلىقىم» ناملىق پوۋېستلار توپلاملىرى؛ «ۋاپا»، «تاللانما ھېكايىلەر»ناملىق ھېكايىلەر توپلاملىرىنىڭ مۇئەللىپى، پېداگوگ، تونۇلغان يازغۇچى ئابدۇراخمان قاھار ئەپەندىنىڭ 70ياشقا تولغانلىقىنى مۇبارەكلەيمىز.

— «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى تەھرىراتى (ئادىل ئىسمائىل فوتوسى)

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(55 ـ يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال
2006 ـ يىل 2 ـ سان
(ئومۇمىي 278 ـ سان)

باش مۇھەررىر:
زۇنۇن باقى (قوشۇمچە)
(ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نا-
زارىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇ-
ئاۋىن مۇدىرى)

دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل
ئىجرائىيە مۇئاۋىن باش
مۇھەررىر:
قۇربان مامۇت
(ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
رىسالەت مۇھەممەت
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

● شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق ●

## بۇ ساندا

### مەخسۇس ماقالە

«10 ـ بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدىكى شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ــ سەنئىتىگە نەزەر ........................ ئابلىز ئابدۇرېھىم 2

### بىلىم ـ بايلىق

ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدە بىلىم ............ ئابدۇقادىر جالالىددىن 6

### مائارىپ ۋە تەرەققىيات

تەرەققىياتنىڭ يىلتىزى........................ ئابدۇۋاھىد مەتنىياز 14

### ئالىملىرىمىز نەزەرىدىكى چەت ئەل

دېكابىردىكى ستوكھولم ۋە شىمالىي ياۋروپا خىياللىرى...ئەسەد سۇلايمان 23

### تەپەككۇر كۆزى

تەپەككۇر مېۋىلىرى........................ ئابلىز روزى قاتارلىقلار 35

### تەقدىرىڭ تەدبىرىڭدە

ئادەم ـ ئۆزىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ قۇتقۇزغۇچىسى........... ئەزىز ھېيت كۆن 55

### خەلق ۋەكىلىدىن سودا

ۋىجدان مۇھاكىمىسىدىن ئىككى يازما ......... ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى 58

### تىكەنلىك گۈللەر

ئۇسۇلڭ لېكىن غۇرۇرىڭىز بىلەن ................. ئەنۋەر ھوشۇر 63

### ياشلار چايخانىسى


ئابدۇللا ئابدۇرېھىم نىمە دەيدۇ ............ ئابدۇ قادىر مەتسىدىق 72

### ئۆزۈڭنى تونۇ

بىز قەيەرگە بارماقچى؟ ............ نۇر مۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن 78

مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت

بۇ ساننىڭ ئىجرائىيە مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە
تېخنىكا ئىدارە: قۇربان مامۇت



# «10 ـ بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدىكى شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئىتىگە نەزەر

ئابلىز ئابدۇرېھىم
(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدە-
نىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى، ئالىي مۇخبىر)

«10 ـ بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى
ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت تارماقلىرى ۋە ھەر مىللەت مەدەنىيەت
خادىملىرى ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش داۋامىدا ئىدىيىنى دادىل ئازاد
قىلىپ، يېڭى ئەسىرگە خاس جاسارەت بىلەن يول ئېچىپ ئالغا ئىلگى-
رىلەپ، «ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن
خىزمەت قىلدۇرۇش» يۆنىلىشى، «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش،
ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش» فاڭجېنى ۋە «ئېسىل
ئەسەرلەر يارىتىش ئىستراتېگىيىسى»دە چىڭ تۇرۇپ، ئېسىل مىللىي
مەدەنىيەتنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، مۇزىكا، ئۇسسۇل،
تىياتىر، سىرك، رەسساملىق، ئاممىۋى سەنئەت قاتارلىق مەدەنىيەت
ئىشلىرىدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى كۈچلۈك دەۋر روھى ۋە
روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە، ئىدىيىۋىلىك، بەدىئىيلىك،
ھوزۇرلىنىش بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن ساغلام مەنىۋى مەھسۇلاتلار
بىلەن تەمىن ئېتىپ، خەلقنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز بېي-
تىپ، جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى
سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت
قۇرۇلۇشىغا مۇھىم تۆھپە قوشتى. شىنجاڭنىڭ سەنئەت سەۋىيىسىنى،
بولۇپمۇ ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىنى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سە-
ۋىيىگە يەتكۈزۈش، شۇ ئاساستا يېڭى ۋە يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈش
ئۈچۈن سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى ئىجادىيەتتە، دەپ قا-
راپ، ھەر مىللەت سەنئەت ئىجادىيەتچىلىرى تۇرمۇشقا چوڭقۇر
چۆكۈپ، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى، قاينام ـ تاشقىنلىق سوت-
سىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى، ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشنىڭ
ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ «ئومۇميۈزلۈك ھاللىق
جەمئىيەت بەرپا قىلىش»قا ئاتلىنىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىك

مەخسۇس ماقالە

تىكلەۋاتقان قەھرىمانە جاسارىتىدىن ئۆز ئىجادىيىتىگە مەنىۋى ئوزۇق ئېلىپ ئىجادىيەت مەزمۇنىنى بېيىتىپ، دەۋر روھىغا باي، ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى زور، دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامى ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايونىمىز ۋە مەملىكەت بويىچە تاماشىبىنلارنىڭ ياقتۇرۇپ كۆرۈشى، يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن «بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي»، «تەڭرىتاغ شادلىقى»، «دولان چېچەكلىرى»، «قەشقەر»... قاتارلىق ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە چوڭ تىپتىكى كونسېرتلار، ئىنقىلابىي تارىخىي تېمىدىكى چوڭ تىپتىكى مۇزىكىلىق تىياتىر «مۇز تاغقا كەلگەن مېھمان» ۋە كۆپ خىل ژانىردىكى ئۇسسۇللۇق تىياتىر، دراما، ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇقام، ئەلنەغمە، سېرك ـ سېھىرگەرلىك نومۇرلىرىنى ئىجاد قىلدى، سەھنىلەشتۈردى. نۇرغۇن مۇنەۋۋەر سەنئەت ئەسەر (نومۇر)ى دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى كاتتا سەنئەت كۆرەك ـ پائالىيەتلىرىدە كۆپلەپ ئالىي مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، دۆلىتىمىز ۋە ئالەمگە مەشھۇر «ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى»، «مۇقام ـ مەشرەپ دىيارى» بولغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شان ـ شۆھرىتىنى نامايان قىلدى.

«10 ـ بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئىتىگە زور دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى، كۆپلەپ مەبلەغ سېلىشى بىلەن مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرى يېڭى ئەسىردە ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ـ قىشلاقلىرىغىچە مەدەنىيەت ـ سەنئەتتە قالتىس جانلىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. بۇ بەش يىلدا ئاپتونوم رايونىمىز مالىيىسىنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەتكە ئاجراتقان مەبلىغى تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يېتىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى مۇھىم ماددىي كاپالەت بىلەن تەمىن ئەتتى. «10 ـ بەش يىللىق پىلان»نىڭ ئالدىنقى تۆت يىلدا ھۆكۈمەتنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىگە سالغان مەبلىغى 844 مىليون يۈەنگە يېتىپ، «9 ـ بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدىكىدىن 320 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، %38.1 ئاشتى. 2005 ـ يىلى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا سالغان مەبلىغى 112 مىليون يۈەنگە يېتىپ، تارىختا يېڭى سەۋىيە يارىتىلىپ، يېزا مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ناھىيە دەرىجىلىك مەدەنىيەت يۇرتلىرى ۋە كۇتۇپخانىلارنىڭ قۇرۇلۇش تۈرى دۆلەتنىڭ «10 ـ بەش يىللىق پىلانى»غا كىرگۈزۈلۈپ، بەش يىلدىن بۇيان، دۆلەت ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ناھىيە دەرىجىلىك مەدەنىيەت يۇرتلىرى ۋە كۇتۇپخانىلار قۇرۇلۇشىغا 37 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ناھىيە دەرىجىلىك مەدەنىيەت يۇرتلىرى ۋە كۇتۇپخانىلار قۇرۇلۇشىدا «10 ـ بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە بېكىتىلگەن «ھەممە ناھىيىدە مەدەنىيەت يۇرتى ۋە كۇتۇپخانا بولۇش» نىشانى ئەمەلگە ئېشىش ئالدىدا تۇرماقتا. «مەدەنىيەت ئارقىلىق چېگرا رايونلارنى گۈللەندۈرۈش»نىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بويىچە، دۆلەت 160 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 400 يېزا ـ بازاردىكى مەدەنىيەت پونكىتلىرى قۇرۇلۇش تۈرى رەسمىي باشلىنىپ، 2005 ـ يىلى سېنتەبىردە ئالدى بىلەن ئىش باشلىغان 240 مەدەنىيەت پونكىتى بۇ يىل ئىيۇنغىچە پۈتۈش ئالدىدا تۇرماقتا؛ قالغان 160 مەدەنىيەت پونكىتى قۇرۇلۇشىدا پات ئارىدا ئىش باشلىناقچى. بۇ قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 2 مىليوندىن كۆپرەك دېھقان ۋە چارۋىچى مەدەنىيەت مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقىدا 85 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ يېڭى قۇرۇلۇشى ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىق كاتتا مەرىكىسىگە سوۋغا سۈپىتىدە پۈتتى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ بىۋاستە كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە غەمخورلۇقى بىلەن 112 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان «شىنجاڭ مىللىي ناخشا ـ ئۇسسۇل مەكتىپى»نىڭ قۇرۇلۇشى جىددىي ئېلىپ بېرىلماقتا. بۇ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە پۈتۈپ ئىشقا كىرىشمەكچى. دۆلەتنىڭ كۆپلەپ مەبلەغ سېلىشى بىلەن ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق مۇزېيى، شەخەنزە بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش مۇزېيى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت مەركىزى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت مەركىزى، ئالتاي مىللەتلەر مەركىزى قاتارلىق بىر تۈركۈم سىمۋول خاراكتېرلىك ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن پۈتۈپ، ئىشقا كىرىشتى. ھەر دەرىجىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرى ئاساسىي قاتلاملارغا ـ كەڭ ئەمگەكچى ئاممىغا يۈزلىنىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 9000 مەيدان ـ قېتىمغا يېقىن ئويۇن قويدى. بۇنىڭدا دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا قويۇلغان ئويۇن %70 تىن كۆپرەكنى ئىگىلىدى. پۈتكۈل شىنجاڭ بويىچە ئۇدا تۆت يىل «100 كۈنلۈك مەيدان مەدەنىيەت پائالىيىتى مۇسابىقىسى» قانات يايدۇرۇلۇپ، 10 مىڭ مەيداندىن كۆپرەك «مەيدان مەدەنىيەت پائالىيىتى» ئۆتكۈزۈلۈپ، قاتناشقانلار 2 مىليون ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى قالتىس جانلاندۇرۇلدى. «شىنجاڭ ـ شىزاڭ قۇرۇلۇشى»نىڭ روھى بويىچە كىنونى يېزا ـ قىشلاقلارغا يۈزلەندۈرۈش پائالىيىتى كەڭ قانات يايدۇرۇلۇپ، دېھقانلار ۋە چارۋىچىلارنىڭ ياقتۇرۇپ كۆرۈشى، قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كىنو بازارلىرىدا قايتىدىن جانلىنىش بولۇپ، 2005 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە 63 مىڭ 800 مەيدان(قېتىم)دىن كۆپرەك كىنو قويۇلۇپ، تاماشىبىنلىرى 1 مىليون 610 مىڭ ئادەم (قېتىم)غا، بېلەت كىرىمى 24 مىليون 469 مىڭ يۈەندىن كۆپرەككە يېتىپ، 2004 ـ يىلدىكىدىن %16.27 ئاشتى. 2004 ـ يىلدىن 2005 ـ يىلغىچە ئېلىپ بېرىلغان، دۆلەت مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، مالىيە مىنىستىرلىكى «يېزىلارغا كىتاب يەتكۈزۈش پائالىيىتى» بويىچە ئاپتونوم رايونىمىزغا بەرگەن 2 مىليون يۈەن قىممەتتىكى 220 مىڭ پارچە كىتاب 48 ناھىيە (شەھەر)لىك كۇتۇپخانا ۋە 130 يېزا ـ بازارلىق مەدەنىيەت پونكىتىغا يەتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۇچۇر بايلىقىدىن ئورتاق پايدىلىنىش تورى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى.

«10 ـ بەش يىللىق پىلان» يولغا قويۇلغان بەش يىلدىن بۇيان يېتەكلەش، يېتىلدۈرۈش، گۈللەندۈرۈش، باشقۇرۇش ئارقىلىق مەدەنىيەت بازارلىرى تېز تەرەققىي قىلدى ۋە كۆلەملەشتى. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدا مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش بويىچە ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك باشقۇرۇش ئاپپاراتى 104كە، باشقۇرۇش خادىمى 533 نەپەرگە، تۈرلۈك مەدەنىيەت تىجارىتى ئورنى 9243كە، تىجارەت كىرىمى 1 مىليارد 770 مىليون يۈەنگە، تاپشۇرغان باج ۋە قوشۇمچە ھەق 63 مىليون 958 مىڭ يۈەنگە، ياراتقان

قوشۇلما قىممىتى 640 مىليون يۈەنگە يېتىپ، مەدەنىيەت بازارلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىپلا قالماي، بەلكى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈممۇ كۆرۈنەرلىك بولدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېڭى ئەسىر باشلانغاندىن كېيىنكى مىللىي مەدەنىيەت - سەنئىتىنىڭ يېڭىچە قىياپىتىنى نامايان قىلىش، ھەم شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت - سەنئىتىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش مەقسەت قىلىنغان خەلقئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش بۇ بەش يىلدا يېڭى ۋە تېخىمۇ يۇكسەك پەللىگە كۆتۈرۈلدى. چەت ئەللەر ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن رايونلىرى بىلەن 412 تۈردە ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەللەرگە 264 ئۆمەك (قېتىم)، 2367 ئادەم (قېتىم) ئەۋەتىلدى؛ چەت ئەللەردىن زىيارەتكە كەلگەن 148 ئۆمەك - گۇرۇپپا، 1813ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى. 60 نەچچە دۆلەت ۋە رايون بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسى، ئىلىم ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلدى. چەت ئەللەردە 300 مەيدان (قېتىم)دىن كۆپرەك ئويۇن قويۇلۇپ ۋە كۆرگەزمە ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، تاماشىبىنلار 900 مىڭ ئادەم (قېتىم)دىن كۆپرەككە يەتتى. ئامېرىكا، فرانسىيە، كورىيە، ياپونىيەلەردە «يىپەك يولى شىنجاڭ نادىر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسى» ئېچىلىپ، كۆپ مىللەتلىك جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمىي، شانلىق تارىخى نامايان قىلىندى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايونىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىدا، تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قۇتقۇزۇش، تەتقىق قىلىش، قوغداش خىزمىتىدە باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئاپتونوم رايونىمىز يوللىغان 14 تۈر دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى بويىچە ۋەكىللىك ئەسەرلەر بولۇپ تەستىقلاندى. دۆلەت مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كۈچلۈك قوللىشى بىلەن، بەش يىلدىن كۆپرەك جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى دۆلىتىمىز ئىلتىماس قىلىپ يوللىغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى بويىچە ۋەكىللىك ئەسەر سۈپىتىدە ب د ت غا يوللانغانىدى. 2005 - يىلى 25 - نويابىردا ب د ت مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنى «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى»قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. بۇ، جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىگە دۇنياۋى ئىلمىي قىممەت ۋە شان - شۆھرەت ئاتا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تەتقىق قىلىش، قوغداش بويىچە مەخسۇس ئىلىم ئورگىنى تەسىس قىلىنىپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تەتقىق قىلىش، قوغداش مەركىزى»نىڭ ۋىۋىسكىسى رەسمىي ئېسىلدى. بۇ خۇشاللىنارلىق ئىش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ئىلمىي خىزمىتىنىڭ يېڭى تارىخىي باسقۇچقا كىرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

«10 - بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە سەنئەت تەتقىقاتىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجىلەر مەيدانغا كەلدى. 420 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان «يىپەك يولىنىڭ شىنجاڭ قىسمىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش قۇرۇلۇشى» ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلدى. 2003 - يىلى ئۆكتەبىردە باشلىنىپ، 2005 - يىلى مارتتا غەلىبىلىك تاماملانغان كىچىك مۇرەن قەبرىستانلىقىنى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش 2004 - يىلى «ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە مەملىكەت بويىچە ئون چوڭ بايقاشنىڭ بىرى» بولۇپ باھالاندى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينى سىمۋول قىلغان مۇزېيلار ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئالغان «جۇڭگو ئەلنەغمە تەزكىرىسى» (شىنجاڭ تومى)نىڭ يەتتە قىسىملىق سەنئەت تەزكىرىسىنى تۈزۈش نەتىجىلىك تاماملاندى. دۆلەتنىڭ سەنئەت تەتقىقاتىدىكى نۇقتىلىق تېما - «دولان مۇقامىنىڭ ئېكولوگىيىسى ۋە فورماتسىيىسى توغرىسىدا تەتقىقات» ناملىق مەخسۇس ئەسەر نەشىردىن چىقتى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت ساھەسى «10 - بەش يىللىق پىلان»دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋەزىپىلەرنى غەلىبىلىك ئورۇنداپ، «11 - بەش يىللىق يىرىك پىلان»غا قەدەم قويدۇق. شىنجاڭنىڭ «11 - بەش يىللىق يىرىك پىلان» مەزگىلىدىكى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى: دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، «ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى»نى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش» نىشانىنى چۆرىدىگەن ھالدا «ئادەمنى ئاساس قىلىش»تا چىڭ تۇرۇپ، «ئىسىل ئەسەرلەر يارىتىش، ئاساسىي قاتلاملارنى جانلاندۇرۇش، مەدەنىيەت - سەنئەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىختىساسلىقلارغا ئەھمىيەت بېرىش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مەدەنىيەت ئارقىلىق چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش»تىن ئىبارەت مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، شەھەر ۋە يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى بىر تۇتاش پىلانلاش، خەلقنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش؛ مەدەنىيەت - سەنئەت كەسپىي ئورۇنلىرى ۋە كارخانىلىرى قانۇن بويىچە تىجارەت قىلىدىغان مەدەنىيەت باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ۋە ھاياتىي كۈچكە باي مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش - ئوبوروت قىلىش مېخانىزمىنى ئاساسىي جەھەتتىن تۇرغۇزۇش؛ قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق، تەرەققىياتى تەكشى، تورى مۇكەممەل، مۇلازىمىتى ئەلا، قاپلىنىشى تولۇق بولغان بىر قەدەر مۇكەممەل ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇلازىمەت سىستېمىسىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈرۈش؛ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، كۆپ خىل مۇلۇكچىلىك ئورتاق تەرەققىي قىلىدىغان مەدەنىيەت كەسپىي ئەندىزىسى ۋە مىللىي مەدەنىيەتنى ئاساسىي گەۋدە قىلىدىغان، چەت ئەللەرنىڭ ئۆرنەكلىك قىممىتىگە ئىگە مەدەنىيەتلىرىنى تاللاپ قوبۇل قىلىدىغان مەدەنىيەت بازىرى ئەندىزىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈرۈش؛ ئومۇميۈزلۈك، كۆپ قاتلاملىق، ھۆكۈمەت بىلەن پۇقرالار تەڭ ئىشتىراك قىلىدىغان مەدەنىيەتنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈشتىن ئىبارەت. بىز مەدەنىيەت ساھەسىدىكى «10 - بەش يىللىق پىلان»نى نەتىجىلىك تاماملاپ، «11 - بەش يىللىق يىرىك پىلان»غا قەدەم قويغان تۇنجى يىلدا

شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنى داۋاملىق يېڭى ۋە يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈشتە «ئېسىل ئەسەرلەر ئىستراتېگىيىسى»دە چىڭ تۇرۇپ «مۇز تاغقا كەلگەن مېھمان»، «قۇياش نۇرىغا چۆمگەن شىنجاڭ» قاتارلىق ئىنقىلابىي تارىخىي تېمىدىكى مۇزىكىلىق تىياتىر ۋە چوڭ تىپتىكى كونسېرتنى تېخمۇ بەدىئىي كامالەتكە يەتكۈزۈپ، بازار رىقابىتىدىكى ئىقتىدارىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش؛ ھەر دەرىجىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرى مىللىي ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇقام، تىياتىر، سېرك ـ سېھرىگەرلىك قاتارلىق سەنئەت ساھەلىرىدە ئىجادىيلىك، بەدىئىيلىك، كۆرۈشچانلىق ئورگانىك بىر گەۋدىلەشكەن، يۇقىرى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي قىممەت يارىتالايدىغان ئېسىل ئويۇن (نومۇر)لارنى كۆپلەپ مەيدانغا چىقىرىپ، كۆپ خىل، كۆپ قاتلاملىق، بازارنى يېتەكچى، ئويۇن قويۇشنى مەركەز قىلغان ئېسىل سەھنە سەنئىتى ئەسەرلىرىنىڭ يېڭى ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈش؛ ب د ت مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى تەرىپىدىن جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنى «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى»قاتارىغا كىرگۈزگەنلىكىدىن ئىبارەت مۇقام تارىخىدىكى دۇنيا خاراكتېرلىك دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتلىك پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ «تۇنجى نۆۋەتلىك مۇقام بايرىمى» ئۆتكۈزۈش، «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقامى بويىچە خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ۋە مۇقام ئۇستازى تۇردى ئاخۇن ئاكا ھەيكىلىنىڭ يوپۇقىنى ئېچىش؛ يېزىلارنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ناھىيە دەرىجىلىك كۇتۇپخانا، مەدەنىيەت يۇرتلىرىنىڭ ئۇسكۇنىلىرىنى يۇرۇشلەشتۈرۈش، يېزىلاردا رەقەملەشكەن مەدەنىيەت ئۇچۇر مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇرۇش؛ يېزا كىنوچىلىقىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىللىرىدىكى كىنولارنىڭ تەرجىمە خىزمىتىنى سۈپەتلىك، ياخشى ئىشلەش، يېزىلاردىكى كىنوخانىلارنىڭ شارائىتىنى ئىرىشىپ ياخشىلاش؛ دېھقانلار ۋە چارۋىچىلارنى مول مەزمۇنلۇق ئاممىۋى مەدەنىيەت ـ سەنئەت پائالىيەتلىرىگە تەشكىللەپ، يېزا ـ قىشلاقلارنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى ھەقىقىي جانلاندۇرۇش؛ «يېزىلارغا كىتاب يەتكۈزۈش» پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، دېھقانلارنى «سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش»تا ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىققا يېتەكلەش؛ خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ـ سەنئىتى، فولكلور بايلىقلىرىنى قېزىش، توپلاش، تەتقىق قىلىش، قوغداشنى مۇھىم خىزمەتلەر كۆنتەرتىپىگە كىرگۈزۈش، قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە قىلىش؛ مەدەنىيەت بازارلىرى مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ناخشا ـ ئۇسسۇل، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنى ساغلام يۆنىلىشكە يېتەكلەش، يۇقىرى سەنئەت تەشكىلاتلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش ۋە ئىلھام بېرىش؛ چەت ئەللەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئويۇنلىرىنى پائال كىرگۈزۈپ، ئويۇن قويۇش بازارلىرىنى جانلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش؛ خەلقئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇقام، سېرك سەنئىتى جەھەتتىكى داڭلىق ماركا ئۈستۈنلۈكىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، سەنئەت ئۆمەكلىرىنى چەت ئەللەرنىڭ سەنئەت بازارلىرىنى ئېچىشقا رىغبەتلەندۈرۈش؛ يىپەك يولىنىڭ شىنجاڭ قىسمىدىكى نۇقتىلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قۇتقۇزۇش ۋە قوغداش قۇرۇلۇشىنى پىلانلىق ئېلىپ بېرىش، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بويىچە قانۇن تۇرغۇزۇشنى تېزلىتىش، چەت ئەللەردە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىلىرى ئېچىپ، ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش؛ مەدەنىيەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى تېخمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ساھەسىنى ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش داۋامىدا تېخمۇ زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىش ـ بىزنىڭ جان ـ دىل بىلەن تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرىدىغان جەڭگىۋار خىزمەت نىشانىمىز ۋە بۇرچىمىز.

2006 ـ يىل 24 ـ فېۋرال

## ژۇرنىلىمىزنىڭ 2006 ـ يىل كېيىنكى يېرىم يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇشقا ئالدىراڭ

ژۇرنىلىمىزنىڭ 2006 ـ يىل كېيىنكى يېرىم يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش بۇ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى باشلىنىپ، 20 ـ كۈنى ئاياغلىشىدۇ. ژۇرنىلىمىزنىڭ يەككە باھاسى 5 يۈەن، يېرىم يىللىقى 15 يۈەن. مۇشتەرىلەرنىڭ بۇ 20 كۈنلۈك پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايىدىكى پوچتىخانىلار ئارقىلىق ژۇرنىلىمىزنىڭ 2006 ـ يىل كېيىنكى يېرىم يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز. ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى بولۇشتا پوچتا ۋاكالەت نومۇرى 22 ـ 58 نى ئېيتىپ بەرسىڭىزلا مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلاردا ئىنتايىن ئاسان مۇشتەرى بولالايسىز. شۇنىڭدەك ئالاھىدە ئەسكەرتىمەكچىمىزكى، ژۇرنىلىمىز بىۋاسىتە تەھرىر بۆلۈمى ئارقىلىق مۇشتەرى قوبۇل قىلمايدۇ، شۇنداقلا كېيىنكى يېرىم يىلدىن باشلاپ پارچە سېتىش كەسپى يولغا قويۇلمايدۇ. شۇڭا مۇشتەرىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى پوچتىخانا ئارقىلىق مۇشتەرى بولۇشىنى سورايمىز.

ـــ كامالىي ئېھتىرام بىلەن: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى



# ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا بىلىم

ـ ئاپتورنىڭ يېزىلىۋاتقان «ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بىلىم» ناملىق كىتابىدىن پارچە

ئابدۇقادىر جالالىددىن

«بىلىم يوق يەردە، نادانلىق ئۆزىنى بىلىم دەپ ئاتايدۇ».

ـ بىر ئاقىلنىڭ ئاغزىدىن

بىلىش تارىخى ئىنسانىيەت ئەجدادىنىڭ دەسلەپكى بىلىشلىرىنىڭ ھەيران قېلىش، خام خىيال ۋە تۈرلۈك رەۋىشتىكى تەسەۋۋۇرلاردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. بۇنداق بولغاندا، دۇنيا ۋە ئىنساننىڭ يارىلىشى ھەققىدىكى تۈرلۈك قىسسە ئەپسانىۋى تۇسىنىڭ قانچىلىك قويۇق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىنسانلارنىڭ ئۆزى ۋە ئۆزى بىلەن ئالەم ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش توغرىسىدىكى بىلىشلىرىنىڭ يارقىن نامايەندىسى بولۇپ سانىلىدۇ. بۈگۈن تولۇلىنىۋاتقان پەن شوئارلىرى ئۆزىنىڭ ئەۋجىگە چىققان قىقاس ـ سۈرەنلىرىدە يىراق دەۋرلەردىكى ئەپسانىلەرنىڭ دەل پەننىڭ بىخى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ كېتىشكە تاس قېلىۋاتىدۇ.

## بىلىم ـ بايلىق

مۇقەددەس كىتابلاردىكى يارىلىش قىسسىلىرى بەزى ئىنچىكە چېقىش نۇقتىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا بىر ـ بىرىگە ئوخشاپ قالىدۇ. «قۇرئان كەرىم» ئۆزىدىن بۇرۇنقى مۇقەددەس كىتابلارنىڭ ئۆزى بىلەن بىر مەنبەدىن ئىكەنلىكىنى قايتا ـ قايتا تەكىتلەيدۇ. شۇنىڭدىن قارىغاندا، يارىلىش قىسسىسى ئەسلىدە بىر بولۇپ، ئېتىقاد ـ ئەقىدە تارىخىدىكى پىرقىۋازلىق ئۇرۇنۇشلىرى يارىلىش قىسسىسىنى تۈرلەشتۈرۈۋەتكەن.

يارىلىش قىسسىسىدىن مەلۇمكى، ئىنسان ھەرگىزمۇ يېگانە بىر تاسادىپىيلىق ئەمەس، ئۇنىڭ يارىلىشى ئىلاھنى، كائىناتنى ۋە كائىناتتىكى تۈرلۈك ـ تۈمەن مەۋجۇداتنى شەرت قىلىدۇ. ئىنساننىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى بىلىشى، ئىنسان بىلەن ئىلاھ، ئىنسان بىلەن كائىنات، ئىنسان بىلەن ئىنسان ھالقىلىرىدىن تۈزۈلۈپ، ھەر بىر ھالقا ناھايىتى كۆپ ساھەگە چېتىلىدۇ. يارىلىش قىسسىسىدە بىلىشنىڭ مەزكۇر ھالقىلىرى ئوبراز ۋە ھېكايە ئارقىلىق كۆرسىتىلىدۇ.

دۇنيا ۋە ئىنساننىڭ يارىلىشى ھەققىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر ھەر قايسى ئىقلىمدىكى قەبىلە ۋە مىللەتلەردە ناھايىتى نۇرغۇن. ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ قاراخان تەڭرى توغرىسىدا ئەپسانىلەر بولغان.

بۇرۇن زېمىن ۋە ئاسمان يوق ئىكەن، قاراخان تەڭرى ئۆز كاراامىتىنىڭ نىشانىسى سۈپىتىدە «كىشى»نى يارىتىپ، ئۇلۇغ بىر كۆل (دېڭىز)نىڭ ئاستىغا ماكانلاشتۇرغانىكەن. «كىشى»سۇ ئاستىدا بەك ئۇزاق ياشاپ زېرىكىپ كېتىپتۇ ۋە ئازادە بىر جايغا چىقىرىپ قويۇشنى قاراخان تەڭرىدىن ئۆتۈنۈپتۇ. قاراخان تەڭرى «كىشى»گە چامىنىڭ يېتىشچە تۇپراق ئېلىپ سۇ يۈزىگە ئېلىپ چىققىن، دەپ ئەمر قىپتۇ. «كىشى» ئېتىكىنى ۋە قوۋزىنى تۇپراق بىلەن تولدۇرۇپ، قاراخان تەڭرىنىڭ دېگىنى بويىچە، تۇپراقنى سۇ يۈزىگە قويۇپتۇ. شۇنىڭ بەلەن يەر - زېمىن ئاپىردە بوپتۇ. قوۋزىدىكى تۇپراقنى بوشلۇققا پۈركىگەنىكەن، ئۇنىڭدىن ئاسمان، كۈن، ئاي، يۇلتۇزلار ئاپىردە بوپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «كىشى» ئالەمنىڭ ئاقساقلى بوپتۇ، ئۇنىڭدىن ئەۋلادلار پەيدا بوپتۇ. ئۇنىڭ نەسلى يوقىمايدىغان بوپتۇ ① . بۇ ئەپسانە مۇقەددەس كىتابلاردىكى يارالمىش قىسسىسى بىلەن بەزى تەرەپلەردە ئوخشاپ كېتىدۇ. لېكىن ئۇنىڭدا ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ سۇ ۋە تۇپراقنى ئۇلۇغلاش ئەقىدىلىرىمۇ ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. «كىشى» تامامەن دېگۈدەك ئىنسانىي خۇي - مىجەز بىلەن سۇغۇرۇلغان، لېكىن ئۇنىڭ جىسمى كائىناتنىڭ بىر پۈتۈن قۇرۇلمىسى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن، ھەرىكىتى بولسا تەڭرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن. «كىشى»نىڭ مەۋجۇدلۇقى ۋە ھەرىكىتىدە روھىي ۋە ماددىي بارلىقنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بىردەك ئەكس ئېتىدۇ. ئەپسانە - رىۋايەتنى ئىپتىدائىي ئىلىم - پەن، دەپ قارىساق، ئۇنىڭدا يىراق ئەجدادلارنىڭ ئالەم ۋە ئادەم ھەققىدىكى قاراشلىرى مۇجەسسەم. بۇ قاراشلار خىيالىي تۈسكە باي بولغىنى ئۈچۈن ئوبرازلىق ئەكس ئېتىشكە تەييار. لېكىن خىيالىي ئوبرازلاردا ئۆزىگە لايىق ئەقلىي ئامىللار باركى، بۇ ئامىللار بىلىش جەريانىنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرىنى روشەن نامايان قىلىدۇ.

ئىنگلىز پولكلورچىسى جېمس چېرچۋارد: «قەدىمكى قۇرۇقلۇق مۇ» دېگەن ئەسىرىدە، ھىندىستان، مېكسىكا قاتارلىق جايلاردىن تاپقان تاش پۈتۈكلەردىكى ھېروگلىفلارنى يېشىش ئارقىلىق 17 مىڭ يىل بۇرۇنقى مۇ قۇرۇقلۇقىدا پۈتۈلگەن يارالمىش قىسسىسىنىڭ «تەۋرات»تىكى يارالمىش قىسسىسى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. ئاپتورنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىچە، قەدىمكى ھىندىستان، مەسىر ۋە بابىلون مەدەنىيەتلىرى ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى پارلاق مەدەنىيەتتىن قالغان بىرقانچە تال چوغ بولۇپ، مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ چۆكۈشى، گويا پارلاق ئانا مەدەنىيەتنىڭ يىتتۈشىدىن ئىبارەت ئىدى. قەدىمكى قۇرۇقلۇق مۇغا ئائىت پۈتۈكچىلەرنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، يەتتە باشلىق يىلان ياراتقۇچى، ماھىيەتلىك كۈچ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. يەتتە باشلىق يىلان يەتتە ئەقىل - ئىدراكقا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدىن كەلگەن يەتتە بۇيرۇق بىر پۈتۈن ئالەمنى روياپقا كەلتۈرىدۇ ② .

ئادەم ئۆز مەۋجۇدىيىتىنىڭ سىرلىرىغا يەتكۈسى كېلىدۇ. «مەن كىم؟ مەن نەدىن كەلدىم؟ نەگە بارىمەن؟...» دېگەندەك سوئاللار ھەر بىر ئىنساننىڭ بىلىش پىلتىسىگە يېقىلغان ئوت بوپكەلدى. ھازىرمۇ پەنلەر زامانىۋى ئۇسكۇنىلەرنىڭ ياردىمىدە ئاشۇ سوئاللارغا جاۋاب ئىزدىمەكتە. مۇ قۇرۇقلۇقىدىن ئېرىشىلگەن يارالمىش قىسسىسىدە ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ ۋاقىت قانۇنى ئېنىق ئەكس ئەتكەن بولۇپ، جېمس چېرچۋادنىڭ ئىلگىرى سۈرۈشىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار ئەنە شۇ يارالمىش قىسسىسىنىڭ ھەقدارى سۈپىتىدە، بىلىش تارىخىدىكى ئادەم - ئالەم مۇناسىۋەتلىرى توغرىسىدىكى ئەپسانىۋى يېشىمدە پېشقەدەملەردىن ھېسابلىنىدۇ.

تورونتو ئۇنىۋېرسىتېتى ئونتارىئو ئىنستىتۇتى مائارىپ تەتقىقات ئورنىدىكى كارل بېرېتېر (Carl Bereiter) «بىلىم دەۋرىدىكى مائارىپ ۋە ئاڭ» دېگەن ئەسىرىدە «ئاۋامىي نەزەرىيە» (ئىنگلىزچە folk theory) دېگەن بىر ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. كارل بېرېتېرنىڭ ئىزاھلىشىچە، ئاۋامىي نەزەرىيە پەننىي نەزەرىيە بولمىغان ئەھۋالدىكى كىشىلەرنىڭ قاراشلىرى بولۇپ، ئۇ ئاساسەن ئىپتىدائىي ئىنسانلار ھەم پەننىي مائارىپ تەربىيىسى كۆرۈشكە تېخى ئۈلگۈرمىگەن بالىلاردا بولىدۇ. ئاۋامىي نەزەرىيە تەكشۈرۈپ ئېنىقلانمىغان، سۈزۈلمىگەن ھالدا مەۋجۇد بولىدۇ. ئادەتتە، ساۋات، پسىخولوگىيىسى (commonsense Psycholog) لا ئىدىيە، خاتىرە، دەلىل، پىلان، مەقسەت ۋە پرىنسىپلارنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەگەر ئاڭ بىلەن ئوبيېكتىپ دۇنيا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت توغرا بولسا، بۇنىڭدىن بىلىم، ناتوغرا بولسا ساختا ئەقىدە ھاسىل بولىدۇ. ئاۋامىي نەزەرىيە بولسا ساۋات پسىخولوگىيىسى بىلەن ساۋاتىي بىلىش نەزەرىيىسىدىن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ ③ . بىر ساۋاتسىز دېھقان بوتانىكا ئۇقۇملىرىدىن خالىي ھالدا زىرائەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ ھوسۇل ئېلىشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالنى تېبابەت، ھۈنەرۋەنچىلىك ساھەلىرىدىن ئوخشاشلا ئۇچرىتىش مۇمكىن. يازغۇچى زۇنۇن قادىرىنىڭ «خاتىرىلەر» ناملىق ئەسىرىدە پىرىزىخان ئىسىملىك بىر موماي بار. بۇ موماي زۇنۇن قادىرىنىڭ بالىلىقىدا ئالاھىدە تەسىر قالدۇرغان شەخس سۈپىتىدە كۆڭۈل قويۇپ تەسۋىرلىنىدۇ. ئۆسمۈر زۇنۇن قادىرىي تولۇق ئالمىنى تولا يەپ، يامغۇردا قېلىپ، بىقىندا سانجىق تۇرۇپ قالىدۇ. پىرىزىخان موماي ئۇنى ئۆيىگە ئەكىرىپ بىر سىقىم تەرتەزنى يىلمان سۇغا چىلاپ، ئۇنى ماتا لۆڭگىگە سۇۋاپ، بىقىنىغا تېڭىپ قويسا، سانجىق يوقاپ كېتىدۇ. ئۆسمۈر زۇنۇن قادىرىنىڭ گېلى ئاغرىپ قالسا، موماي بارمىقىنى قازاننىڭ كۈيىسىگە سۇۋاپ، تامقىنى كۆتۈرۈپ قويسا ساقىيىپ كېتىدۇ. بۇنداق ئىش مېنىڭ بالىلىقىمدىمۇ بولغان. گېلىم ئاغرىپ قالسا ھەممىدىخان ئىسىملىك بىر مومايىنىڭكىگە باراتتىم. ئۇ بەزىدە تامقىمنى بارمىقى بىلەن كۆتۈرۈپ قوياتتى، بەزىدە مېنى بوسۇغىدا ياتقۇزۇپ، گېلىمغا بوش دەسسەپ قوياتتى، شۇنىڭ بىلەن گېلىم ساقىيىپ قالاتتى. ئۆسمۈر زۇنۇن قادىرىي يەنە پىرىزىخان مومايىنىڭ كاۋا چېچىكىنى ئۈزۈپ، باشقا پىلەكتىكى چېچەككە دۈم كۆمتۈرۈپ، بوغقۇچ بىلەن تېڭىپ يۇرگەنلىكىنى كۆرىدۇ. بۇنىڭ پەننىي جاۋابىنى زۇنۇن قادىرىي گىمنازىيىدە ئوقۇپ يۈرگەن مەزگىللىرىدە بوتانىكا دەرسىدىن ئۇنىڭ «ئاتىلىق چېچەكنى ئانىلىق چېچەك بىلەن چاڭلاشتۇرۇش» ئىكەنلىكىنى بىلگەن. ئەينى ۋاقىتتا، زۇنۇن قادىرىي مومايدىن: «بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟» دەپ سورىغاندا، موماي: «مۇشۇنداق قىلىپ قويساق كاۋا ئوخشايدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن ④ . بۇ مىساللاردىن ئۇقۇرمەنلىرىمىزگە ئاۋامىي نەزەرىيىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. خەلق ئارىسىدا ئەملەش (جىسمانىي داۋالاش)، ئىرىم قىلىش (روھىي داۋالاش)، ئوت كۆچۈرۈش، ئىسرىق سېلىش، دۇتلاش، ھورداش، قان چېكىش، ئىلغا ئېلىش، تېرىگە ئېلىش، تەرلىتىش

قاتارلىق داۋالاش ئۇسۇللىرى تا بۈگۈنگىچە داۋام قىلىپ كەلمەكتە.
يىراق ئۆتمۈشتىكى شامان ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ
قىلىقلار ئۆزىنىڭ رېئال ئۈنۈمى بىلەن كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭ ـ
گەن بولسىمۇ، هازىرغا قەدەر بىرەر ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن چۈشەن ـ
دۈرۈپ باقمىدۇق، ئەكسىچە «خۇراپات» دەپ نەزەردىن ساقىت قە ـ
لىۋەتتۇق. ماددىي ۋە مەنىۋى دۇنيادىكى ھەرقانداق نەرسە پەننىڭ
ئوبيېكتى بولالايدۇ. ئۇلارنى پەنسىز ھالدا تەتقىق قىلمـايـلا يـوق
قىلىۋېتىش، نادانلىق ئاقىۋىتىدە كېلىپ چىققان ياۋۇزلۇقتىن باشـقـا
نەرسە ئەمەس. ئەنگلىيە فىزىكا ئالىمى ۋە پەيلاسوپى مايكول پولانىي
(Michael polanyi) مۇنداق دېگەنىكەن: «هايۋانلارنىڭ مەۋجۇد ـ
لۇقىنى زوئولوگلار (هايۋانشۇناسلار) بايقىغان ئەمەس. ئۆسۈملۈكنىڭ
مەۋجۇدلۇقىنى بوتانىكلار (ئۆسۈملۈكشۇناسلار) بايقىغـان ئـەمـەس.
زوئولوگىيە ۋە بوتانىكىنىڭ ئىلمىي قىممىتى پەقەت ئۇنىڭ پەندىن
ئىلگىرىكى ئىنسانلارنىڭ هايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرگە بولغان قىزىـ
قىشىنىڭ داۋامى بولغانلىقىدا» ⑤ . بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئانىمىزم
(ھەممە نەرسىدە روھ بار دەيدىغان قاراش. ـ ئا) تۈسىدىكى دۇنيا
قاراش بۈگۈنكى پەن نۇقتىسىنەزەرىدە بىر خىل روھانىيلىق بولسىمۇ،
پەن بەربىر ئەنە شۇنداق دۇنيا قاراشلارنىڭ بالىياتقۇسىدا ئاستا ـ
ئاستا يېتىلگەن تۆرەلمە ئىدى. پەن تارىخچـىـسـى ۋ. س. دامـپـېـر
(W. C. Dampier) «پەن تەبىئەت هادىسىلىرى توغرىسىدىكى تەر ـ
تىپلىك بىلىم بولۇپ، ئۇ، تەبىئەت هادىسىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ھەر
خىل ئۇقۇم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئەقلىي يوسۇندا تەتقىق
قىلىدۇ» ⑥ دېگەنىدى. تەرتىپلىك بىلىم شەكىللىنىشتىن بۇرۇن ئۇ ـ
نىڭ سىستېمىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگۈچى جۇزئىي ئامىللار شەكىل ـ
لەنگەن بولۇشى كېرەك. بۇ ئامىللار ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ تۇرمۇ ـ
شىدا، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئادەملەرنىڭ دىنىي مۇراسىملىرىدا، تەبىئەت
ۋە هاياتلىق ھەققىدىكى قاراشلىرىدا ئىستىخىيىلىك ھالدا سادىر بو ـ
لىدۇ. دامپېر «پەن تارىخى» دېگەن كىتابىدا پېرىخونلۇق، دىن ۋە
پەنلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە توختىلىپ، بەزى ئىنسانشۇناسلارنىڭ
پىكرىنى بايان قىلىپ ئۆتىدۇ. ئۇلارچە «پېرىخونلۇق بىر جەھەتتىن
دىنغا ئېلىپ بارىدۇ، يەنە بىر جەھەتتىن پەنگە ئېلىپ بارىدۇ» ⑦ .
شامانىزم قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىغا نىسبەتەن بىر
خىل بىلىش شەكلى سۈپىتىدە، ئۇلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش
شەكلىگە هازىرغا قەدەر ئۆچمىگەن چوڭقۇر تەسىرلەرنى قالدۇرغان.
ئەينى دەۋرلەردىكى شامانلار ۋە باقشىلار ئۆز دەۋرىگە يارىشا بىلىم
ئادەملىرى بولۇپ، تەبىئەت ۋە ئىلاھ بىر ـ بىرىدىن بۆلۈنگەن ھالدا
ئەمەس، بەلكى بىر پۈتۈن ھالدا ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىدىن ئورۇن
ئالغانىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەت، روھىيەت ۋە جەمئىيەتكە قارىتا بىلىش
شەكىللىرى بارلىق شەرق ئەللىرىدىكىگە ئوخشاشلا ھېكايەت تۈسىگە
ئىگە. پىكىرلەر ئارىستوتېلچە مەنتىقە ئىزچىللىقىدا ئوتتۇرىغا چىقماس ـ
تىن، ھېكايىنىڭ ھەممە بۆلىكىگە قاندەك سىڭىشىپ كېتىدۇ. ئۇيغۇر
پەلسەپە تارىخىغا قارايدىغان بولساق، ئۇيغۇر دۇنيا قاراشلىرى ئۆزىگە
خاس ئېتنىك تەركىبلەردىن تاشقىرى ئەجەم، ئەرەب ئامىللىرى بىلەنمۇ
يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن. ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىغا كەڭ تارقالغان «جەمـ
شىدنامە»دە مۇنداق بىر ھېكايەت بار: كۈنلەرنىڭ بىرىدە نۇھ ئە ـ
لەيھىسسالام بىر يەردە ياتقانىدى، ھەزرىتى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ
مۇبارەك كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ چاغدا ئىشتان كىيىش ئادىتى يوق
بولۇپ، ئالدىغا لاتا تارتىۋالاتتى. شامالدا لاتا قايرىلىپ قېلىپ، نۇھ
ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋرىتى ئېچىلىپ قالدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۈچ
ئوغلى ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ھەزرىتى
يافەس كۆزىنى ئېتىپ ئۆتۈپ كەتتى، ھەزرىتى سام بىر قولى بىلەن
كۆزىنى ئېتىپ، يەنە بىر قولى بىلەن لاتىنى تارتىپ ئەۋرەتنى يېپىپ
قويۇپ، ئۆتۈپ كەتتى. هام دېگەن ئوغلى مەسخىرە قىلىپ: «ئوھوي،
ئېچىلىپ قاپتۇ»دەپ ئۆتۈپ كەتتى. شۇ چاغدا نۇھ ئەلەيھىسسالام
ئۇيقۇدىن بىدار بولۇپ، بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ ئىچىدە قاتتىق غە ـ
زەپلەندى. ئۇ يافەسكە: «سېنىڭ ئەۋلادىڭ پادىشاھ بولسۇن» دەپتۇ،
سامغا: «سېنىڭ ئەۋلادىڭ ھەم پادىشاھ، ھەم پەيغەمبەر بولسۇن»
دەپتۇ. هامغا: «سېنىڭ ئەۋلادىڭ قۇل ۋە چۆرە بولسۇن» دەپتۇ.

ئۇيغۇر تارىخچىسى موللا مۇسا سايرامىي ئۆزىنىڭ «تـارىـخـي
ھەمىدىي» ⑧ دېگەن ئەسىرىدە تارىخنىڭ بېشىنى نۇھ ئەلەيھىسسا ـ
لامدىن باشلايدۇ. ئۇ تۈركىي خەلقلەرنى يافەسكە باغلايدۇ، بابىل،
يەمەن، ئۇممان، ئىراق، ئىران ئەللىرىنى سامغا باغلايدۇ، ئافرىقا ۋە
ھىندىستان ئەللىرىنى هامغا باغلايدۇ. يازما تارىخلاردىكى ئەھۋاللار
نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى ئاساسەن ئىسپات ـ
لىغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما بىز يازما تارىخلاردىكى تارىخىي ھەق ـ
قەتلەرنىڭ مۇتلەق ئەمەسلىكىنى ياكى ئىنسانلارنىڭ قەلىمىدىن چىققان
تارىخنىڭ ئىنسانچە ئاجىزلىق ۋە سەۋەنلىكلەرگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى
نەزەردە تۇتساق، موللا مۇسا سايرامىينىڭ بايانلىرىدا تەجرىبـىـدىن
هالقىغان ئەپسانىۋى تۈسنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىمىز. بىز يۇقىرىقى
ھېكايەتتىن مۇنداق بىر مەسىلىنى ـ بىر ئىشقا تۇتۇلغان ئۈچ خىل
پوزىتسىيىنى ۋە شۇ پوزىتسىيە تۈپەيلى كېلىپ چىققان ئوخشىمىغان
نەتىجىنى كۆرىمىز: يافەس هايا بىلەن ئۆتۈپ كەتتى، بۇ هايا پادى ـ
شاھلاردا بولۇشقا تېگىشلىك دىيانەتتىن نىشان ئىدى. سامـدا هـايـا
بولۇش بىلەن بىرگە تەدبىرمۇ بار ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئەۋلادىغا پا ـ
دىشاھلىق سەلتەنىتى بىلەن پەيغەمبەرلىك ھېكمىتى بۇيرۇلدى. هام
ئۆزىنىڭ هاياسىزلىقىغا يارىشا قۇللۇق تەقدىرىگە بۇيرۇلدى. بىز بۇ
ھېكايەتنى تارىخىي رېئاللىقتىن ئايرىپ مۇھاكىمە قىلساق، كىشىلەر ـ
نىڭ شەيئىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى قانداق بولسا، شۇنىڭغا مۇناسىپ
تەجرىبە، بىلىم ۋە تەقدىرگە ئېرىشىدۇ، دېگەن ئەقلىي يەكۈنگە
ئىگە بولىمىز. بۇ يەكۈن فرانسىيە مۇتەپەككۇرى رېنې دېـكـارت
(1560 - 1596 Rene Descartes) نىڭ يانداش بىر ھۆكۈمىنى
ئېسىمىزگە سالىدۇ: «پاراسەت ھەممە ئادەمدە ئوخشاش. شۇڭا، پە ـ
كىردىكى ئىختىلاپلار بىراۋنىڭ يەنە بىرسىدىن ئەقىللىق بولۇشىدىن
كېلىپ چىقمايدۇ، بەلكى پىكىر يولىمىزنىڭ ئوخشىماسلىقى ياكى پە ـ
كىرنىڭ ئوخشاش بىر سەۋەبكە قارىتىلمىغانلىقىدىن بولىدۇ» ⑨ . نۇھ
ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرزەنتلىرى بىر مەسىلىگە ئوخشىمىغان ئىنكـاس
شەكىللىرى بىلەن مۇئامىلە قىلدى ھەم شۇ تۈپەيلى ئوخشىـمـىـغـان
نەتىجە ۋە قىسمەتكە ئىگە بولدى. يۇقىرىقى ھېكايەت بىلەن دېكارت ـ
نىڭ سۆزىدە نەتىجە بىلەن سەۋەب ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش ئىلگىرى
سۈرۈلگەن. لېكىن ئۇلارنىڭ بىرى ئوبراز شەكلىدە، بىرى ئىدراك
شەكلىدە بولۇپ، بۇلاردىن شەرق ۋە غەربنىڭ تەپەككۇر ئەنئەنىسى

مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. بۇلارنىڭ بىرى قەلەمدىن ئۆتكەن ۋەقە، يەنە بىرى ۋەقەدىن كەلتۈرۈلگەن يەكۈن. ۋەقەدىن ئەقلىي يەكۈن چىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولمىغان ئادەملەر يۇقىرىقى ھېكايەتنى قانچە ئوقۇسا ئىبرەت ئالالمايدۇ. ئەقلىي يەكۈننى تۇرمۇشتىكى ۋەقەگە تەتبىقلىيالمايدىغان ئادەم ئۈچۈن دېكارتنىڭ سۆزى ئەھمىيەتسىزدۇر. نەقىل بىلەن ئەقىل ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى باغلىنىشنى تاپالىغان ئادەم ئۈچۈن ھايات مەنا ۋە ئىبرەت بىلەن تولغان بولىدۇ. ھېكايەت ھېكمەت بىلەن يۇغۇرۇلغان ۋەقە، ھېكمەت بولسا ۋەقەلىكى چىقىرىۋېتىلگەن ھېكايەت. شۇڭلاشقا، شەرق دانىشمەنلىرىگە غەرب پەلسەپە ئەندىزىسى بويىچە باھا بەرگىلى بولمايدۇ. لېكىن سېلىشتۇرما ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ. ئەگەر بىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دۇنيا قارىشىنى ۋە بىلىش ئۇسۇللىرىنى، جۈملىدىن ئۇيغۇر بىلگە بىلىمچىلىكى（维吾尔认识论 Uyghur Epistemology）نى تەتقىق قىلماقچى بولىدىكەنمىز، ئۇنداقتا، ئەپسانە - رىۋايەتلىرىمىزگە، دىنىي ئېتىقاد شەكىللىرىمىزگە، ئاغزاكى ۋە يازما ۋەسىقىلىرىمىزگە، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىگىلىك تارىخىمىزغا، قول ھۈنەرۋەنچىلىكىمىز ۋە قۇرۇلۇش ئەنئەنىمىزگە مۇراجىئەت قىلماي تۇرالمايمىز. شۈبھىسىزكى، بىز بۇلارسىز ھالدا ئۇيغۇر پەن تارىخىنى ياكى ئوتتۇرا - مەركىزىي ئاسىيا پەن تارىخىنى يېزىپ چىقالمايمىز.

دىيارىمىزدىكى ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلار ئوتتۇرا - مەركىزىي ئاسىيا پەن تارىخىنىڭ تۈرغۇزۇلۇشىغا بىۋاستە تۈرتكە بولغۇسى. ۋەھالەنكى، بىز ھەرقايسى تارىخىي دەۋرگە ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار بىلەن تولۇق تونۇشۇپ چىقىشقا ئۈلگۈرمىدۇق. تارىخنى ئىدېيولوگىيىلىك ئېھتىياج ئۈچۈنلا ئىزاھلاش، ئارخېئولوگىيىدىن ئىبارەت بۇ ئىلىمنىڭ ئۈستقۇرۇلمىلىق تۈسىنى زىيادە قويۇقلاشتۇرۇۋەتتى. بىز بىر قىسىم ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلاردىن پەقەت خرونولوگىيىلىك تارىخنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمىنى يېشىشتە ئاز - تولا پايدىلاندۇق. بىزدە تېخى پەن تارىخى، ھۈنەر - سەنئەت تارىخى، دېھقانچىلىق تارىخى، باغۋەنچىلىك تارىخى دېگەنلەردەك مەخسۇس ساھەلەر بويىچە يېزىلغان تارىخلار بولغىنى يوق. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇيغۇر مەدەنىيەت قاتلىمى ۋە ئىدېيولوگىيە قاتلىمىنى تارىخىي ئىدىنەنلىك تەلىپى بويىچە يورۇتقىلى بولمايدۇ. دىيارىمىزدىكى ئىلىم مەركەزلىرى بۇنداق ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشتىن ھازىرچە يىراق.

پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۆزىنىڭ ئاياغلاشتۇرۇشقا ئۈلگۈرمىگەن ئەسىرى «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»دا، ئوتتۇرا - مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ كونا ۋە يېڭى تاش قوراللار دەۋرى ھەمدە مىس، تۆمۈر دەۋرىدىكى مەدەنىيەتلىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىدۇ. «ئانا ساي - يەنسەي ۋە ئەنقار (ئەنگار) ۋادىلىرىدا كونا - يېڭى تاش قوراللار دەۋرى تۇتاشقان دەۋرگە ئائىت تاش سۆڭەك قوراللار ۋە تاشلاردىن ياسالغان ئوچاق، كۆل قاتلىمى،جۈملىدىن بۇغا مۈڭگۈزىدە يېپىلغان كەپە تېپىلغان»⑩ دەپ بايان قىلىدۇ. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئارقىدىنلا بۇ خىل تىپتىكى مەدەنىيەتنىڭ ئالتاي، جەنۇبىي بايقال، ئورخۇن ۋادىلىرىدىنمۇ تېپىلغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. بۇنداق بايقاشلار خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، غۇلجا، ئۈرۈمچىلەردىمۇ كۆپ بولغان. ئاپتور يەنە ساك - سكىفلار ھەققىدە توختىلىپ: «سكىفلار مەشھۇر ئالتۇن - مىس ھۈنەر سازلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىزىدىن - جەنۇبىي سىبىرىيە، شىنجاڭ، يەتتىسۇ، ماۋەرائۇننەھر، ئۇرال ۋە قارا دېڭىز ساھىلىدىن ئۇرغۇنلىغان ھايۋاننىڭ خىرىسچان ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن مىس - ئالتۇن بۇيۇملار تېپىلدى»⑪ دەپ يازىدۇ. «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتابنىڭ ساكلار توغرىسىدىكى بايانلىرىدا ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىگە دائىر گەپلەرمۇ بار: «غەربىي يۇرتتىن تېپىلغان باشاقلارنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، برونزىدىن ياسالغان باشاقلارنىڭ ساپ تۆشۈكىگە تۆمۈردىن ياسالغان ھالقا بېكىتىلگەن. بۇ تۆمۈر ھالقا باشاق سېپى بىلەن باشاقنى چىڭ تۇتاشتۇرۇش رولىنى ئۆتىگەن»⑫. تارىخچى ئەنۋەر بايتۇرمۇ ھونلارنىڭ مەدەنىيىتى ئۈستىدە توختىلىپ، بۈگۈنكى كۈچا، خوتەن قاتارلىق جايلاردىن تۆمۈر، مىس، كۈمۈش، قوغۇشۇن، قاشتېشى قاتارلىق مەدەنلەرنىڭ چىققانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ⑬. تارىخچىلار ساكلار مەدەنىيىتىنىڭ مىلادىدىن ئاۋۋالقى 5 - 7 - ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ دەۋرلەر ئەجدادلىرىمىزنىڭ كىمياگەرلىك بىلىمىنىڭ نامايان بولۇپ، تۇرمۇش ۋە جەڭلەردە تۆمۈر، مىس قاتارلىق مېتاللارنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرغان دەۋر بولدى. پەن تارىخچىلىرى خىمىيە ئىلمىنىڭ تارىخىنى تاش قوراللار دەۋرىدىن باشلاندى، دەپ جەزملەشتۈرىدۇ⑭. شۇنداق بولغاندا، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز تاش ۋە مېتاللارنىڭ خىمىيىلىك، فىزىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە تونۇپ يېتىپ، ئۇنىڭ خىمىيىلىك رولىدىن پايدىلىنىپ تۇرمۇشقا كېرەكلىك قوراللارنى ياساپ، دۇنياۋى مەدەنىيەتنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى مۇنبىرىدە مۆتىۋەرلەردىن بولغاندى. ئەجدادلىرىمىز ئەينى دەۋرلەردە كەشپ قىلغان تۇرمۇش قوراللىرى ئۆزلىرى تۇرغان مۇھىتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ھەمدە ئۆز دەۋرىگە مۇناسىپ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيەتنى چىقىش قىلغان بولۇپ، ئەينى دەۋرنىڭ تەپەككۇرى، ئەقىل - پاراستى، بىلىمى ۋە بۇ بىلىملەرنىڭ قاتلىمىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مەلۇمكى، بىلىم تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىدۇ، قاتلىمىنى كۆپەيتىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۆز نۆۋىتىدە مىللەتلەرنىڭ تەپەككۇرى ۋە بىلىم بايلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئىستىرېلكا بولۇپ، بىز مەدەنىيەت تارىخىمىزغا قارىتا بىلىمشۇناسلىق نۇقتىسىدىن سىستېمىلىق مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشتىن بەك يىراقتا تۇرۇۋېتىمىز. ئۇيغۇرلاردا ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن ۋە كېيىن تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ساھەلىرىگە تۇتىشىدىغان ئەمەلىيەتچان بىلىم ئەنئەنىسى بولغاندى. بىز بۇ خىل ئەنئەنىنىڭ نامايەندىلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىشكە يۈزلەندۇق. ئەۋلادلىرىمىز ئۇلارنىڭ ئىلىم - پەن تارىخىدىكى تۆھپىلىرى بىلەن ناتونۇش. ئەگەر بىز ئۇلاردىن بىرقانچە سىيمانى غىل - پال ئەسلەپ ئۆتسەكلا، خىرەلىشىپ كەتكەن ئاشۇ قىممەتلىك ئەنئەنىنى جىددىي تىرىلدۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى تونۇپ يېتىمىز:

كومراجىۋا (344 - 413) - ئۇيغۇر بۇددىزم دەۋرىدىكى پېداگوگ، مۇتەپەككۇر ۋە تەرجىمىشۇناس. ئىنچىكىلەپ كىرگەندە، كومراجىۋا دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ ئەندىزىسى ۋە مەزمۇنىغا دائىر بىلىشلەرگە، نوم تەرجىمىچىلىكىدىكى ئۇسلۇب ھەمدە ئۇيغۇر تەرجىمىچىلىك نەزەرىيىسىنىڭ ئەينى دەۋرگە خاس يۈنىلىشىگە دائىر بىلىشلەرگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. لېكىن بىزدە بۇنداق ئىنچىكە، سىستېمىلىق تەتقىقات يوق.

سۇجۇپ ـ ملادى 6 ـ ئەسىرلەردە ئۆتكەن ئۇيغۇر مۇزىكشۇناس. ئۇ «12 تېمپىلىق كۇي قانۇنى»نىڭ نەزەرىيە ئاساسىنى يارىتىپ، ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ كېيىنكى راۋاجىغا ھەتتا جۇڭگو مۇزىكىچىلىقىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن. سۇجۇپ ئەنئەنىسى بىزدە كۇي بولۇپ، كۇيشۇناسلىق بولماسلىقتەك سەلبىي ئەنئەنىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە، شۇنداقلا ھازىرقى زامان يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈشكە تېگىشلىك ئەنئەنە.

ئەل ئۇقمىش (? ـ 1314) ـ ئۇيغۇرلاردىن چىققان دېڭىزچى، شۇنداقلا قۇبلەيخان ئوردىسىدا تۇرغان دۆلەت ئەربابى. ئۇ، قۇبلەيخاننىڭ يارلىقى بىلەن سىرىلانكا، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە دېڭىز سەپىرى قىلىپ، بۇ سەپەرنى 20 يىل داۋاملاشتۇرغان. بۇ جەرياندا ئۆتكۈر سىياسىي پىكىرلىك دىپلوماتىقىمۇ ئايلانغان. ئەل ئۇقمىشنىڭ دېڭىز سەپىرى جېڭ خېنىڭ دېڭىز سەپىرىدىن 100 يىل، ياۋروپالىقلارنىڭ دېڭىز سەپىرىدىن 200 يىل بالدۇر بولغان. ئەل ئۇقمىش، بېيجىڭ شەھىرىنىڭ خانبالىق لايىھىسىنى تۈزگەن ئەختەرىددىن، بېيجىڭدا تەتقىقات بىلەن ئۆتكەن ئاسترونوم جامالىددىن، دېھقانچىلىق ئالىمى لۇمىڭشەن (تۆمۈر تۇۋرۇك) قاتارلىق ئالىملار، سىياسىيونلار ۋە دۆلەت ئەربابلىرى بىرگە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر پاراسەت قۇۋۋىتىنىڭ يۇلتۇزلار تۈركۈمىنى شەكىللەندۈرگەندى.

لۇمىڭشەن (تۆمۈر تۇۋرۇك) 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 14 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن يېزا ئىگىلىك ئالىمى. ئۇ «يېزا ئىگىلىك بىلىملىرىدىن ئاساسلار» دېگەن كىتابنى يېزىپ، ئۇيغۇر دىيارى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى دېھقانچىلىق ئەنئەنىسىنى ئۆرنەك قىلىپ، شۇ دەۋرنىڭ يېزا ئىگىلىكى ئېھتىياجى ئۈچۈن پايدىلىق نۇرغۇن كۆرسەتمىنى ئوتتۇرىغا قويغان. كىتابتىكى زىرائەت تۈرلىرى، مېۋە تۈرلىرى، ئوتياش تۈرلىرى، دورا ئۆسۈملۈكلىرى، ھەسەل ھەرىسى بېقىش، ئۆي ھايۋانلىرى بېقىش، پىلىچىلىك، ھاۋارايى، سۇ ئىنشائاتلىرىغا دائىر تېخنىكىلىق مەسلىھەتلەر ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئىلغار ئىدى. ئاپتور يەنە ئۇيغۇرلاردىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە كىرگەن بېدە، پىياز، سەۋزە، زىغىر، ئانار، ياڭاق، پۇرچاق، كېۋەز قاتارلىق زىرائەتلەر توغرىسىدىمۇ ئالاھىدە توختالغان.

ئەلخارەزمىي (ملادى 850 ـ 780): خارەزم ئۇيغۇرلىرىدىن كېلىپ چىققان ئاسترونوم، ماتېماتىك، گېئوگراف. ئۇ ئەرەب، پارس، سانسكرىت، گرېك تىللىرىنى بىلگەچكە گرېك، ھىندى ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن چوڭقۇر تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن. ئۇ باغدادتا «بەيتۇل ـ ھېكمە» (دانالار سارىيى)»دە ئىشلەپ، نۇرغۇن ئالىمنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. ئۇ «مۇختەسەر سىندى ھىند» («ھىندى رەقەملىرى ھەققىدە قىسقىچە كىتاب»)، «ئەلجەبىر ۋە مۇقەبەلە» («تەڭلىمە ۋە ئەسلىگە قايتۇرۇش كىتابى ـ ئالگېبرا»)، «ئاسترونومىيىلىك جەدۋەل»، «قۇياش سائىتى ھەققىدە رىسالە»، «يەرنىڭ سۈرىتى»، «يەھۇدىيلار تارىخى ۋە ئۇلارنىڭ بايراملىرىنى بەلگىلەش» قاتارلىق كۆپ قىرلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. ئەلخارەزمىي تەڭلىملەرنى تۈزۈش ۋە يېشىش قائىدىلىرى، مەنپىي ۋە مۇسبەت سانلار، ھىندى رەقەملىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى، نۆلنىڭ ماتېماتىكىدىكى رولى قاتارلىق بىر قاتار ئىلىم مەسىلىلىرىنى شەرھلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ «ئالگورىزم ئارىفمېتىكىسى» دېگەن نامنى دۇنيا ماتېماتىكا تارىخىغا نەقىشلىدى.

ئۇلۇغبېك (1449 ـ 1394) ـ پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىننىڭ سۈپەتلىشىچە، ئۇيغۇر «كەنجى ئويغىنىش دەۋرىنىڭ مۇتەپەككۇرى، ئاسترونوم ۋە سىياسىيون». ئۇ «تۆت ئۇلۇس تارىخى»، «زىجى جەدىد گۆرە گانى» («يېڭى ئاسترونومىيىلىك جەدۋەل») قاتارلىق ئىلمىي كىتابلارنى يېزىپ قالدۇرغان. ئۇلۇغبېك يەنە سەمەرقەندتە ئۆز نامىدا مەدرىسە ۋە رەسەتخانىلارنى بەرپا قىلغان بولۇپ، ئۇلۇغبېك شۇ چاغدا شەكىللەنگەن ئىشانىزم گۇماشتىلىرىنىڭ سۇيىقەستى بىلەن ئۆز ئوغلىنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئۇ سالدۇرغان رەسەتخانا بولسا، جاھالەت كۈچلىرى تەرىپىدىن كۆيدۈرۈلىدۇ. بۇنى نوبېل فىزىكا مۇكاپاتى ساھىبى، پاكىستانلىق فىزىكا ئالىمى، دوكتور ئابدۇسسالام ئوتتۇرا ـ مەركىزىي ئاسىيا خەلقىنىڭ بېشىدىكى بەخت ـ سائادەت قۇشىنىڭ ئۇچۇپ كېتىپ، زالالەت دەۋرىدىن دېرەك بەرگۈچى پاجىئە، دەپ باھا بەرگەنىدى.

بىز فارابىي، مەھمۇد كاشغەرىي، بىرۇنىي، ئىبنى سىنا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتارلىقلارنىڭ ئاۋامغا تونۇش نام ـ شەرىپىنى تىلغا ئېلىپ ئولتۇرمىدۇق. ئۇلارنىڭ تۆھپىلىرى بىلىمشۇناسلىق ياكى پەن نۇقتىسىدىن باھالانمىسىمۇ، كىشىلەر ئۇلارنى ئىلىم چولپانلىرى سۈپىتىدە زاتەن ئەمەس، ئاتەن ھالدا تونۇيدۇ.

ئەگەر بىز يۇقىرىقى ئالىملارنى ئىنسانپەرۋەرلىك خاھىشلىرى بىلەن سۇغۇرۇلغان ئەخلاقىي تېمىدىكى ھېكايەتلەر ۋە قىسسىلەرگە، ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ ئاھۇ ـ زارى بىلەن تولغان داستانلارغا، ۋەھدەتكە ئىنتىلگۈچى شېئىرىيەت لاتاپەتلىرىگە تولغان ئەنئەنىمىزگە پاراللېل قويساق، تەبىئەت ۋە ھۈنەر ئىلىملىرىگە مايىل سەمەرىلىك ئەنئەنىمىزنىڭ غايىب بوپكەتكىنىدىن ئۆكۈنمەي تۇرالمايمىز. تەبىئەت، ئىلاھىيەت، سەنئەت، جەمئىيەت ۋە پاساھەت ئىلىملىرى بىر ـ بىرىگە زىت ئەمەس ئىدى، لېكىن بىز زىت ھالدا چۈشىنىپ، ئىلىملەرنى يېتىم قويدۇق. ئىلىملەر ئاستا ـ ئاستا يىگىلەپ، مەنىۋى گادايلىقىمىز مىسلىسىز پاجىئەلىك تارىخنىڭ ھامىيسى بوپقالدى. ئۇلۇغبېكنىڭ پاجىئەسى ھەرگىزمۇ بىر ئالىمنىڭ پاجىئەسى بولماي قالدى، بەلكى ئۇ شۆھرەتلىك تارىخلارنى قالدۇرغان ئوتتۇرا ـ مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ گۇمراھلىق دەۋرىگە كىرىپ، كىشىلىك ئىززىتىنىڭ ۋەيران بولۇشىدىن دېرەك بېرىدىغان پاجىئە بوپقالدى.

بىز ئۇلۇغبېكتىن كېيىن دۇنيا جامائەتچىلىكى سۆيۈنگىدەك تەبىئەت ئالىملىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقالمىدۇق. بىر بولسا تارىخىمىز ئۇ خىل كىشىلەرگە كورلۇق قىلدى. نەتىجىدە، بىز ئۇلارنى ئۇنتۇپ كەتتۇق؛ بىر بولسا زەئىپ تەپەككۇرىمىز ياراتقان تارىخنىڭ ئەمەلىيىتى شۇ. بۇنىڭدا كېيىنكى ئېھتىماللىقنىڭ ئوبيېكتىپلىقى يۇقىرى بولسا كېرەك. بۇ ھەقتە ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ خارابلىشىشى، فېئوداللىق بېكىنمە ھالەت تۇپەيلى نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ئەۋزەللىكىنى يوقاتتۇق. ئۇلۇغبېك ۋاپاتىدىن كېيىن ئەدەب ـ شائىرلىقتىن باشقا بىزدە ئالەمشۇمۇل تەبىئەت ئالىملىرى چىقمىدى. مەنىۋى مەدەنىيەت خەزىنىمىز ھېسسىي سەنئەت ۋە ئەدەبىياتنى بىردىنبىر ئىپتىخار پەللىسى قىلىشقا مەجبۇر بولدى. قولىمىزنىڭ يەتكىنى ئۇسسۇل، دېمىمىزنىڭ يەتكىنى ناخشا بولدى. شۇ زامانلاردىكى ناخشا ـ غەزەللىرىمىزگە بىر قاراپ كۆرەيلىچۇ، ئاساسلىقى ‹ۋاھ، دەرىخا› دېگەندەك نالەشتىن يىراقلاشمىدى. بىز ‹ئېتنولوگىيىلىك

مىللەت» كاتېگورىيىسىدىكى «ناخشا ـ ئۇسسۇل مىللىتى»، «شېئىرىيەت مىللىتى» بولۇپ قېلىۋەردۇق. بوياقچىدىن ئارتۇق خىمىك، تۆمۈرچىدىن ئارتۇقراق فىزىكلىرىمىز بولمىدى ... سەنئەتتە داڭق چىقارغان، سەنئەتكە يۈلىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان سىگانلارنىڭ ئاقىۋەتتە يۇرت ـ ماكانسىز جاھان كېزىپ، تىلەپ ـ تېرىپ ياشاشقا چۈشكەن لاماكانلىقى بىلەن، تارىخ بورانلىرىدا چېچىلىپ، جەڭ ـ جېدەللەردە قىرىلىپ ھالى قالمىغان يەھۇدىيلارنىڭ نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ۋە ئۆتكۈر پەنلەرگە بولغان يۈكسەك ئېتىبارىدىن «ئالىملار مىللىتى»، «قۇدرەتلىك زامانىۋى مىللەت» كامالىتىگە يەتكەنلىكىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرمىدۇق» (مەسئۇل مۇھەررىردىن قوشۇمچە) ⑮ دېگەندى ئېچىنىش بىلەن.

ئەگەر بىز ئۇيغۇر ھۈنەر ـ كەسىپ رىسالىلىرىگە قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭدا ھۈنەر ـ كەسىپنىڭ قائىدىلىرى تەرەپتىكى ئىلمىي بايانلارنىڭ ناھايىتى ئازلىقىنى ھېس قىلىمىز. بۇ رىسالىلەر ئايەتلەر بىلەن توشۇپ كەتكەن. ئەگەر بىز بۇ ئايەتلەرنى ئىسلامىيەتنىڭ تارىخى ۋە ماھىيىتى بىلەن باغلاپ قارىساق، كۆپ ھالدا ئۇ ئايەتلەرنىڭ ئۇنداق يەرلەردە ئىشلىتىلمەسلىكى لازىملىقىنى بىلىپ يېتىمىز. ھۈنەر ـ كەسىپلەر ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار بىلىملەرگە تەۋھىد ئىلمىنىڭ يېتەكچىلىك قىلىشى، ھۈنەر ـ كەسىپلەرنى مۇكەممەل ئەخلاقىي ئاساسلارغا ئىگە قىلىدۇ. ئەمما ھۈنەر ئىلمى ئۆز ئوبيېكتىنىڭ ماددىي خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالماي، نوقۇل روھانىي نەرسىگە ئايلىنىپ قالغاندا، ئاخىرى بېرىپ يەنە شۇ ئۇممەتلەرنىڭ رېئال مەنپەئىتى ئۈچۈن پايدىسىز بولىدۇ. ھۈنەر ـ كەسىپ رىسالىلىرىمىزدە ھۈنەرنىڭ ئۆزىگە ئائىت بىلىم تەركىبلىرىنىڭ ئازلاپ كېتىشى، تىرىكچىلىك ۋە ئىبادەتتىكى ئەمەلىيەتچان پوزىتسىيىنىڭ رېئاللىق بىلەن ھېسابلاشمايدىغان روھانىيلىققا ئالمىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

مىلادى 16 ـ 17 ـ ئەسىرلەر غەرب ۋە شەرق خەلقلىرىنىڭ تەقدىرى ۋە ئىجتىمائىي ئورنىدا جىددىي ئالمىشىش يۈز بەرگەن دەۋرلەر بولدى. بۇ دەۋرلەردە ياۋروپا ئەللىرىنىڭ يۇلتۇزى پارلاپ، مۇسۇلمان ئەللەرنىڭ، جۈملىدىن ئوتتۇرا ـ مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ يۇلتۇزى ئۆچۈشكە باشلىدى. گەرچە «قۇرئان كەرىم» چۈشەنگىلى بولمايدىغان روھىيەت، ئاخىرەت مەسىلىلىرىنى تەكىتلىمەي، ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى ھالال بىلەن ھارام، ياخشى بىلەن يامان، گۈزەل بىلەن رەزىل ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئايرىشتىن ئىبارەت رېئال، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى تەكىتلەپ، پايدىسىز بىلىملەردىن ساقلىنىشنى تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ، ئۆلىمالارنىڭ دىققىتى جەننەتنىڭ دەرىجىسى، پەرىشتە، شەيتان، خۇدانىڭ سۈپەتلىرى دېگەندەك مەۋھۇم مەسىلىلەرنى ئەپلاتونىزم خاھىشلىرى بىلەن يۇغۇرۇپ تەلقىن قىلىش بىلەن بوپكەتتى ھەم كۆز ئالدىدىكى دۇنيانىڭ كۈچ ۋەزىيىتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى سەزمىدى. سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئىنقىرازىدىن كېيىنكى بىزنىڭ زەبۇن ھالىتىمىز ۋە ھىندىستاندىكى بابۇرىيلار سەلتەنىتىنىڭ ئەنگلىيىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىشى، ماھىيەتتە تەپەككۇر ۋە بىلىم ئاجىزلىقىدىن كېلىپ چىققان قىسمەتلەردۇر.

كېيىنكى قىسمەتلەرنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىر پۈتۈن تارىخنى نەزەردە تۇتقاندا، ئۇيغۇرلار ئۆزى ياشىغان ئىقلىم ۋە تارىخىي ۋەزىيەتكە ماس ھالدا مول مەدەنىيەت مىراسلىرى، ئەقىل ـ پاراسەت جەۋھەرلىرى ۋە بىلىم بايلىقلىرىنى ئىنسانىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى خەزىنىسىگە قوشقان قەدىمىي مىللەتتۇر. بىز ئۇنى تېخى قېزىپ بولالمىدۇق. نەچچە مىڭ يىللىق ئىختىرا ۋە كەشپىيات ئەنئەنىسى ئۇيغۇرلاردا بىلىم ـ مەرىپەت توغرىسىدىكى ئىدېئال ھەم رېئال چۈشەنچىلەرنى، دىداكتىك سۆزلەرنى شەكىللەندۇرگەن، ھەتتا بىلىم توغرىسىدا پادىشاھلار دەستۇرى شەكلىدىكى «قۇتادغۇبىلىك»كەبىي دۇنياۋى يىرىك ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن.

كۈندىلىك ئالاقىمىزدا ئىشلىتىلىۋاتقان ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىگە سەپسالساق، بىلىم مەسىلىسىنى تۈرلۈك نۇقتىدىن يورۇتۇپ بېرىدىغان جەۋھەرلەرنى ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن:

ئادەم بىلگەننى ئادەم بىلىدۇ،
ئادەم ماڭغان يولدىن ئادەم ماڭىدۇ.

بۇ تەمسىلدە بىلىمنىڭ ئانتروپولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى گەۋدىلەنگەن بولۇپ، ئىنسان تەپەككۇر ئورگانلىرىنىڭ بىلىش قۇۋۋىتىدە ئىرقىي، مىللىي پەرقنىڭ بولمايدىغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن.

ئادەمنى بىلىم يورۇتار،
ئالەمنى كۈن يورۇتار.

تەپەككۇر قىلىش ۋە بىلىش ئىنساننى مەخلۇقاتلار ئىچىدە مەرتىۋىلىك قىلغان. كىمكى بىلىشتىن ئىبارەت ئەقلىي قۇۋۋىتىنى كۆپ ئىشقا سالسا، ئۇنىڭ ئادىمىلىك سۈپىتى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ ھەمدە باشقىلارغا زوق، ھىممەت بېغىشلىيالايدۇ، ئۇ ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى ئاقارتالايدۇ.

بىلگەننىڭ يۈزى يورۇق،
بىلمىگەننىڭ يۈزى چورۇق.

بۇ تەمسىلدە بىلگەنلەر بىلەن بىلمىگەنلەرنىڭ مەنىۋى ۋە ئىجتىمائىي پەللىدىكى ئورنى ئەكس ئەتكەن. بۇ يۇقىرىقى تەمسىل بىلەن ئىزچىللىققا ئىگە.

بىلىمنىڭ چېكى يوق.

ئالەم ھەرىكەتتە، ئالەمدىنمۇ كەڭ روھىيەتمۇ ھەرىكەتتە. بىلگۈچى بىلەن بىلىنگۈچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بىلىم پەقەت مۇئەييەن مۇددەتتە، مۇئەييەن چەكتە تېگىشلىك قىممىتىنى نامايان قىلىدۇ ـ دە، يېڭىلىنىشنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. چۈنكى ھاياتلىق ھەرىكەتتە، تەپەككۇرمۇ ھەرىكەتتە.

پىرىڭ بىلەن ماختانما،
بىلىمىڭ بىلەن ماختان.

بىلىمدە نوپۇز مەۋجۇد ئەمەس، نوپۇز پەقەت ھەقىقەتكىلا مەنسۇپ. بۈرۈنقىلارنىڭ ئۇقۇم ـ چۈشەنچىلىرى، تەپەككۇر ئەندىزىلىرى كېيىنكىلەرنىڭ تەپەككۇرىنى چۈشەپ قويماسلىقى كېرەك. ھازىرقى زامان پەن جەمئىيەتشۇناسلىقى ئالىملارنىڭ تۆھپىسىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئىلىم ـ پەندىكى نوپۇزنى بويۇنتۇرۇق قىلماسلىقنى تەكىتلىمەكتە.

ئەقىل ـ بىلىم بۇلىقى،
بىلىم ـ ھۈنەر چىرىغى.

ئەقىل ئىنساندىكى تۇغما ئىمتىياز، بىلىم ئەقىل ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. بىلىمدىن ھۈنەر، تېخنىكا ۋە سانائەت بارلىققا كېلىدۇ. شۇڭا پەن باشقا، تېخنىكا باشقا. تېخنىكا بولسا شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى كۆزدىتىشتىن كەلگەن بىلىملەر ئارقىلىق تۇرمۇشتا ئەسقاتىدىغان ۋاستىلەرنى

ئاپىرىدە قىلىدۇ. يۇقىرىقى تەمسىلدە بىلىم، پەن، تېخنىكىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئەكس ئەتكەن.

ئالىم بىلەن ئەل ئاقىل،
جاھىل بىلەن ئەل خار.

ناۋادا بىر جەمئىيەتكە ئىلىم ئەھلى ئىلمىي نۇقتىدىن باشقۇرۇش ئېلىپ بارسا، جەمئىيەتتە ئىلمىي، مۇقىم كەيپىيات ئومۇملىشىدۇ. باشقۇرۇش ۋە ئىش بېجىرىش ئۇسۇللىرىدا ئىنساننىڭ قەدىر - قىممىتى باراۋەر ھالدا ئەكس ئېتىدۇ. بۇنداق جەمئىيەت بىلىملىك ئادەملەر بىلەن تولىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا ئەشەددىي ھوقۇقچىلىق، سەپسەتە ئويۇنلىرى مودا بولىدۇ.

ئالىم بولماق ئاسان،
ئادەم بولماق تەس.

بۇ تەمسىلدە ئىلىم ئەھلىدە بولۇشقا تېگىشلىك پەزىلەت كۆزدە تۇتۇلغان. ئادىمىيلىككە ياتىدىغان گۈزەل خۇلق، ئىنسان مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن غايىلەردىن مۇستەسنا ئالىم يىرتقۇچ ھايۋاندىنمۇ ۋەھشىي بولۇپ، ئۇ باشقىلارغا ئاپەت ئەكېلىدىغان تەۋسىيىلەرنى بېرىدۇ. يەنە بىرى، بىلىمگە ئۆزىنىڭ نورمال ئىنسانىيلىقىنى تېگىشىپ، بىنورمال پىسخىكا ئىگىسى بوپقالىدىغان ئىشلار ئەمەلىيەتتە مەۋجۇد.

دېمەك، ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدە بىلىمنىڭ ئىنسانىي، رېئالىي، ئىجتىمائىي ئاساسلىرى، بىلىم ئەھلىنىڭ مەسئۇلىيىتى قاتارلىق پەلسەپىۋى مەسىلىلەر ئىخچام ئىپادىلەنگەن.

بىلىم توغرىسىدىكى ئۈگۈتلەر ۋە پەلسەپىۋى قاراشلار ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدىكى كلاسسىك ئەسەرلەردە ئىزچىل تۈردە مۇھىم مەزمۇن قىلىنىپ كەلدى. ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئىككى نامايەندە - «قۇتادغۇبىلىك» ۋە «ئەتەبەتۇلھەقايىق» («ھەقىقەت بوسۇغىسى»)تا بىلىم ھەققىدىكى قاراشلار ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان.

ئىسلامدا ئاللا بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ مەنبەئى، شۇنىڭدەك بارلىق بىلىملەرنىڭ مەنبەئى. شەيئىلەر ۋە شەيئىلەر توغرىسىدىكى بىلىملەر ئاللانىڭ ئىرادىسىنى شەرت قىلىدۇ. شۇڭا بىلىشنىڭ ئوبيېكتى بولغان نەرسە دەل ئاللا بىلەن كائىناتنىڭ سەۋەب - نەتىجىلىك مۇناسىۋىتىدىكى مەلۇم بىر ئامىل بولۇپ، بۇ ئامىلنى چوڭ بىر پۈتۈنلۈك ئىچىگە قويۇپ بىلىش لازىم بولىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ بېشىدىلا ئاللا (تەڭرى)نى ياد ئېتىدۇ:

4 ئۇ خالاپ ياراتتى، يارالدى پۈتۈن،
ئۇ بىرلا دېدى: «بول»، بار ئولدى پۈتۈن.
8 ئەي بىرسەن، بىرىكمەس ساڭا باشقا بىر،
بۇرۇن سەن جىمىدىن، جىمىدىن ئاخىر.
19 ئورۇن ئول ياراتتى، ئورۇن يوق ئاڭا،
ئۇنىڭسىز ئورۇن يوق، ئىشەنگىن بۇڭا.
20 ئەي سىرغا يېقىن، ئەي كۆڭۈلگە ئەزىز،
گۇۋاھدۇر ساڭا بارچە سۈرەت ۋە ئىز.
21 ياراتتىڭ تۈمەنىمىڭ تىرىك، ساناقسىز،
قۇرۇقلۇق، چۇقۇر، تاغ، دالا، دۆڭ، دېڭىز⑯ .

بىلىم نوقۇل ھالدا تەبىئەت توغرىسىدىكى بىلىمنىلا كۆرسەتمەيدۇ. ئۇ يەنە بىلىمنىڭ ئەخلاقىي قىممىتى ۋە ئېستېتىك قىممىتى ھەققىدىكى بىلىشلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەبەدىيلىك ۋە چەكسىزلىك بىلىمنىڭ ھايات بوشلۇقى بولۇپ، ئەنە شۇ ئەبەدىيلىك بىلەن چەكسىزلىك بىلىمنىڭ ئىلاھىي تەركىبلىرىنى ئىشارەتلەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەقىل بىلەن بىلىمنى بىر - بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىككى كاتېگورىيە سۈپىتىدە تەكىتلەيدۇ. مەسىلەن:

301 ئەقىل كىمدە بولسا، بولۇر ئۇ ئېسىل،
بىلىم كىمدە بولسا بولۇر خان شۇ، بىل.
310 بىلىم كىمىيادەك يىغار نەرسىنى،
ئەقىلدۇر سارايى، يىغار ھەممىنى ⑰ .

ئىسلامدا ئەقىل ئاللانىڭ ئىنسانغا بەرگەن ئىنايىتى دېيىلىدۇ، ئۇ ئىنساننىڭ تۇغما پەزىلىتى سۈپىتىدە سۆز - ھەرىكەتنىڭ بىرلىكىدە نامايان بولىدۇ. ئىنسان ئۇنى سەرمايە قىلىپ تۇرۇپ بىلىمگە ئېرىشىدۇ. بىلىم بولسا ئەقىلنى توغرا مەقسەت ۋە توغرا ئۇسۇل بىلەن ئىشقا سېلىشتىن كېلىدۇ.

156 بىلىم مەنىسىن بىل، بىلىم نېمە دەر،
بىلىم ئۇ ساقايتۇر كېسەل بولسا ئەر.
157 بىلىمسىز كىشى بارچە ئاغرىق بولۇر،
داۋالانمىسا ئۇ تىرىكلا ئۆلۈر ⑱ .

ئادەم مەنىۋىيەت بىلەن سۈپەتلىنىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئادەمنىڭ كۈچ - قۇدرىتى ئۇنىڭ مەنىۋىيىتىنىڭ تاكامۇللۇقى بىلەن باغلىنىدۇ. بىلىم ئۆز نۆۋىتىدە ئەقىلنىڭ ئىشلىتىلىش نورمىسىنى ياندىن كۆرسىتىش بىلەن بىرگە ئىنسان مەنىۋىيىتىنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنى ئاشۇرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نەزەرىدىكى بىلىم ئادالەت، بەخت - سائادەت، ئەقىل - پاراسەت ۋە قانائەت بىلەن بىر گەۋدىلەشكەن بىلىم بولۇپ، ھەرگىزمۇ بىلىم ئۈچۈنلا بىلىم ئەمەس. ئايتولدى بىلەن ئودغۇرمىش ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرىدە بىلىمنىڭ رېئال دۇنيادىكى رولى بىلەن زاھىدلىق پەلسەپىسى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن توقۇنۇش ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. بۇ مۇنازىرىنى بىر ھېسابتا ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىدا كۆرۈلگەن رېئال ئىجتىمائىي ھالەتنىڭ بىر تىمسالى دېيىشكە بولىدۇ. ئەمەلىيەتچانلىق بىلەن زاھىدلىقنىڭ كۆرۈشىدە گەرچە يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ئىككى تەرەپنى مۇرەسسەلىك ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان بولسىمۇ، كېيىنكى تارىخىمىزدا زاھىدلىق ئېنىق باش كۆتۈردى.

ئىدېئولوگىيە تارىخىمىزدا يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن كېيىن بىلىمنىڭ قىممىتىنى دانە - دانە گۈزەل ئىبارىلەر نەسھەت قىلغۇچى كىشى ئەھمەد يۈكنەكىيدۇر.

41 سۆزۈمگە بىلىمدىن ئاساس سالىمەن،
ئەي دوستۇم، بىلىملىككە ئۆزۈڭنى باغلا.
سائادەت يولى بىلىم بىلەن ئېچىلىدۇ،
بىلىم ئال، سائادەت يولىنى ئاچ.
42 بىلىملىك كىشى قىممەتلىك دىناردۇر،
بىلىمسىز نادانلار قىممەتسىز يارماقتۇر.

بىلىملىك بىلەن بىلىمسىز ھېچقاچان تەڭ بولالمايدۇ،
بىلىملىك ئايال گويا ئەر، نادان ئەر گويا ئايالدۇر.
44 ئادەم بىلىمى بىلەن تونۇلىدۇ،
بىلىمسىزلەر تىرىك تۇرۇپ كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ.
بىلىملىكلەر ئۆلسىمۇ نامى تىرىك بولىدۇ،
بىلىمسىزلەر تىرىك بولسىمۇ نامى ئۆلۈك بولىدۇ ⑲ .

كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ بىلىم قارىشىدا ئوخشاشلىق ۋە ئىزچىللىق بار. ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ نەزەرىدە بىلىم بەختنىڭ، ھاياتنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنىڭ كاپالىتى. ئىنساننىڭ ھاياتى جىسمانىي ھايات ۋە روھىي ھايات دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئىنساننىڭ جىسمانىي ھاياتى دەل ئۇنىڭ مەنىۋى ھاياتىنىڭ يېقىلغۇسى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ جىسمانىي تەلەپلىرىنى ئادىل ـ ھالال قاندۇرۇش ئۈچۈن بىلىم ئېلىپ، روھىنى كامال تاپقۇزۇشى لازىم. كامالەتكە يەتكەن روھتىن كامالەتلىك سۆزلەر قالىدۇ. بۇ سۆزلەر كېيىنكىلەرنىڭ روھىي ھاياتى بىلەن ئۇلىنىپ، ئىنساننى مەنىۋى ياقتىن ئەبەدىي مەۋجۇد بولۇش مەقامىغا يەتكۈزىدۇ.

ئەھمەد يۈكنەكىي «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» («ھەقىقەت بوسۇغىسى»)تا مەردلىك، سېخىيلىق، ناتىقلىق قاتارلىق پەزىلەتلەر ئۈستىدە توختىلىدۇ، لېكىن مەسىلىلەر بىلىمنى يادرو قىلىپ ئېچىلىدۇ، بىلىم بولغاندىلا ئۇ خىل پەزىلەتلەر ئۆزىنىڭ كۈچىنى كۆرسىتەلەيدۇ.

«بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى» دەپ سۈپەتلىنىۋاتقان ھازىرقى دەۋرىمىزدە ئەجدادلىرىمىز قالدۇرغان بىلىم مىراسلىرى ۋە بىلىم ئۇگۇتلىرىنىڭ ئەھمىيىتىنى بىز تېخى يېتەرلىك چۈشىنىپ يەتمىدۇق. «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق، مەدەنىيەتشۇناسلىق، مائارىپشۇناسلىق، بىلىمشۇناسلىق، باشقۇرۇش ئىلمى تەرەپلىرىدىكى ئىلغار ھەم يىراقنى كۆرەر دۇردانىلىرىنى قېزىشنىڭ ئورنىغا دېئىل كارنېگ، ناپالېئون خىل قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن كۆزىمىزنى ئالىچەكمەن قىلىپ، ئەنئەنىمىزدىكى بىباھا ئەقلىي بايلىقلارغا تۈزكورلۇق قىلدۇق. بۇ، ئۆتمۈشتىكى نادانلىقنىڭ بۈگۈنكى زامانىۋى ۋارىيانتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

بىلىم ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى، ئۇنى كىم ياراتقان بولسا ئۇ ئالدى بىلەن شۇنىڭغا مەنسۇپ، ئاندىن باشقىلارغا مەنسۇپ. ئىجادكارلىق خىسلىتىنىڭ يىلتىزى بىر مىللەتنىڭ تەپەككۇر ئەنئەنىسىدە ۋە ئۇنىڭ ئىزچىللىقىدا بولىدۇ. پەقەت شۇ خىسلەتنى يوقاتمىغانلارلا باشقىلارنىڭ ئىجادىيەت مېۋىسىدىن توغرا پايدىلىنىش لاياقىتىگە ئىگە بولىدۇ.

ـ يەن شەن فوتوسى

## پايدىلانمىلار


① «ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى» 3 ـ قىسىم، غەيرەتجان ئوسمان نەشرگە تەييارلىغان، شىنجاڭ ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1998 ـ يىل نەشرى، 1 ـ بەت.

② «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىللىق سانلىرى.

③ كارل بېرېتېر: «بىلىم دەۋرىدىكى مائارىپ ۋە ئاڭ» (ئىنگلىزچە)، لاۋرېنس ئېرلىبوم جەمئىيىتى نەشر قىلدۇرغان (ئامېرىكا)، 2002 ـ يىل نەشرى.

④ مۇھەممەت پولاتنىڭ نەشرگە تەييارلىشىدىكى «زۇنۇن قادىرىي ئەسەرلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1992 ـ يىل نەشرى، 527 ـ ، 529 ـ بەتلەر.

⑤ مايكول پولانىي: «خۇسۇسىي بىلىملەر» (خەنزۇچە)، گۇيجۇ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىل نەشرى، 211 ـ بەت.

⑥ ۋ.س. دامپىر: «پەن تارىخى» (خەنزۇچە)، «سودا» نەشرىياتى 1994 ـ يىل نەشرى، 9 ـ بەت.

⑦ يۇقىرىقى كىتاب، 27 ـ ، 28 ـ بەتلەر.

⑧ موللا مۇسا سايرامىي: «تارىخىي ھەمىدىي»، ئەنۋەر بايتۇر نەشرگە تەييارلىغان، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىل نەشرى.

⑨ ر.دېكارت: «دېكارتنىڭ تەپەككۇر پەلسەپىسى» (خەنزۇچە)، «توققۇز ئايماق» نەشرىياتى 2004 ـ يىل نەشرى، 1 ـ ، 2 ـ بەتلەر.

⑩ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىل نەشرى، 28 ـ بەت.

⑪ يۇقىرىقى كىتاب 38 ـ بەت.

⑫ قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتى تۈزگەن «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» (ئۇيغۇرچە)، رۇسچىدىن ئۇيغۇر سايرانىي تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىل نەشرى، 32 ـ بەت.

⑬ ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1991 ـ يىل نەشرى.

⑭ ۋ. خ. ۋېركمېستر: «پەن پەلسەپىسى» (خەنزۇچە)، «سودا» نەشرىياتى 1996 ـ يىل نەشرى.

⑮ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 5 ـ ، 6 (قوشما) سان.

⑯، ⑰، ⑱ يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك» (ئۇيغۇرچە)، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1984 ـ يىل نەشرى.

⑲ ئەدىب ئەھمەد بىننىي مەھمۇد يۈكنەكىي: «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» (ئۇيغۇرچە)، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1980 ـ يىل نەشرى.



### خەنزۇچە تىلدىكى پايدىلانغان ئەسەرلەر


1. 迈克尔．波兰尼：《个人知识》许泽民译，贵州人民出版社．2000
2. W.C. 丹皮尔：《科学史》，李珩译，商务印书馆，1994
3. 笛卡尔：《笛卡尔思辨哲学》，尚新建等译，九州出版社，2004
4. W.H 袄克迈斯特：《科学的哲学》，李德容，王梅，刘绪平译，商务印书馆，1996


### ئىنگلىز تىلدىكى پايدىلانغان ئەسەر


1. Carl Bereiter: Education and Mind in the knowledge Age. Lawrence Erlbaum Associates, 2002


ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە شۆبە ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات پروفېسورى




# تەرەققىياتنىڭ يىلتىزى

ئابدۇۋاھىد مەتنىياز

1

بىز جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قاتارلىق ئۈچ تەرەپتىن چۈشىنىپ كەلدۇق. ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ. ئېنىقكى، بىز ئىجتىمائىي جەھەتتىن تەرەققىي قىلغان، دەپ ئىنتىلگەن جەمئىيەت ئالدى بىلەن ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئازايغان جەمئىيەتتۇر. شۇڭا، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، ئىجتىمائىي تەرەققىيات مەسىلىسىنى شەرھلىيەلمەيمىز. بىزدە جەمئىيەتنى سالماقلىق بىلەن كۆزىتىدىغان نەزەرى ئۆتكۈر شەخسلەر، ئايرىم ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى چوڭقۇر قاراشلار بىلەن دەلىللەپ چىققان ماقالىلەر بولسىمۇ، ئىجتىمائىيەتشۇناسلىق ساھەسىدە مەخسۇسلاشقان ئالىم، دەۋرىمىزدىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى سىستېمىلىق يەكۈنلىگەن مەخسۇس ئەسەرلەر يېتەرلىك ئەمەس. بۇنى جەمئىيىتىمىزدە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ يوقلۇقىدىن ئەمەس، بەلكى تۈرلۈك سەۋەب تۈپەيلى شۇ تېمىلارنىڭ دىققىتىمىزدىن چەتتە قالغانلىقى، مەسىلىلەرنى سېزىش ـ بايقاش ئىقتىدارىمىزنىڭ يېگىلەۋاتقانلىق سەۋەبىگە باغلاپ چۈشىنىش مۇمكىن. ئەمما، چەت ئەللەردە بۇ خۇسۇستا نوپۇزلۇق ئالىملار، نوپۇزلۇق كىتابلار بار. بىز ئۇلارنىڭ پىكىرلىرى

## مائارىپ ۋە تەرەققىيات

ئارقىلىق بۇگۈنكى دۇنيادىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ھەققىدە چۈشەنچە تۇرغۇزالايمىز. ئامېرىكا ئىجتىمائىيەتشۇناسلىرى ۋىنسېنت. ن. پاررىللو (Vincent N. Parrillo)، جون ستىمسون (John Stimson)، ئاردىس ستىمسون (Ardyth Stimson)لارنىڭ قارىشىچە، دۇنيادا نۆۋەتتە تۆۋەندىكىدەك ئىجتىمائىي مەسىلىلەر مەۋجۇت:

1. شەخسنىڭ غەيرىيلىشىشى، ئىجتىمائىي فورمىنىڭ يوقىلىشى:

نومۇس ـ ئىزا تۇيغۇسىنىڭ يوقىلىشى؛ ئەنئەنىۋى كوللېكتىپنىڭ زەئىپلىشىشى؛ ئادەمنىڭ تاۋارلىشىشى؛ خاسلىقنىڭ يىمىرىلىشى؛ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش؛

2. شەخسنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە ساغلاملىقىغا بولغان خىرىس:

(1) مەيخورلۇق ۋە زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش؛

(2) جىنسىي ھەرىكەتنىڭ نورمالسىزلىشىشى. ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتى ؛ جىنسىي پاراكەندىچىلىك (باسقۇنچىلىق)؛ نومۇسنى سېتىش؛ بالىلارغا پەسكەشلىك قىلىش؛

(3) جىنايەت ۋە زوراۋانلىق. ئادەم ئۆلتۈرۈش، باسقۇنچىلىق قىلىش، ئوغرىلىق، ئۆسمۈرلەر ـ بالىلارنى ئالداپ سېتىش، تېررورلۇق؛

3. ئىجتىمائىي باراۋەرلىككە بولغان خىرىس:

(1) ئىرقىي مۇناسىۋەت. ئىرقىي كەمسىتىش بۇ خىل مەسىلىنىڭ ئاساسى بولۇپ، بۇ ئاساسلىقى مائارىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش، تۇرالغۇ، ئەدلىيە قاتارلىقلاردا ئىپادىلىنىدۇ؛

(2) نامراتلىق. نامراتلىق ئىجتىمائىي باراۋەرلىككە بولغان زور خىرىس بولۇپ، ئۇ شەخسنىڭ ساغلاملىقى، تۇرالغۇسى، ئائىلە تۇرمۇشى، پوزىتسىيىسى، تەربىيىلىنىشى، خىزمىتى، پاراۋانلىقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ؛

(3) جىنس ئايرىمىسى باراۋەرسىزلىكى. بۇ ئاياللارغا قارىتىلغان بولۇپ، قىزلارنىڭ خەتنىسىنى قىلىش، ئاياللىق جىنسىي ئالامەتلەرنى چەكلەش، ئۇلارنى جىنسىي قورال، خۇسۇسىي مۈلۈك دەپ قاراش، ئۇلارغا جىنسىي پاراكەندىچىلىك سېلىش قاتارلىقلار بۇنىڭ ئاساسلىق شەكلىدۇر. جىنس ئايرىمىسى باراۋەرسىزلىكى تەربىيىلىنىش، خىزمەت سورۇنى، سىياسىيغا قاتنىشىش، ئەرلەر ئۈستۈنلۈكىدىكى ئىجتىمائىي قۇرۇلمىلاردا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ؛

4. ئىجتىمائىي قۇرۇلمىلارغا بولغان خىرىس:

(1) ئائىلە مەسىلىسى. كىچىك تۇرۇپ نىكاھلىنىش، نىكاھدىن ئاجرىشىش، ئائىلە زوراۋانلىقى؛

(2)مائارىپ. مائارىپ مەسىلىسى ئوقۇشتىن توختاپ قېلىش، چوڭلارنىڭ ساۋاتسىزلىقى، مەكتەپ مەبلىغىنىڭ كەملىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ، مائارىپ سۈپىتى، ئۆگىنىش مۇھىتى قاتارلىق تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ؛

(3) داۋالىنىش ـ ساقلىقنى ساقلاش. داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنىڭ قاپلىنىشىنىڭ تۆۋەنلىكى، ئۆلۈم يولىغا باشلايدىغان كېسەللەر (ئەيدىز، ماخاۋ ۋە باشقا جاھىل كېسەللەر)نىڭ بولۇشى، روھىي ساغلاملىقنىڭ تۆۋەنلىشى؛

5. تۇرمۇش سۈپىتىگە بولغان خىرىس:

(1) شەھەرنىڭ خارابىلىشىشى ـ تۇرالغۇ مەسىلىسى؛

(2) سىياسىينىڭ پارچىلىنىشى؛

(3) نوپۇس بېسىمى؛

(4) ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ بۇزۇلۇشى ① .

ئىقتىسادىي تەرەققىيات بەزىدە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ يۆلەنچۈكى بولىسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسى. بىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتى تۆۋەن بولغان بىر جەمئىيەتنى ھەرگىزمۇ ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى پۈتۈنلەي ياخشى دېيەلمەيمىز؛ بىز يەنە ماددىي ۋاسىتىلەر تەرەققىي قىلغان، پەزىلەت ھەممە ئادەمنىڭ ئىنتىلىشى ۋە ھەرىكەت مىزانىغا ئايلانغان، ماددىي ۋە مەنىۋى پاكلىق ئىلگىرى سۈرۈلگەن بىر جەمئىيەتنى مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت دەپ تەسەۋۋۇر قىلىمىز. دېمەك، ئومۇمىي مەنىدىن ئالغاندا، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ ئازىيىشى، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ بەلگىلىگۈچى ئامىللىرىدۇر.

بىر جەمئىيەتتە ئىجتىمائىي مەسىلە ئىنتايىن كۆپ بولىدۇ. كىشىلەر ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ قىممەت قارىشى ۋە تونۇشىغا ئاساسەن تەبىر بېرىشىدۇ. شۇڭا، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ھەققىدە بەزىدە نېمىنىڭ توغرىلىقى ھەققىدە بىرلىككە كەلگەن ئىلمىي جاۋاب بولمايمۇ قالىدۇ. ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە چېتىشلىقى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، بىرىنى تەھلىل قىلغاندا، يەنە بىرىنى چەتتە قالدۇرۇشقا بولمايدۇ. ھالبۇكى، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە كىشىلەر كۆپ ھالدا سەل قارايدۇ. ئۇ، بىر جەمئىيەتنىڭ ئۇنىۋېرسال تەرەققىياتىنى ئۆلچەشتىكى ئەڭ ئىپچىل كومپاستۇر.

2

رېئاللىقنى كۆزەتسەك، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ يىلتىزى ئومۇمەن سىياسىي، قانۇن، ئەخلاق ۋە ئىقتىسادتىن ئىبارەت تۆت چوڭ مەسىلىگە تۇتاشقان بولىدۇ. مەدەنىي، ئادىمىي خىسلەتنى چىقىش قىلغان، ئوخشىمىغان قوۋمنى باراۋەر ئورۇنغا قويغان، ئايرىمىچىلىق، كەمسىتىشتىن خالىي بولغان سىياسىي ھۆكۈمەتلىك، تۈزۈم تۈسىنى ئالىدىغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ؛ كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك مەسىلىلىرىگىچە تۇتاشقان، ئىنسانلارنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ماس بولغان، ئىنسانىي تەبىئىي ھوقۇقلار ئىلمىي قوغدالغان، ئىجراسى نوپۇزنىڭ دەخلىسىگە ئۇچرىماي يۈرۈشكەن قانۇن ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى چەكلەيدۇ؛ كىشىلەرنىڭ چىن قەلبىدىن ئورۇن ئالغان، يۈكسەك ئىلاھىي پەللىگە تۇتاشقان ئەخلاق شەخسنى غەيرىيلىشىش، مەيخورلۇق ۋە زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش، جىنسىي ھەرىكەت نورمالسىزلىقى، جىنايەت قاتارلىق ئىجتىمائىي مەسىلىلەردە ۋىجدان يولى بىلەن توسىدۇ. ئىقتىساد ئىككىلەمچى رولغا ئىگە بولۇپ، سىياسىي، قانۇن ۋە ئەخلاق يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە يېقىنلاشسا، ئىقتىساد ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىكى مۇسبەت زەرەتكە ئايلىنالايدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، ماددىي باياشاتلىق رېئاللاشقان، ئەمما، تۈرلۈك ئىجتىمائىي مەسىلىلەر يامراپ كەتكەن ھال ئايان بولىدۇ.

ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئازايتقۇچى بۇ تۆت ئامىل ئىچىدە سىياسىي بىلەن قانۇن سىياسىيونلار ۋە ھۆكۈمدارلارنىڭ ئىلكىدىكى ئىش بولۇپ، ھەر بىر پۇقرانىڭ ئىرادىسىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ كېتىشى ناتايىن. ئەمما، ئەخلاق بىلەن ئىقتىسادىي ئىلگىرىلەش ھەر بىر كونكرېت شەخسكە باغلىق بولىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، جەمئىيەتتىكى ھەر بىر شەخسنىڭ كىملىكى تەرەققىياتنىڭ مەركىزىي مەسىلىسىدۇر. چۈنكى، ئادەم ئۆزىدە ئادىمىي خىسلەت يېتىلدۈرۈپ، ياشاش ئۈچۈن تاماق يەيدىغان ئىنسانغا ئايلانسا ـ «ھەقىقىي ئىنسان»لىق مەقامىغا كۆتۈرۈلسە، ئىنسانىي كۆيۈم، مۇھەببەت، ئىنساپ ـ ديانەتنى ئارقىلىق گۈزەل ئەخلاقنى نامايان قىلىدۇ. بۇ، مەدەنىي جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى ھۇلى. ئۇ يەنە ئەقىل ـ قابىلىيەت، چىدام، تىرىشچانلىق ئارقىلىق ئىقتىساد، ماددىي يارالمىلارغا ئېرىشىدۇ. بۇ خىل تۆھپە ئالدى بىلەن

دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئېشىشىدا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ ئىقتىدارسىزلىقى سەۋەبىدىن ئىشسىز قېلىپ، دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ بايلىقىنى خورىتىدىغان، جەمئىيەتنىڭ چىرىندى ـ داشقاللىرىغا ئايلىنىپ، ئىجتىمائىي مەسىلە پەيدا قىلىپ، دۆلەتكە باش قېتىنچىلىقى ئەكېلىدىغان «نوپۇس»تىن، ئۆز ۋۇجۇدىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقلارنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتكە ھەسسە قوشقۇچىغا ئايلىنىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ھەر بىر شەخستىكى ئەقىل ۋە پەزىلەتتىن ئىبارەت ئىككى ئەڭگۈشتەر ئارقىلىق جەمئىيەتتە مەۋجۇد بولۇۋاتقان ۋە بىخلىنىش ئالدىدا تۇرغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق رەۋىشتە چەكلىگىلى بولىدۇ. بۇ خىل ئەقىل ۋە پەزىلەت، يەنى پاراسەت ۋە دىيانەت بەزىدە ھۆكۈمەت تۈسىنى ئېلىشى كېرەك بولىدۇ، ئەلۋەتتە. شۇڭا، ئىلمىي تەرەققىياتتا، سىياسىي ۋە قانۇندىن قالسىلا، ئادەملەردىكى ئەقىل ۋە پەزىلەت ھالقىلىق رول ئوينايدۇ.

ئەقىل بىلەن پەزىلەت نەدىن كېلىدۇ؟ ئەلۋەتتە تەربىيەدىن كېلىدۇ. چۈنكى ئادەم تەبىئىي ئىقتىدار (本能) جەھەتتە ھايۋانلاردىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. ھايۋانلارنىڭ ھەر بىر ئەزاسى مەخسۇسلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ۋە ئېھتىياجلىرىغا ماس كېلىدۇ. جانلىقلارنىڭ بەزى مۇھىم ئىقتىدارى ئىرسىيلىككە ئىگە بولۇپ، تەربىيىسىزلا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. ئادەمنىڭ بۇنداق تەبىئىي ئىقتىدارى ئاجىز بولىدۇ. ئادەمدىكى بۇنداق كەمتۈكلۈك ئۇنى ئىرسىي قۇرۇلمىغا تايىنىپ ئۆز ئېھتىياجلىرىنى رېئاللاشتۇرۇش مۇمكىنچىلىكىدىن مەھرۇم قىلغان. ئادەمنىڭ مۇھىت بىلەن قانداق مۇناسىۋەت ئورنىتىشى، ئۆز ئېھتىياجلىرىنى قانداق رېئاللاشتۇرۇشى كېيىن قانداق قىلىشىنى كۈتىدۇ. ئادەم بۇنداق ئالاھىدىلىكى بىلەن پەقەت «يېيىش ئۈچۈن ياشايدىغان جانلىق» ـ نوپۇستۇر. ئەمما، ئادەمدە تەبىئىي ئىقتىدار كەم بولغىنى بىلەن، باشقا جانلىقلارغا قارىغاندا زور يوشۇرۇن ئىقتىدار ۋە ئېلاستىكلىق بار. بۇنداق ئېلاستىكلىق (ئىمكانىيەت 可塑性) ئادەمنىڭ مەۋجۇدلۇقى ۋە پائالىيەت شەكلىنى تاشقى دۇنيا تەلىپىگە ئاساسەن مۇقىملاشتۇرىدىغان قىلىدۇ. بۇنداق تەبىئىيلىكلەر سەۋەبلىك، ئادەم تېخىمۇ كۆپ يېتەكچىلىككە موھتاج بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەخلاقمۇ يەنىلا مۇھىت، ئۈلگە ۋە تەربىيە ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. شۇڭا، تەربىيە ئادەم ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. ئىنسانلار بۇنى ئىپتىدائىي دەۋرىدىلا چۈشەنگەن بولغاچقا، مائارىپ ھەققىدە ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ تەپەككۇر خەزىنىسىدىن، تارىختىكى ھەر بىر مۇتەپەككۇرنىڭ ئىدىيىسىدىن، دىنىي قامۇسلاردىن قىممەتلىك بايانلارنى ئۇچرىتىش مۇمكىن.

نۆۋەتتە، مائارىپ بىلەن ئەخلاقنىڭلا ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى ئىقتىسادنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ئىنتايىن يېقىنلىقى ھېچكىمگە سىر ئەمەس. مائارىپ ئىقتىسادىي يۈكسىلىش ئەكەلگەن خىزمەت پۇرسىتىدىكى ئۆزگىرىشكە لايىقلاشتۇرىدۇ. ئالىي مائارىپ ئورگانلىرىغا نىسبەتەن، ئۇلار تەتقىقات نەتىجىلىرى ئارقىلىق ئىقتىسادنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئۆتەيدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئەنئەنىۋى فۇنكسىيىلىرىنىڭ بىرى. تۆۋەن دەرىجىلىك مائارىپ ئورگىنى بولغان ئاساس مائارىپ مەكتەپلىرى ئەگەر ئىلمىي ئاڭ ئاساسىدا راۋاجلانسا، بالىلارنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى بايقايدۇ ۋە تەرەققىي قىلدۇرىدۇ؛ بالىلاردا تىرىشچانلىق، ئىشچانلىق، چىدامچانلىق، ئىنتىلىشچانلىق قاتارلىق خاراكتېر سۈپەتلىرىنى يېتىلدۈرىدۇ. مائارىپ ئومۇمىي كىرىم سەۋىيىسىنى ئاشۇرۇپ، مۇتلەق نامراتلىق سەۋىيىسىنى تۆۋەنلىتىدۇ؛ كىرىمنىڭ تارقاقلىق ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىدۇ. بۇنداق ئالاھىدىلىكلەر بىلەن، مائارىپ ئىقتىسادىي ئېشىشنىڭ مەنبەسى بوپقالىدۇ. مائارىپ نامرات، چەت رايونلاردىكى بالىلارنى يېڭى پۇرسەت بىلەن تەمىن ئېتىپ، ئۇلار ئۈچۈن «پىسخىك قاتناش قورالى» بوپقالىدۇ. ئەگەر، مەلۇم بىر كوللېكتىپ (ئەرلەر، شەھەر ئاھالىلىرى، مەلۇم قوۋم) نىڭ مائارىپ ئارقىلىق ئېرىشىدىغان ھەققى باشقا كوللېكتىپ (ئاياللار، دېھقانلار، مەلۇم قوۋم) تىن يۇقىرى بولسا، بۇ چاغدا، مائارىپ بۇنداق تەڭپۇڭسىز ھالەتنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

بەزى كىشىلەر ئەقىلنى نامراتلىق بىلەن باغلاپ چۈشىنىدۇ. سەۋەبى، نامراتلار ھەمىشە زېھنىي ئىقتىدارى تۆۋەن كىشىلەر بىلەن توي قىلىدۇ. شۇڭا، نامرات كىشىلەردە زېھن جەھەتتىن تەبىئىيلا ئىرسىي كەمتۈكلۈك بولىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ زېھنىي ئىقتىدارى بايلارنىڭكىدىن تۆۋەن بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بىز ئىرسىي مەسىلىنى تەربىيە مەسىلىسىگە ئالماشتۇرساق، بۇ خىل پەرقنىڭ تېخىمۇ روشەن بولىدىغانلىقىنى بايقايمىز. جەمئىيىتىمىزدە مىراس، مەنسەپ پايدىسى، نوپۇز تەسىرىدىكى سودا مونوپوللۇقى، تاسادىپىي تەلەي ۋە باشقا تۈرلۈك ناتوغرا يوللار بىلەن بېيىغان دۆت بايلار، ئۆزىدىكى ئەقلىي قۇۋۋەتنى ئىشلىتىپ بېيىشنى خالىمايۋاتقان زىيالىيلار، مۇۋاپىق سودا يولى، دەسمايىكى كاپىتال ۋە باشقا تۈرلۈك پۇرسەتلەر بولماسلىق سەۋەبىدىن بېيىيالمىغانلار قاتارلىق ئەقىللىق نامراتلار بولسىمۇ، ئومۇمەن ھالال يول بىلەن بېيىغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەقىللىق كىشىلەردۇر. ئۇلار مەخسۇس ئىقتىسادىي ئىلىم ياكى باشقا كەسىپلەر بويىچە چوڭقۇر تەربىيىلەنمىگەن بولسىمۇ، ئىشلەۋېتىپ ئەقىل تاپقانلاردۇر. ئۇلارنىڭ ئۆز بالىلىرىنى تەربىيىلەشكە قانچىلىك كۈچەيدىغانلىقى چۈشىنىشلىك. ئائىلە باشلىقى كۆڭۈل بۆلسە، ئۆگىنىش ئىقتىدارى ئائىلە ئىقتىسادىغا ئۇلاق تاناسىپ بولىدۇ. چۈنكى، باي ئائىلىدىكى بالىلار تېخىمۇ كۆپ كىتاب، تەربىيىۋىلىكى بولغان ئويۇنچۇقلارغا ئىگە بولالايدۇ. كۆپرەك جاي (باغچا، تىياتىرخانا، مۇزېي، مەدەنىيەت مەركەزلىرى)نى كۆرەلەيدۇ. ئائىلە باشلىقلىرى يىراق نىشاننى كۆزلەيدۇ. نامرات ئائىلىنىڭ بالىلىرىنىڭ تەن جازاسىغا ئۇچراش، كەمسىتىلىش نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ. ئوقۇشتىن چېكىنىش ياكى يۇقىرىلاپ ئوقۇشتىن باشقا تاللىشى بولمايدۇ، مەكتەپ تەربىيىسى ئېلىش ۋاقتى تۆۋەنلەپ بارىدۇ. ئاقسوڭەكلەر تەربىيىسى (ئاقىللار سىنىپلىرى)نىڭ كېڭىيىشى ئۇلار ئۈچۈن سوغۇق بىلىنىدۇ. ئۆگىنىش ئارزۇسىنىڭ تۆۋەنلىكى، ئىلھامنىڭ يېتەرسىزلىكى قاتارلىق ئامىللار قوشۇلسا، سەلبىي تەسىر پەيدا قىلىدۇ. تارىختىن ساۋاق شۇكى، مائارىپقا ئەھمىيەت بەرمىگەن قوۋم ئىقتىسادىي جەھەتتىنلا ئەمەس، مەدەنىيەت جەھەتتىنمۇ ئىستېمالچىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. بۇ، شۇ قوۋمنىڭ تەرەققىيات قۇدرىتىنىڭ يىگىلەپ بارغانلىقىنىڭ بېشارىتىدۇر. مائارىپ بىلەن ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئارىسىدىكى بۇنداق تايىنىش، ئىلگىرى سۈرۈش ـ چەمبەرسىمان ئايلىنىش مۇناسىۋىتىنى ئالدىن بايقىغان يەھۇدىيلار، ياپونلار، گېرمانلار، ئامېرىكىلىقلار ھەم پۇل تېپىشقا ھەم ئۆز ئەۋلادلىرىنى ئىلمىي تەربىيىلەشكە بىزدىن نەچچە ئەسىر بۇرۇن تۇتۇش قىلغان. پەقەت «مەجبۇرىيەت مائارىپى» تارىخىغىلا قارىساق، 1619 ـ يىلى گېرمانىيىدە «مەجبۇرىيەت مائارىپى» رەسمىي قانۇنىي مەنىگە ئىگە بولدى. 1763 ـ يىلدىن 1891 ـ يىلغىچە ئۈچ قېتىم بۇيرۇق چۈشۈرۈلۈپ «مەجبۇرىيەت مائارىپى» كېڭەيتىلدى. 1642 ـ يىلى شىمالىي ئامېرىكىدا، 1852 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ ماساچۇسېتس شتاتىدا، 1865 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ 34 شتاتىدا «مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنى» ئېلان قىلىندى. 1872 ـ يىلى

ياپونىيەدە «مەجبۇرىيەت مائارىپى» يولغا قويۇلدى ②. 1880 ـ يىلى ئەنگلىيەدە، 1882 ـ يىلى فرانسىيەدە «مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنى» ماقۇللاندى. 1918 ـ يىلى گېرمانىيە ھۆكۈمىتى ئاساسىي قانۇن شەكلىدە ئۇقراۋى مائارىپنى يولغا قويۇشنى كاپالەتلەندۈردى. «تىلىسەڭ تاپەسەن، تېرىساڭ ئورۇيسەن» دېگەندەك، ئۇلارنىڭ بۈگۈنى ئەنە شۇنداق زەپەر مارشىغا تولغان. جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، مائارىپ بىلەن ئىجتىمائىي ئەخلاق، ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئۆزئارا ئايلىنىش مۇناسىۋىتى تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنىشكە باشلىدى. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشلا ئەمەس، بىر پۈتۈن جەمئىيەت تەرەققىياتى مائارىپقا تايانمىسا، مائارىپمۇ جەمئىيەتنىڭ ئۇنىۋېرسال تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلمىسا بولمايدىغان ھالەت شەكىللەندى. جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوتتۇراھال باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان قوۋملار ئۈچۈن، تەرەققىي قىلغان ئەللەرگە قارىغاندا ئۆز مائارىپىغا تېخىمۇ بەكرەك كۆچەش ئۇلارغا يېتىشىۋېلىشنىڭ، تەرەققىيات پەرقىنى ئازايتىشنىڭ ئەڭ ئۈدۈل يولى بوپقالدى.

### 3

ھازىر ئادەمنىڭ زېھنىي قۇۋۋىتىگە ـ بىلىم سۈپىتىگە قويۇلغان تەلەپ كۈنسايىن ئاشماقتا. بىر ئادەم بىر يوشۇرۇن دۇنيا. ئەگەر ئۇ ئىلمىي تەربىيە پۇرسىتىگە، يېتەرلىك قوللاش مۇھىتىغا ئىگە بولالىسا، ئۇ ئۆزىدىكى زېھنىي قۇۋۋەتنى تېخىمۇ كەڭ ۋە چوڭقۇر جارى قىلدۇرالايدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇ تەرەققىيات پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالىدۇ. شۇڭا، مائارىپنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئۇنىۋېرسال تەرەققىياتىدىكى رولى ھەققىدە سۆز ئاچقاندا، مائارىپ پائالىيىتىنى ئىلمىي قانات يايدۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

مائارىپ قەدىمكى ئىنسانلار ئۈۋچىلىق ۋە بېلىقچىلىق دەۋرىگە كىرگەندىلا مەۋجۇت بولغان پائالىيەت. بىراق، مائارىپنى ئىلمىي قانات يايدۇرۇش ھەققىدە بەكرەك ئىزدەنگىنى يەنىلا قەدىمكى ئىبرايىلار بولسا كېرەك. ئۇلارنىڭ مەشھۇر كىتابى «تالمۇد» (Talmud) ـ «بۈيۈك ھەقىقەت»تە، بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلارغا تەۋە مۈلۈك ئەمەسلىكى، ئۇلاردا مۇستەقىل خاراكتېر يېتىلدۈرۈش، قىزىقىشىغا ئىلھام بېرىش، ئۇلارنى چۈشىنىش، ئۇلارغا ھېداشلىق قىلىش، ئۇلارنى ئويۇنچۇقلار بىلەن تەمىن ئېتىش، ئۇلار بىلەن بىللە ئويناش كېرەكلىكى قەيت قىلىنغان ③. باشقا ئەل ـ قوۋملاردا بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىش خېلىلا كېيىن بولغان. مائارىپنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا بولغان پىشاڭلىق رولى پەقەت 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە ئاندىن ھەقىقىي ئېتىراپ قىلىندى. تەرەققىي تاپقان ئەللەردە مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇشتىن باشقا، مائارىپ تەتقىقاتىغا ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىندى. «قانداق قىلغاندا ئادەمنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئەڭ يۇقىرى تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ؟» دېگەن سوئال مۇشۇ تەتقىقاتلاردىكى نېگىزلىك مەسىلە بولۇپ، دەسلەپكى تەربىيە (幼儿教育)نىڭ ھەقىقىي زۆرۈرلۈكى ۋە ئاساس مائارىپ باسقۇچىدىكى مەكتەپ مائارىپىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا يانداشىش مۇمكىنچىلىكىنىڭ تۆۋەنلىكى ھەققىدىكى قاراشلار بىلەن ئۆزىمىزنىڭ مائارىپ ئەمەلىيىتىمىزنى سېلىشتۇرۇپ باقساق، ھەتتا ئېسەنكىرەپ قېلىشىمىزمۇ مۇمكىن.

ئىسپاتلىنىشىچە، بالىلاردىكى چوڭ مېڭە تەرەققىياتى نېرۋا ھۈجەيرىلىرىنىڭ ئۆزئارا باغلىنىش تەرەققىياتى بولۇپ، بالا تۇغۇلغاندىن كېيىنكى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۇ خىل سۈرئەت ئىنتايىن تېز بولىدۇ، چوڭ مېڭىسىنىڭ ئۇچۇر يەتكۈزۈپ بېرىش يولى ئىنتايىن تېز تەرەققىي قىلىدۇ. ئادەمنىڭ ئىقتىدارى ۋە خاراكتېرىنىڭ زور قىسمى 0 ياشتىن ئۈچ ياشقىچە بولغان مەزگىلدە شەكىللىنىپ بولىدۇ. نېرۋا ھۈجەيرىلىرى ئارىسىدىكى ئۆزئارا باغلىنىشمۇ مۇشۇ مەزگىلدە قۇرۇلما ھاسىل قىلىدۇ ھەمدە پۈتكۈل نېرۋا تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنىڭ 70% ـ 80 % ى ئۈچ ياشتىن بۇرۇن شەكىللىنىپ تاماملىنىدۇ. مېڭىنىڭ ئېغىرلىقى بالا تۇغۇلۇپ ئالتە ئايدىن كېيىن بالا تۇغۇلغان ۋاقتىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە، ئۈچ ياشقا كىرگەندە چوڭ ئادەم مېڭىسىنىڭ 80% ىگە باراۋەر ھالدا ئېغىرلايدۇ. ئادەم مېڭىسىنىڭ تاشقى غىدىقلاشنى قوبۇللىشى ۋە ئۇنى فورما ـ ئىندىزلەشتۈرۈپ خاتىرىدە ساقلىشىدەك ئەڭ تۆپ، مۇھىم بولغان ئۇچۇر بىر تەرەپ قىلىش قۇرۇلمىسى ئۈچ ياشتىن بۇرۇن شەكىللىنىدۇ. شۇڭا، بالا ئۈچ ياشقىچە بولغان ئارىدا زېھنىي تەرەققىيات ئەڭ تېز بولىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن قارىغاندا، بلومنىڭ «ئەگەر، بىر ئادەم 17 ياشقا كىرگەندە زېھنىي تەرەققىياتى 100% كە يېتىدۇ دېسەك، ئۇ تۆت ياشقا كىرگەندە، 50% تەرەققىياتقا، سەككىز ياشقا كىرگەندە 80% تەرەققىياتقا ئېرىشىدۇ. 8 ـ 17 ياشلاردىكى توققۇز يىلغا پەقەت 20% تەرەققىيات ئېشىپ قالىدۇ» دېگەن يەكۈنىگە گۇمان قىلمىساقمۇ بولىدۇ. دېمەك، تەربىيەنىڭ ئاساسى بالا تۇغۇلۇپ ئۈچ ياشقىچە بولغان مەزگىلدە سېلىنىدۇ. بۇ بارلىق تەربىيە جەريانىنىڭ 80 % نى ئىگىلەيدۇ.

بالىلارنىڭ مېڭە تەرەققىياتى باسقۇچلۇق بولىدۇ. كارل ۋېرتېرنىڭ بۇنىڭدىن بىر ئەسىر ئىلگىرى بەرگەن بېشارىتىچە، چۈجە پەقەت ئۈچ كۈن ئىچىدە ئانىسىغا ئەگىشىپ مېڭىشنى ئۆگىنىدۇ. ئەگەر مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە ئانىسى بولمىسا، كېيىن، چۈجە ئانىسىغا ئەگىشىپ مېڭىشتىن ئىبارەت بىر ھالقىلىق ئادەتنى مەڭگۈ ئۆگىنەلمەيدۇ. نوبېل مۇكاپاتى ساھىبى، ئاۋستىرىيە بىئولوگى لورىنىزنىڭ بايقىشىچە، ئاققۇ چۈجىسى تۇخۇمدىن چىققان ۋاقىتتا، ئەڭ ئاۋۋال نېمىنى كۆرسە شۇنى ئۆز ئانىسى دەپ قارايدىكەن. بىر قېتىم تۇخۇمدىن يېڭى چىققان ئاققۇ چۈجىسى لورىنىزنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغىلا ئەگەشكەن. ئۇنىڭ يەنە بىر تەجرىبىسىدە، ئۆردەك چۈجىسىگە نىسبەتەن، تۇخۇمدىن چىقىپ 13 ـ 16 ـ كۈنلىرى دەل ئۆز ئانىسىنى تونۇش ۋاقتى بولۇپ، ئەگەر ئاشۇ ۋاقىتتا، يېنىدا ئانىسى بولماي، باشقا ھەرقانداق جانلىق (ئادەم ۋە باشقا جاندارلار) ھەرىكەت قىلسا، چۈجە ئۈچۈن مۇشۇ جانلىق جىسىم ئانا دەپ قارىلىدۇ. ئەگەر مۇشۇ ۋاقىتتا ئۇلاردا خاتا تۇيغۇ تىكلىنىپ قالسا، ئانىسىغا نىسبەتەن تونۇش پەيدا قىلىش تولىمۇ قىيىن بولىدۇ. ئالىملارنىڭ قارىشىچە، بالىلاردىمۇ ھەرىكەت ۋە ئىقتىدار جەھەتتە مۇشۇنداق ھالقىلىق ۋاقىت ـ مەزگىللەر بولىدۇ. بۇ قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلىنمىسا، خۇددى توخۇ، ئاققۇ، ئۆردەك چۈجىلىرىنىڭ ئانىسىنى تونۇشتەك مۇھىم پەيتىدە خاتالىق كۆرۈلسە، كېيىن ئۇنى تۈزىتىش مۇمكىن بولمىغاندەك، بالىلارنىڭ نورمال پىسخىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئەمەس، ھەتتا، بەزىدە قوغداشقىمۇ ئامالسىز قالىدۇ. شۇڭا، دەسلەپكى تەربىيە باسقۇچىدا تەلىم ـ تەربىيە تەربىيىلەنگۈچىلەرنىڭ پىسخىك تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىشى، جىسمانىي ۋە پىسخىك تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى چۆرىدەپ قانات يېيىشى زۆرۈر. زېھنىي تەرەققىياتنىڭ 80 % تەرەققىياتى بارلىققا كېلىدىغان باسقۇچ، تەربىيە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن باسقۇچتۇر. يەسلىگە بەرگەندىن كېيىن ئاندىن تەربىيىلەش، تولىمۇ كېچىككەنلىكتۇر. بۇ مەسىلە، بىزنىڭ دەسلەپكى تەربىيىگە قانداق قاراش مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىمىزنى

تەبىئىي ئاشكارىلاپ بېرىدۇ.

ئەمدى مەكتەپ مائارىپىچۇ؟

بىز ئۇزاقتىن بۇيان مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا بەكرەك كۆچەپ، ئۇنىڭدىكى سۈپەت مەسىلىسىگە ئېغىر سەل قاراپ كەلدۇق. ئىنسان قانچىلىك ئۇلۇغ، مۇرەككەپ ۋە نازۇك بولسا، مائارىپمۇ شۇنچىلىك ئۇلۇغ، مۇرەككەپ ۋە نازۇك بولىدۇ. تەربىيىچىلەرمۇ شۇنىڭغا ماس ھالدا قەدىرلىك بولىدۇ. ھالبۇكى، مائارىپ پائالىيىتىنىڭ ئۇلۇغلۇقى، تەربىيىچىلەردىكى قەدىر ـ قىممەت، بۈيۈكلۈك، ئادەمنى ئۇلۇغ، مۇرەككەپ ۋە نازۇك دەپ قارىغان، ئىلمىي روھ بىلەن يۇغۇرۇلغان مائارىپ پائالىيىتىگە، ئىنسانىي مېھرىبانلىققا تولغان نازۇك قەلبكە ئىگە بولغان، ئادەمنى ئادەم دەپ بىلىدىغان تەربىيىچىگە تالىق بولىدۇ. تەربىيىچىلەرنى بالىلارنىڭ تەبىئىيلىكىنى يوق قىلىشقا ئىلھام بېرىدىغان، قىستايدىغان، ئادەمنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى كۆرەلمەيدىغان، ئادەمنى خىش ئورنىدا بىر قېلىپتا قويۇپ پىشۇرۇپ چىقىرىدىغان خۇمدانغا ئايلانغان مائارىپ پائالىيىتى بۇنداق شەرەپكە مەڭگۈ نائىل بولالمايدۇ. نائىل بولالمايدۇلا ئەمەس، بۇنداق مائارىپ پائالىيىتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تەربىيىچى ئەقلىنىڭ قاتىلىغا، پەزىلەتنىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىدۇ. شۇڭا، مەكتەپ مائارىپىنىڭ ئومۇملاشقىنى، ئۇنىڭ ئادەمنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئېچىشقا تۈرتكە بولغىنى ئەمەس.

مەلۇمكى، مائارىپ ئادەمنىڭ پسىخىك تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار ئىچىدە، ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ بىر قىسمى. مەكتەپ مائارىپ پائالىيىتىنىڭ ئالاھىدە ئاپپاراتى. ئۇ ئورتاق نىشانغا ئىگە، مۇقىم بولغان فۇنكسىيە ـ رول فورمىسى بار. تەشكىلىي ئەزالىرى ئارىسىدا ھەمكارلىق، ماسلىشىش بار. شۇڭا، مەكتەپلەر رەسمىي بىر ئىجتىمائىي تەشكىلات دەپ قارىلىدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى، مەكتەپ مائارىپى مەقسەتچانلىق، پىلانچانلىق تەشكىلچانلىق، كونترولچانلىق، مەخسۇسلۇق قاتارلىق ئارتۇقچىلىققا ئىگە. شۇڭا، ئۇنىڭ ئادەمنىڭ پسىخىك تەرەققىياتىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى باشقا تەسىرلەرگە قارىغاندا ئالاھىدىرەك بولىدۇ. ئۇ، ئادەمنىڭ پسىخىك تەرەققىياتىدا بۇنداق ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن يۆنىلىش بەلگىلەش（定向）، كۈچەيتىش（强化）، تېزلىتىش（加速）، ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش（社会化）، خاسلاشتۇرۇش ـ ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇش（个性化）قاتارلىق بەش تەرەپتىن رول ئالىدۇ. شۇنداق بولغاچقىمىكىن، مەكتەپ مائارىپىنى غايىۋىلاشتۇرۇۋېتىدىغان، ھەممىنى ھەل قىلىدۇ دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا قارىغۇلارچە چوقۇنۇشقا مەجبۇرلايدىغان ئەھۋاللار جەمئىيىتىمىزدە خېلىلا ئېغىر.

بالىلار مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇن شۇنچىلىك جۇشقۇن. شەيئىلەرگە قىزىقىپلا تۇرىدۇ. ئەمما، مەكتەپكە كىرىپ ئۇزاق ئۆتمەي بۇنداق قىزىقىش ئۆلىدۇ. مائارىپ ئالىمى تونىي جانېت مائارىپ ياكى ئۆگىنىشنىڭ ئۆگەنگۈچىلەردە قالدۇرغان تەسىرى ھەققىدە توختىلىپ: «مەن كىشىلەرنىڭ «ئۆگىنىش» دېگەن بۇ سۆز ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرىنى تەكشۈرگەن ئوتتۇز يىل ئىچىدە، ئون خىل ئاساسلىق ئىبارە ـ چۈشەنچىنى بايقىدىم. ئۇلار مەززىسىز（枯燥）لىك، ئىمتىھان، ئائىلە تاپشۇرۇقى، ۋاقىت ئىسراپ قىلىش، جازا（惩罚）، باغلىنىشسىزلىق（毫不相干）، ئۆگىنىشتىن بىزار بولۇش（厌学）، كىشىنىڭ نەپرىتىنى قوزغاش（令人厌恶）، ئۆچمەنلىك（憎恨）، قورقۇش（恐惧）قاتارلىقلاردۇر» ④ دەپ يەكۈنلەيدۇ. دەرۋەقە، ئەنئەنىۋى مائارىپ بويىچە، ئۆگىنىش پائالىيىتى بىر خىل زېرىكىشلىك ئىش. چۈنكى، ھەرقانداق ئادەم مەلۇم بىر خىل پائالىيەتكە خۇشاللىق بىلەن كىرىشكەندە، زېرىكىش بىلەن كىرىشكىنىگە قارىغاندىكى ھېرىش دەرىجىسى كۆرۈنەرلىك ئاز بولىدۇ. ئۆگىنىش پائالىيىتى تېخىمۇ شۇنداق. ئەگەر ئۆگىنىش ـ تەربىيە پائالىيىتى قىزىقىش، شاد ـ خوراملىق كەيپىياتتا ئېلىپ بېرىلسا، مېڭىنىڭ خىزمىتى تېخىمۇ جانلىق بولىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە، خاسلىشىش، شەخسنى چىقىش قىلىشقا موھتاج. ئەمما، مەكتەپ مائارىپى ھەدېسىلا ئومۇمىيلىق، پۈتۈنلۈك، ئىزچىللىققا يېپىشىۋېلىپ، خاسلىقنى چەتكە قاقىدۇ. شۇڭا، ب د ت مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى خەلقئارا مائارىپ تەرەققىياتى كومىتېتى 1971 ـ يىلى تۈزگەن «مەۋجۇدلۇقنى بىلىش ـ مائارىپ دۇنياسىنىڭ بۈگۈنى ۋە ئەتىسى» دېگەن كىتابتا، مەكتەپ مائارىپى ھەققىدە: «مەكتەپ مائارىپىنىڭ ئىككى خىل تۈپ ئاجىزلىقى بار: بىرى، شەخس ئىگە بولىدىغان ئىنچىكە، مۇرەككەپ رولنى نوقۇل ئىنكار قىلمايدۇ، لېكىن ئۇنىڭغا سەل قارايدۇ. شەخسنىڭ ئۆزىنى ھەر خىل ئىپادىلەش شەكلى ۋە ۋاستىسىگە سەل قارايدۇ. يەنە بىرى، ئوخشىمىغان خاراكتېر، جاسارەت، ئارزۇ ۋە ئىقتىدارنى مۇھاكىمە قىلمايدۇ» ⑤ دەپ خۇلاسىلەنگەن. ئانا پەرزەنتنى قورسىقىدا يېتىلدۈرۈپ تۇغۇپ قويغىنى ئۈچۈنلا ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇنى قانداق بېقىپ قاتارغا قوشقىنى ئۈچۈن ئۇلۇغدۇر. بالىنى تۇغۇپ قويۇپ، ياخشى تەربىيىلىمىگەن ـ كۆيۈنمىگەن ئانىنى ئۇلۇغ دەيدىغانلار ئازدۇ. چۈنكى بالا تۇغۇش جانلىقلاردىمۇ بار بولغان بىر خىل تەبىئىيلىك. مەكتەپ مائارىپىغىمۇ مۇشۇ تەقلىدتە باھا بېرىش مۇمكىن. بۈگۈنكى كۈندە، مەكتەپ مائارىپىنىڭ مەنپىي تەسىرىنىمۇ تەھلىل قىلىپ كۆرۈشىمىز كېرەك.

تەربىيىلەنگۈچىلەردە ھەقىقەتنى قىزغىن سۆيىدىغان، خاتالىقتىن نەپرەتلىنىدىغان ياخشى خاراكتېر ـ ئادەت (ئەخلاق) يېتىلدۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ بىلىمنى ئاشۇرۇش ـ جەمئىيەتكە ماسلاشتۇرۇش، ئىلمىي مائارىپ پائالىيىتىنىڭ ئىككى چوڭ مەقسىتىدۇر. بىر ئادەم پۈتۈنلۈك نۇقتىسىدىن دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى، قىسمەنلىك نۇقتىسىدىن ئائىلە ۋە ئورگاندىكى ئىشلەپچىقارغۇچى، شەخس نۇقتىسىدىن ھاياتتىن بەھرىلەنگۈچى بولغاچقا، بالىلارنى دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ قۇرغۇچىلىرى، ئائىلە، ئورگاننىڭ ئىشلەپچىقارغۇچىلىرى ۋە باشقۇرغۇچىلىرى، شۇنداقلا ھاياتتىن تولۇق بەھرىلەنگۈچى، تۇرمۇشنىڭ مەنىۋى قاتلاملىرىغا ئىنسانىي قىممەت نۇقتىسىدىن چوڭقۇرلىيالايدىغان مۇكەممەل ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈش، ئىلمىي مائارىپنىڭ مەڭگۈلۈك نىشانىدۇر. شۈبھىسىزكى، بۇ نىشان ئىلمىي ئاڭغا ئىگە بىر جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئوتوپىيىسى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە.

شەخس نۇقتىسىدىن ئالغاندا، مائارىپنىڭ ئالىي غايىسى بالىلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدار چوغلىرىنى يالقۇنجىتىش ـ ئۇنى تەرەققىيات پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەش، ئادەمنى ئەڭ ياخشى تەرەققىيات ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتۇر. شۇڭا، مەكتەپ مائارىپىنىڭ ۋەزىپىسى بالىلارنىڭ بىلىم ئىزدەش، يېڭىلىق يارىتىش ئارزۇسىنى قانداق تۇرغۇزۇش، قانداق تەپەككۇر قىلىش، قانداق ئىزدىنىش پوزىتسىيىسىنى تىكلەش، بىلىم ئىشتىھاسىنى قانداق قوزغاشقا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىشنى مەقسەت كېرەك. مائارىپنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىمۇ، ئاخىرقى بېكىتىمۇ كونكرېت ئادەم. شۇڭا، ھەرقانداق مائارىپ ئالدى بىلەن كونكرېت شەخستىن باشلىنىشى كېرەك. شەخس ئۈچۈن خىزمەت قىلمىغان مائارىپ ئىلمىي مائارىپ ئەمەس. ساپا مائارىپىدىمۇ دەل مۇشۇ

مەسىلە ھالقىلىق ئورۇن تۇتىدۇ. ئەمما، تۈرلۈك سەۋەب تۈپەيلىدىن، مەكتەپ مائارىپى ھەقىقىي مەنىگە ئىگە بولالمايۋاتىدۇ. تارىختا خېلى ئۇزۇن دۆلەتتە مەكتەپ مائارىپى ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمران گۇرۇھلارنىڭ غايىسى رامكىسىدا تېپىرلاپ، تۈرلۈك ئالاڭ فورمىلىرىنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالغان بوشلۇققا ئايلىنىپ، ئىجتىمائىي تەرەققىيات يۆنىلىشى بىلەن بىر يۆنىلىشتە ئەمەس، كېسىشمە يۆنىلىشتە ياكى قارشى يۆنىلىشتە ھەرىكەت قىلدى. ئۇنىڭ ئىلمىي تەرەققىياتى جەمئىيەت تەرەققىياتىدىن كېيىن قالدى. شۇڭا، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات ئۇتوپىيىسىگە ياندىشالمىدى. ئۆزىدە ئۇزۇن «كېسەل»نى ساقلاپ كەلدى.

«مائارىپ كېسىلى» ئۇقۇمىنى ئەڭ دەسلەپ كىم ئوتتۇرىغا قويغانلىقىمۇ ئېنىق ئەمەس. ئەمما، 20 ـ ئەسىردىكى غەرب دۆلەتلىرى شۇنداقلا دۇنيادىكى باشقا كۆپ ساندىكى دۆلەتتە ئۆز مائارىپىغا ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن دىئاگنوز قويۇپ، «داۋالاپ» كەلگەن. ياپونىيىلىك پروفېسسور داچياۋشۇن 1975 ـ يىلى «ھازىرقى مائارىپنىڭ پاتولوگىيىسى（病理）» دېگەن ماقالىسىدە، بۇ ئۇقۇم ھەققىدە تەپسىلىي توختالغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، «‹مائارىپ كېسىلى›（教育病理）مائارىپ جەريانىدا كۆرۈلگەن چەتنەپ كېتىش（偏移）ۋە ئۇيغۇنسىزلىق（失调）ھالىتى، يەنى، مائارىپنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى قىسمىدىكى غەيرىي شارائىتنىڭ مائارىپنىڭ كەسپىي رولى ـ فۇنكسىيىسى（职能）نىڭ رېئاللىشىشىنى ئېغىر توسقۇنلۇققا ئۇچرىتىشى (مائارىپ رولىنىڭ توسالغۇسى)دۇر. نەتىجىدە، كۆپ خىل ئوڭۇشسىز（脱逸）ھەرىكەت كېلىپ چىقىدۇ» ⑥. ئىچكى ـ تاشقى غەيرىي ئامىللار مائارىپ توسالغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭدىن ئوڭۇشسىز ھەرىكەت پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل ئوڭۇشسىز ھەرىكەت قايتىپ بېرىپ يەنە غەيرىي ئامىللارغا ئېچىتقۇ بولىدۇ. بۇلار چەمبەرسىمان ھالەتتە بىر ـ بىرىنى ئايلىنىپ داۋاملىشىدۇ.

بۇ ئۈچ قىسىم ئىچىدىكى ئىچكى ـ تاشقى غەيرىي ئامىل بولسا ئائىلە، مەكتەپ، خىزمەت سورۇنى ۋە باشقا جەمئىيەت سورۇنىنى كۆرسىتىدۇ. مائارىپ توسالغۇسى تەربىيە ئىشتىراكچىلىرى（教育当事者）ـ تەربىيىچىلەر ۋە تەربىيىلەنگۈچىلەر خىزمىتىنىڭ توسالغۇ（阻碍）غا ئۇچرىشىنى، مائارىپ نىشانى ۋە مائارىپ مەقسىتىنىڭ رېئاللىشىشىنىڭ تەسلىشىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئوڭۇشسىز ھەرىكەت بولسا، ئىجتىمائىي مىزان（社会规范）ۋە جەمئىيەت ئارزۇسىدىن بىر تەرەپلىمە ھالدا يىراقلاپ كەتكەن بىر خىل ھەرىكەتتۇر. مائارىپ كېسىلى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئوڭۇشسىز ھەرىكەت ئوقۇغۇچىلاردىكى جىنايەت، قانۇنسىز ھەرىكەت قاتارلىق زىيانلىق قىلمىشلار ۋە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش، ئائىلىدىن چىقىپ كېتىش، دەرس قالدۇرۇش، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش، ھورۇنلۇق، تايىنىۋېلىش، ئۆزىنى تونۇماسلىق، ئەخلاق ئۆلچەملىرىدىن چەتنەش، تاشقى مەدەنىيەتكە ئاشقانە نەزەر بىلەن قاراش، ئۆز ئەجدادلىرىنى كەمسىتىش قاتارلىق چۈشكۈنلۈكلەردۇر.

مەكتەپ مائارىپىنىڭ ئاجىزلىقىغا قارىتا تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە كۈچلۈك تەنقىدلەر بولدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا ئامېرىكىدىكى بىر پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى: «يىللىقلار سىستېمىسى ھەربىي سىستېمىغا ئايلىنىپ قالدى. ئوفىتسېرلار رەھبىرىي ئەسكەرلەرنى كۋادرات ماترىسسا (چاسا سەپ 方阵) قىلىپ ئېلىپ ماڭغاندەك، بىر توپ قەلب ئوخشاش شەكىلدە رەتكە چۈشۈرۈلىدۇ ۋە باشقۇرۇلىدۇ. مۇقىم، چىداشلىق بېرىش تەس بولغان چاسا سەپتە، ھەر بىر يىللىق بىردىن قۇلۇپلانغان قەدەم（锁步）دۇر. بۇنداق قۇلۇپلانغان قەدەم دەل ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسى ـ يەنى، ماتېماتىكىلىق رىۋايەت شەكلى بولۇپ، بۇ، ھاياتىي كۈچىنى يوقاتقان ئادەمنى تەربىيىلەپ چىقىۋاتقان چىرىگەن پېداگوگىكىنىڭ بېشارىتىدۇر» ⑦ دېسە، ئەنگلىيىلىك پەيلاسوپ روسسېلمۇ: «مائارىپتا ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ھۆججەت ـ پەرمانلىرى، يوغان سىنىپ، مۇقىم دەرسلىك، خىزمىتى چەكتىن ئاشقان ئوقۇتقۇچىلار، ئوخشاش سەۋىيىدىكى، ئوتتۇراھال دەرىجىدىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىلدۈرۈشكە ئىرادە باغلاش قاتارلىق بالىلارنى ھۆرمەتلىمەسلىك ئەھۋاللىرى ئومۇملىشىپ كەتتى» ⑧ دېگەن. ماسلومۇ: «بىزنىڭ ئەنئەنىۋى مائارىپىمىز ئېغىر كېسەل بىلەن يۇقۇملاندى. پۈتكۈل جەمئىيەت مەدەنىيىتىدىكى ئەڭ قاتمال، ئەڭ ۋاقتى ئۆتكەن، ئەڭ بيۇروكرات، ئەڭ نامۇۋاپىق شەيئىدۇر. شۇڭا، مائارىپ ئىسلاھاتى ئېلىپ بارماي بولمايدۇ» ⑨ دەپ كۆرسەتكەن. چەت ئەللەردىكى تەنقىدچىلەرمۇ مەكتەپنى ھەمىشە ھەربىي لاگېر، تۈرمە ياكى زاۋۇت بىلەن سېلىشتۇرىدۇ. جەمئىيەتشۇناس ئالۋىن توفلېر مەكتەپنى زاۋۇتقا سېلىشتۇرۇپ: «بىر مەركىزىي مەكتەپ (زاۋۇت)تا زور مىقداردىكى ئوقۇغۇچى (ماتېرىيال) يىغىلغان بولىدۇ. ئوقۇتقۇچى (ئىشچى) ئۇلارنى ئىنتىزام ۋە ئۆلچەم بويىچە، كۆلەملەشكەن ئىشلەپچىقىرىش دەۋرى قوبۇل قىلغۇدەك شەكىلدە پىششىقلاپ ئىشلەپ چىقىدۇ» دېسە، تۈرمىگە سېلىشتۇرۇپ: «مەكتەپ تۈرمىگە ئوخشايدۇ. بىر تۈرمە باشلىقى (مەكتەپ مۇدىرى)، ساقچى (ئوقۇتقۇچى)، مەجبۇرىي جازا مۇددىتى ئۆتەيدىغان مەھبۇس (ئوقۇغۇچى)، بېسىم كەيپىياتى (چۈنكى، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغانلارنى شۇ ھامان جازالايدىغان ئىشكىباقار ۋە سىنىپ باشلىقى بار)، جىمجىتلىقنى ساقلاشنى تەلەپ قىلىش، رەتلىك بولۇشنى تەلەپ قىلىش، ھەممە ئىشتا رۇخسەتلىك بولۇشنى تەلەپ قىلىش قاتارلىق ئەھۋاللار بار» ⑩ دەيدۇ. شۋېتسارىيە مائارىپشۇناسى خۇسېن (T. HUSEN) 20 ـ ئەسىردىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مائارىپىنى تەنقىد قىلىپ: «مەكتەپ تەربىيىسىدە يېتىدىغان نىشان خاسلىق شەكىللەندۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش نۇقتىسىدىن بايان قىلىنىشى كېرەك. كىشىلەر مەكتەپتىن ئۆزىگە ئۆزگىرىش ئەكېلىشنى ئويلايدۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىش بىلىش ساھەسى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. مەكتەپ ئوقۇغۇچىلاردا ھەرىكەت ۋە پوزىتسىيە شەكىللەندۈرۈشى كېرەك. ئوقۇغۇچىلار مىللىي مەدەنىيەتتىن لايىقىدا ھوزۇرلىنالايدىغان، ھەرىكەتتىكى ئەخلاق ۋە گۈزەللىكنىڭ قىممەت قارىشى يېتەكچىلىكىدە بولىدىغان بولۇشى، مەسئۇلىيەتچان، پائالىيەتلەرگە تەشەببۇسكار قاتنىشىدىغان، مۇستەقىل پۇقرا بولۇپ يېتىلىشى كېرەك» ⑪ دەپ ئەپسۇسلىنىدۇ. ئامېرىكىلىق مەشھۇر پېداگوگ ۋە پسىخولوگ كارنېرمۇ: «ئۆتكەن ئەسىردىكى ئوقۇتۇشنىڭ ئەڭ چوڭ خاتالىقى، ھەممە بالىنى پەرقسىز ـ ئوخشاش دەپ قاراپ، بىرلىككە كەلگەن شەكىلدە، ئوخشاش پەننى ئۆتۈپ، ئوخشاش مۇئامىلە قىلدۇق» ⑫ دەپ يازىدۇ. مەكتەپ مائارىپىدىكى مۇنداق نۇقسانلارغا قارىتا بەزىلەر «بۇلار ئاشۇ شەخسلەرنىڭ سۇبيېكتىپ قارىشى» دېيىشى مۇمكىن. ئەمما، بۇ ئەمەلىيەتتۇر.

4

ياپونىيە ئالىمى كېنىچى ئوخما مۇنداق دېگەن: «ئەگەر سىز بۈگۈن گۈللەنگەن دۆلەتلەر ـ شۋېتسارىيە، سىنگاپور، كورىيە، ياپونىيىلەرگە قارىسىڭىز بايقايسىزكى، ئۇلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى، دۆلەت زېمىنى كىچىك، بايلىقى يوق. ياخشى تەربىيىلەنگەن ئەمگەكچان خەلقى يەر

شارى ئىقتىسادىغا قاتنىشىدىغان يۇكسەك ئىرادىگە ئىگە. مول بايلىقنىڭ بولۇشى شۇ دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئاستىلىتىۋېتىدۇ. چۈنكى ئۇ يەردىكى ئەمەلدارلار پۇل ھەممە مەسىلىنى ھەل قىلالايدۇ، دەپ قارايدۇ. يەر شارى ئىقتىسادىدا مۇۋەپپەقىيەتكە ھەقىقىي مۇناسىۋەتلىك بولىدىغان ئامىل تەبىئىي بايلىقتىن بازارغا يۈزلىنىشتۇر. گۈللىنىش ئۈچۈن سىز بازارغا قاتناشمىسىڭىز بولمايدۇ. بۇ دەل ئادەم بايلىق يارىتىشنىڭ بىردىنبىر ھەقىقىي قورالى ئىكەنلىكىنىڭ بېشارىتىدۇر» ⑬ . بىز ئۇنىڭ قارىشىغا تولۇق قوشۇلالمايمىز. بىر دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىدا، تەبىئىي بايلىقمۇ بولۇشى كېرەك. چۈنكى گۈللىنىش ئۈچۈن ئەتراپلىق كاپىتال لازىم. بۇ يەردە دېيىلگەن ئەتراپلىق كاپىتال تەبىئىي بايلىق بىلەن ئادەمنىڭ زېھنىي كۈچى بايلىقىدىن تەركىبلىنىدۇ. ئەمما، دەرۋەقە، مائارىپنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرغان بۇ دۆلەتلەر تەبىئىي بايلىققا ئانچە تايانمىغان. ئامېرىكا ئۆزىنىڭ تەبىئىي بايلىقىنى كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ پايدىلىنىشىغا قالدۇرغان. ئاساسىي كىرىمى سانائەتتىن كېلىدۇ. 2% دېھقان ئاھالە ئىشلەپچىقارغان ئاشلىق پۈتكۈل دۆلەتنى قامدىيالايدۇ، ھەتتا ئاشلىق ئېكسپورت قىلىدۇ. ياپونىيە ئەڭ پايدىلىق ئورۇندىكى بايلىق مەنبەسىگە ئەڭ نامرات دۆلەت بولۇپ، نېفىتنى ئوتتۇرا شەرقتىن، كۆمۈرنى ئاۋستىرالىيەدىن، تۆمۈر رۇدىسىنى ئاۋستىرالىيەنىڭ شەرقىدىن ۋە برازىلىيەدىن، بۇغداي ۋە گۈرۈچنى ئامېرىكىدىن، كاشتاننى جۇڭگودىن، قارا بۇغداينى كانادادىن ئەكىرىدۇ. بىراق، «پىششىق مېلى» دۇنياغا داڭلىق. شۇڭا، بەزىلەر «ياپونىنىڭ مېلى، ئامېرىكىنىڭ پۇلى، ئەنگلىيەنىڭ تىلى يامان» دەپ قويىدۇ. ئۇلارنىڭ بۈگۈنكىدەك تەرەققىي قىلىشىدا مائارىپنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇشى، بىزنى ئويلاندۇرىدۇ. ياپونىيەدە «مەجبۇرىيەت مائارىپى» بويىچە ئوقۇشقا كىرىش نىسبىتى 1895 ـ يىلى 61% كە، 1905 ـ يىلى 90 % كە يەتكەن ⑭ . 1975 ـ يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆرلەش نىسبىتى 90% كە، ئالىي مەكتەپكە ئۆرلەش نىسبىتى 30% كە يەتكەن ⑮ . 1980 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ (تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلىرى) بويىچە ئوقۇشقا كىرىش نىسبىتى 94% كە، ئالىي مەكتەپكە كىرىش نىسبىتىمۇ 94% كە يەتكەن. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا، ياپونىيەنىڭ 1985 ـ يىلدىكى GDP قىممىتى 1970 ـ يىلدىكىدىن 450% ئاشقان ⑯ . ئامېرىكىدىمۇ نۆۋەتتە ئۈچتىن بىر قىسىم ئوقۇغۇچى ئالىي مەكتەپكە كىرەلەيدىكەن ⑰ . كورىيەدە ھازىر 12 يىللىق «مەجبۇرىيەت مائارىپى» 98% ئومۇملاشتى. بۇ دۆلەتلەر يېڭى دەۋر مائارىپ ئىسلاھاتىنى 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلىغان بولۇپ، ئۇزاق ئىزدىنىش يولىنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئادەمنىڭ تەبىئىي تەرەققىياتىغا ماسلىشىپ، يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئېچىشنى تۈپ بەلگە قىلغان مائارىپ نەزەرىيىلىرىنى سىستېمىلاشتۇرغان ھەمدە ئىزچىل ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ، ئامېرىكا مائارىپ نەزەرىيىلىرىنىڭ ئوچىقى دېيىلىدۇ.

تەرەققىيات بىلەن مائارىپ ئەنە شۇنداق باغلىنىشقا ئىگە ئىكەن، مائارىپنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى رولىنى ھەقىقىي ئىزچىللاشتۇرۇشنى نىشانلىغاندا، مائارىپ مەسىلىسى پۈتكۈل جەمئىيەتتە كەڭ ئېتىبارغا ئېرىشىشى، ئائىلىدىن باشلاپ مەكتەپكىچە بالىلارنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىش، تەربىيىلىنىش ئىمكانىيىتى بېرىشكە تىرىشىشى كېرەك. باللىق دەۋرىدە بالىلارنىڭ ئۆمۈرلۈك تەپەككۇر ۋە ھەرىكەت شەكلىنىڭ شەكىللىنىشىگە ماسلىشىش كېرەك. مەكتەپ مائارىپىدا ھەر بىر پەرزەنت، ھەر بىر قوۋم بىر خىل ئالاھىدە تۇپراق، دەپ قارىلىشى، ئالاھىدە پەرۋىشلىنىشى، ئىلمىي تەربىيىنى قانات يايدۇرۇشقا ئالاھىدە كۈچىشى كېرەك. ھازىر تەرەققىي تاپقان كۆپلىگەن دۆلەتتە بالىلارنىڭ ئۈچ ياشتىن بۇرۇنقى تەربىيىلىنىشىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ. ئاتا ـ ئانىلارنى تەربىيىلەۋاتىدۇ. ئايرىم دۆلەتلەردە ھۆكۈمەت ئانىلارنىڭ نورمال ئىش ھەققى بىلەن ئارام ئېلىپ، بالىلىرىنى تەربىيىلىشىگە ئىمكانىيەت بېرىۋاتىدۇ. گەرچە «مائارىپ كېسىلى» مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا ئومۇمىي مەسىلە بولسىمۇ، ئۇنى تۈزىتىشكە تىرىشىۋاتىدۇ. بىر سىنىپقا 15 ـ 18 ئەتراپىدا ئوقۇغۇچى تۇراقلاشتۇرۇپ، ئىلھام بېرىشنى كۈچەيتىش، قىزىقىشى بويىچە تەربىيىلەش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مىللىيىتىگە ھۆرمەت قىلىش، تەربىيە نىشانىنى ئائىلە باشلىقلىرى بىلەن بىللە بەلگىلەش، مەكتەپلەرگىچە دەرسلىك تاللاش ھوقۇقى بېرىش، تاللاپ ئۆگىنىلىدىغان مەزمۇنلارنى كۆپەيتىش... قاتارلىقلار بۇنىڭ مىسالىدۇر.

بىزچۇ؟ بالىلار ئۈچ ياشتىن بۇرۇنقى ئىلمىي تەربىيىگە شۇ قەدەر موھتاج. ئەمما، بىز بوۋاقلارغا ۋاكسىنا ئۇرۇشتىن ئويۇنغا ئۆتۈپ باقمىدۇق. ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىگە نىسبەتەن، بىر بالىنى يەسلى يېشىغا ئەكەلگىچە «قىيامەت قايىم» بولىدۇ.

تېخىمۇ خەتەرلىكى، ئۇزاقتىن بۇيان دۆلىتىمىزنىڭ مەكتەپ مائارىپىدىمۇ مەسىلىلەر دۆۋىلىنىپ كەتتى. بەزىلەرنىڭ «ئاشۇرۇۋېتىلگەنلىك» دەپ ئەجەبلەنمەسلىكى ئۈچۈن، ئانا ۋەتەننىڭ كېلەچىكى ھەققىدە ئاچچىق ھېسلارغا چۆمگەن قەلەمكەشلەردىن بىرى بولغان يازغۇچى، ئاڭ مەدەنىيىتى ۋە تۈزۈلمىنى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلغان تەتقىقاتچى رەن يۈنفېي ئەپەندىنىڭ بەزى يەكۈنلىرىنى قىسقىچە ئەسلەپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتىم. ئۇنىڭ 1999 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ساقايماس كېسەل» (沉病) دېگەن كىتابى جۇڭگو مائارىپىنى بىر قەدەر ئەتراپلىق، مۇپەسسەل ئوپېراتسىيە قىلغان ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئاپتور بۇ كىتابىدا، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئېغىر ئارقىدا قېلىشى، تۈزۈلمىدىكى ئامالسىز قېلىۋاتقان چىرىكلىشىش، ئىشقا ئورۇنلىشىش بېسىمى، چېكىنىۋاتقان بازار، سۈرئىتى بەكمۇ ئاستا بولۇۋاتقان دېموكراتىيە مۇساپىسى، ئۆز ئورنىنى تاپالمايۋاتقان قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى، كونىراپ قاتماللىشىپ قالغان مائارىپ تۈزۈمى قاتارلىقلارنى نۆۋەتتىكى مۇھىم كرىزىس (危机) دەپ ساناپ ئۆتىدۇ ⑱ . ئۇنىڭ قارىشىچە، جۇڭگو مائارىپىدىكى كرىزىسلار بەك كۆپ ۋە ئېغىر بولۇپ، ئاساسلىقى مائارىپ تۈزۈمىنىڭ چىرىكلىشىشى (腐败) ۋە قاتماللىشىشى (مەسىلەن: جەمئىيەتتە مەكتەپ ئاچماي، مەكتەپتە جەمئىيەت ئېچىش)، فېئودال ساداقەتمەنلىك مائارىپ قارىشى، قورال ئېڭى، ھايۋانىي نۇسخىدىكى پايدىچىلىق، مائارىپ خىراجىتىنىڭ ئېغىر يېتىشمەسلىكى ھەمدە ئىسراپچىلىق، پېداگوگىكا مائارىپىدىكى ئىلغارلىق ۋە پۈتۈنلۈكنىڭ كەم بولۇشى، ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش سانىنىڭ كەملىكى ۋە سۈپىتىنىڭ تۆۋەنلىكى، ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىي ئەخلاقىنىڭ ئېغىر بۇزۇلۇشى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە كۈتۈنۈشىنىڭ تۆۋەنلىكى، مەكتەپ باشقۇرۇشنىڭ قالايمىقانلىقى، دەرسلىك تۈزۈشتىكى كونىلىق، پەنلەرنى لايىھەلەشتىكى يۈزەلىك ۋە نەزەرنىڭ تارلىقى، ئىجتىمائىي پەنلەر بىلەن تەبىئىي پەنلەرنىڭ ئىككى

قۇتۇپقا ئايرىلىپ كېتىشى، يېتىشتۈرۈلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئەتراپلىق ۋە ئۆتكۈر بولغان تەنقىد ئېلىپ بېرىش ئىقتىدارىنىڭ يوقىلىشى، ئوقۇتۇش شەكلى جەھەتتىكى ئۆلۈك، مەززىسىزلىك... ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت ئىقتىدارىنىڭ تۇنجۇقۇشى، گەپ ئاڭلايدىغان بۇتلارنى يېتىلدۈرۈش، مەكتەپ باشقۇرغۇچىلاردىكى بىيۇروكراتلىشىش، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار نىسبىتىنىڭ تۆۋەن بولۇشى، مائارىپ بايلىقىنى تەقسىملەشتىكى مۇۋاپىقسىزلىق ۋە ئىسراپچىلىقنىڭ كۆپلۈكى، توققۇز يىللىق «مەجبۇرىيەت مائارىپى»نى ئومۇملاشتۇرۇشتىكى شەكىللۋازلىق، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش، مۇستەھكەملىنىش، ئوقۇش پۈتكۈزۈش لاياقىتى، ئۆرلەپ ئوقۇش نىسبىتىنىڭ تۆۋەنلىكى، مەكتەپ ئىچىشتىكى قاتتىق ـ يۇمشاق شارائىت ـ ئەسلىھەلەرنىڭ كەملىكى، مۇبالىغە، ئالدامچىلىق قىلمىشلىرىنىڭ كۆپلۈكى، يۇقىرىنى ئالداپ تۆۋەننى بېسىش ئەھۋاللىرى، ھۆكۈمەتنىڭ مائارىپنى باشقۇرۇشنىڭ بەك ئۇششاقلىنىپ كېتىشى ۋە قاتماللىقى... قاتارلىقلاردۇر⑲ .

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن «كېسەللەر» ئۇيغۇر مائارىپىدىمۇ ئۆزىگە خاس شەكىللەردە مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە. مائارىپىمىزدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ھەققىدە ئومۇمىي تەھلىلنى قويۇپ تۇرۇپ، پەقەت مائارىپ خىراجىتىنىڭ ئېغىر يېتىشمەسلىكى ھەمدە ئىسراپچىلىق ھەققىدە سۆز ئاچساق، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى خېلى كۆپ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتى ناچار. بەزى ناھىيىلەردە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققىگىمۇ ۋاقتىدا كاپالەتلىك قىلالماسلىق ئەھۋاللىرى بار. شتاتلىق ئوقۇتقۇچىلار سانى ئۆلچەمگە يەتمەيدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئەمەس، ئوتتۇرا مەكتەپلەردىمۇ ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچىلار بار. ئەمما، ئالدىنقى يىلى «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىر قىسىم ۋىلايەت، شەھەرلەرنىڭ مائارىپ خىراجىتى ۋە نامرات ئوقۇغۇچىلارنى قۇتقۇزۇش خىراجىتىنى تۈرلۈك يوللار بىلەن يۇتۇۋېلىش ئەھۋالىنىڭ ئېغىرلىقى خەۋەر قىلىندى. سۆزدە «مائارىپقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك» دەپ، ئەمەلىيەتتە مائارىپ خىراجىتىنى قىسىۋېلىش، يۇتۇۋېلىش، يالغاندىن مەلۇمات يوللاش، شۇ سەۋەبتىن ئوقۇتقۇچىلار يۈكىنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىشى ۋە بىلىم ئاشۇرۇشقا بېرىشنىڭ تەسلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش... قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھېس قىلىش مۇمكىن. بەزى ئىدارە، مەكتەپلەر، يېزا ـ بازارلىق مائارىپ ئىشخانىلىرىنىڭ پۇل ھېساباتىدىكى ئىسراپچىلىققا قاراپ، بىز ئوقۇتقۇچىلار قاتتىق ئېچىنىمىز، ئىچىمىز ئاچچىق بولىدۇ.

بىزنىڭ مائارىپ ئىچىمىزدىكى مەسىلىلەرنى بىر ـ بىرلەپ ساناپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇيغۇر مائارىپى ھەرقانداق زامانىۋى مائارىپنىڭ مەركىزىي پرىنسىپى بولغان مىللىيەتلىك ـ خاسلىققا دېگەندەك ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن، ئەنئەنىۋى ئەخلاقتىن چەتنەش باش كۆتۈرۈپ، ئاتاقلىق خەلق شائىرى روزى سايىت يازغاندەك:

توۋا دەيمەن، بۇ بىر ئەۋلاد «كىم»لىشىپ كەتتى؟
ۋىجدانىنى زەي ـ شور بېسىپ چىملىشىپ كەتتى.
قەشقەر، خوتەن ئاشتۇزىدا ئەتلەنگەن تۇرۇپ،
يۈرۈش، تۇرۇش، ئوي ـ پىكرىدە «رىم»لىشىپ كەتتى.
يىگىتلىرى ئەردەك ئەمەس، روھى زەيپانە،
ئەقلى پۇلىمەز، غۇرۇرى دەز ـ نىملىشىپ كەتتى.
قىزچاقلىرى قىزدەك ئەمەس، شەرمى، ۋاپا كەم،
بېشى ئوچۇق، كۆكسى ئوچۇق، شىملىشىپ كەتتى.
«تاڭنا ـ ئەتە» خۇسۇسىغا لەۋزى ـ پاراڭ يوق،
جىسمى كەيپۇ ـ ئىشرەت بىلەن ھىملىشىپ كەتتى.
بېشارەت بۇ گۇمراھلىقتىن، يىتۇل غاپىللىق،
يۇرقىتىمدە شائىر تىت ـ تىت، جىملىشىپ كەتتى...

دېگەندەك ئىشلار بولۇۋاتىدۇ.

بىز ئەخلاق مەسىلىلىرىنى تىلغا ئالغاندا مائارىپنىڭ مەسئۇلىيىتى ھەققىدە چېقىلىپ سۆزلەپ قويىمىز. ئەمما مائارىپ ھەققىدە چوڭقۇر، ئىلمىي چۈشەنچىمىز تۈزۈك تىكلەنگىنى يوق. نۆۋەتتە، دۇنيادىكى بارلىق ئەللەردىكى مائارىپشۇناسلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەخلاقنىڭ تۈپ يىلتىزىنى ئېتىقادتىن ئىزدەۋاتىدۇ. ئەمما بىزدىكى بالىلار ئەخلاقىي ھېسسىياتىنى مۇناسىپ يۈكسەكلىككە كۆتۈرەلمەي، ئەنئەنىدىن ئايرىلغان «ياۋا مېۋە» بولۇپ يېتىشىپ چىقىۋاتىدۇ؛ ئەمما بىزنىڭ مائارىپىمىز بىلىپ ـ بىلمەي شەخسنىڭ غەيرىيلىشىشى، جىنسىيەتنىڭ ئېچىلىشى قاتارلىق ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە «يېشىل چىراق» يېقىپ بېرىۋاتىدۇ.

دەسلەپكى تەربىيىنىڭ بىرىنچى مۇھىم مەقسىتى تالانتلىقلارنى يارىتىش ئەمەس، بەلكى مېڭىسى ئۆتكۈر، تېنى ساغلام، كەيپ ـ مىجەزى ئوچۇق ۋە ئەركىن بولغان بالا يېتىشتۈرۈش ئۈچۈندۇر. تەتقىقاتلاردىن قارىغاندا، بالىلىق مەزگىل ئادەمنىڭ زېھنىي تەرەققىياتى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى مەزگىل بولۇپ، كونكرېت ئېيتقاندا، بىر ياش ئاڭلاش سەزگۈسى تەرەققىياتىنىڭ، ئىككى ـ ئۈچ ياش ئېغىز تىلى مەشىقىنىڭ، ئۈچ ياشلار ھەرىكەت ئادىتى شەكىللىنىشىنىڭ، تۆت ياش ئەقلىي ئىقتىدار تەرەققىياتىنىڭ، بەش ياش بولسا سان چۈشەنچىسىنى ئىگىلەشنىڭ، ئۈچ ياشتىن ئالتە ياشقىچە خاراكتېر شەكىللىنىشىنىڭ ئەڭ ياخشى مەزگىلى ئىكەن. مۇزىكىنى ئۈچ ياشتىن باشلاپ، چەت ئەل تىلى (ئاساسلىقى ئېغىز تىلى)نى ئون ياشتىن باشلاپ ئۆگەنسە ئەڭ ياخشى مەزگىل بولىدىكەن ⑳ . بىزنىڭ بالىلىرىمىز ئۈچ ياشقا كىرگىچە يېتەرلىك پەرۋىشكە ئېرىشەلمىسىمۇ، كۆپىنچىلىرىنىڭ مېڭىسى يەنىلا ئۆتكۈر، تېنى ساغلام، كەيپ ـ مىجەزى يەنىلا ئوچۇق ۋە ئەركىندۇر. ئەمما، ئاشۇنداق ئىستىخىيلىك تەرەققىي قىلغان بالا مەكتەپكە قەدەم باسقاندىن كېيىن، مەكتەپ مائارىپىمىز ئۇنىڭ خاس بولغان يوشۇرۇن ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، يالغۇز دۆلەت ۋە جەمئىيەتكە ئەمەس، ئۆزىگىمۇ تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلىدۇ. بالىلارنىڭ ئەسلىدىكى جۇشقۇنلۇقى يوقىلىدۇ. ئۆزى تەرەققىي قىلىش مۇمكىنچىلىكىدىكى مەنىۋى ئىلھام، قوللاش، يېتەكلەشكە ئېرىشەلمەيدۇ. ئىلمىي يېتەكچىلىك قىلىنسا، بىر بالىنى تۆت ياشقا تولغىچە ساۋاتىنى چىقارغىلى بولىدۇ. ئەمما، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يىراق يېزىلاردا باشلانغۇچتا ئالتە يىل ئوقۇپمۇ پۈتۈنلەي ساۋاتسىز قالىدىغان ئىشلار بار. ھەتتا، بەزى جايلاردا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنىڭ ساۋاتسىز قېلىشى نورمال ئىش. بۇ، ئاشۇ بالىلارنىڭ تەبىئىي زېھنى كەملىكىدىن ئەمەس، مائارىپىمىزنىڭ «كالاڭ»لىقىدىندۇر. مائارىپ تەرەققىي تاپمىغان قەدىمكى جەمئىيەتتە، بارلىق ئىلىم ساھەسىدە دېگۈدەك بۈگۈنكى كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان

گىگانت شەخسلەر بارلىققا كەلگەن. ئارستوتېل، ئەپلاتون... يەنە نۇرغۇن مۇتەپەككۇرنىڭ تەپەككۇرى بۈگۈنگىچە يادلىنىۋاتىدۇ. ئايروپىلان تەسەۋۋۇرىنى داۋىنچ تۇنجى ئوتتۇرىغا قويغان، بىراق ئۇ چاغدا ماتور كەشپ قىلىنمىغاچقا رېئاللاشمىغان. بۇنداق مىساللار ئىنتايىن كۆپ. ھازىر مائارىپ شۇنچە تەرەققىي قىلدى، دەيمىز. مائارىپنىڭ ئومۇملىشىشى ئاشۇ دەۋرلەردىن 100 ھەسسە ئەمەس، ھەتتا نەچچە مىڭ ھەسسە ئېشىپ كەتكەندۇ. ئەمما، ئاشۇلاردەك گىگانت شەخسلەر نېمىشقا شۇنداق يۇقىرى نىسبەت بويىچە يېتىشىپ چىقمايدۇ؟ بىزنىڭ مائارىپىمىز نېمىشقا بالىلارنى شۇنچە ھۇرۇن، سۆرەلمە، بىغەرەز قىلىۋېتىدۇ. نېمىشقا شۇنچە يىل قويىندا تۇرغۇزۇپ، تۈزۈكرەك ساۋاتلىق قىلالمايدۇ؟ بۇ ئادەمنى ھەقىقەتەن ئەجەبلەندۈرىدىغان مەسىلە.

مائارىپىمىزدا نۇرغۇن مەسىلە تۈزۈملۈك ھالەتتە ساقلىنىپ تۇرماقتا. مائارىپ ئىدىيىمىزدىكى بىر تەرەپلىمىلىك، قېلىپبازلىق، قاتماللىق، شەكىلۋازلىق، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەملىكى، سۈپەت ئېگىزلىكىنىڭ تۆۋەنلىكى، ئۆلۈك رەسمىيەتچىلىكنىڭ ئېغىرلىقى تۈپەيلىدىن، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان زېھنى كۈچى تورمۇزلىنىدۇ.

مائارىپ بىر خىل كىشىلىك ھوقۇق. تىنچلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، كىشىلىك ھوقۇق ۋە نېگىزلىك ئەركىنلىكنى قەدىرلەشنى ئومۇملاشتۇرۇشتىكى مۇھىم ۋاستە. مائارىپ تېخىمۇ ياخشى تىنچ دۇنيا بەرپا قىلىشتىكى يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرماقچى بولسا، ھەممە ئادەم باراۋەر بەھرىمەن بولىدىغان مائارىپ پۇرسىتى يارىتىش كېرەك. ئەمما، بۇ بالىلار يېتەرلىك پۇرسەتتىن بەھرىمەن بولالمايدۇ. ھۆكۈمەت چەكلىۋاتسىمۇ بەزى مەكتەپ، ھەتتا مائارىپ كەسپىي ئورگانلىرىنىڭ نەزەرىدە يېزىلاردىكى نۇرغۇن بالا زاپاس ئەمگەك كۈچلىرى دەپ قارىلىپ، ھەدېسىلا دەرس توختىتىلىپ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىدۇ. نەتىجىدە، ئۇلار تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى تۈگەتكىچە، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان يېتەرلىك بىلىم، تىرىشچانلىق، ئىشچانلىق، چىداملىق، ئىنتىلىشچانلىق قاتارلىق خاراكتېر سۈپەتلىرىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ھەممىمىز تەرەققىي قىلىشقا ئىنتىلىمىز، ئەجەبا، تەرەققىياتنىڭ بۇ ئۇق يىلتىزىغا بولغان ئېتىبارىمىز شۇمىدۇ؟

2006 ـ يىل 2 ـ مارت، پوسكام ـ گۈلباغ

## ستاتا مەنبەلىرى

① ۋىنكېنت. ن. پارىللو، جون سىتىمسون، ئاردىس سىتىمسون (ئامېرىكا): «بۈگۈنكى دەۋردىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەر»، «خۇاشيا» نەشرىياتى 2001 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.

② جوڭ چىچۈەن قاتارلىقلار تۈزگەن: «جۇڭگو مائارىپىنى چۈشىنىش»، مائارىپ ئىلمى نەشرىياتى 2000 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 101 ـ بەت.

③ ياڭ خەنلىن، جۇسەي: «چەت ئەل بالىلار مائارىپى تارىخى»، گۇاڭشى مائارىپ نەشرىياتى 1993 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 17 ـ بەت.

④ جانېت ۋاس (ئامېرىكا)، گوردېن دىيېردېن (يېڭى زېللاندىيە): «ئۆگىنىش ئىنقىلابى»، شاڭخەي «ئۈچ بىرلەشمە» نەشرىياتى 1997 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 153 ـ بەت.

⑤ ب د ت مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى خەلقئارا مائارىپ تەرەققىياتى كومىتېتى تۈزگەن: «مەۋجۇدلۇقنى بىلىش ـ مائارىپ دۇنياسىنىڭ بۈگۈنى ۋە ئەتىسى»، شاڭخەي تەرجىمە نەشرىياتى 1979 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 116 ـ بەت.

⑥ داچياۋشۈن: «ھازىرقى مائارىپنىڭ پاتولوگىيىسى»، جاڭ جىيېرېن تۈزگەن «چەت ئەل مائارىپ جەمئىيەتشۇناسلىقى ماقالىلىرىدىن تاللانمىلار» ناملىق توپلام، خۇادۇڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1989 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 48 ـ بەت.

⑦ دېڭ جىۋېي: «خاسلاشقان ئوقۇتۇش نەزەرىيىسى»، شاڭخەي مائارىپ نەشرىياتى، 2002 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 34 ـ بەت.

⑧ بېرتراند روسسېل (ئەنگلىيە): «جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش پىرىنسىپلىرى»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 94 ـ بەت.

⑨ ۋاڭ چىڭشىن: «روھ ۋە مائارىپ»، شاڭخەي مائارىپ نەشرىياتى 2002 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 141 ـ ، 142 ـ بەتلەر.

⑩ ۋىنكېنت. ن. پارىللو، جون سىتىمسون، ئاردىس سىتىمسون (ئامېرىكا): «بۈگۈنكى دەۋردىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەر»، «خۇا شيا» نەشرىياتى 2001 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 332 ـ ، 323 ـ بەتلەر.

⑪ دېڭ جىۋېي: «خاسلاشقان ئوقۇتۇش نەزەرىيىسى»، شاڭخەي مائارىپ نەشرىياتى 2002 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 78 ـ بەت.

⑫ يۇقىرىقى كىتاب 55 ـ بەت.

⑬ ج. ۋاس (ئامېرىكا)، گ. دىيېردېن (يېڭى زېللاندىيە): «ئۆگىنىش ئىنقىلابى»، شاڭخەي «ئۈچ بىرلەشمە» نەشرىياتى 1997 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 19 ـ بەت.

⑭ ساتوماناب (ياپونىيە): «يەر شارىلىشىش دەۋرىدىكى ياپونىيە مەكتەپ مائارىپى ئىسلاھاتى»، «مائارىپ تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 2006 ـ يىل 1 ـ سان، 49 ـ بەت.

⑮ داچياۋشۈن: «ھازىرقى مائارىپنىڭ پاتولوگىيىسى»، جاڭ جىيېرېن تۈزگەن «چەت ئەل مائارىپ جەمئىيەتشۇناسلىقى ماقالىلىرىدىن تاللانمىلار» ناملىق توپلام، خۇادۇڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1989 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 485 ـ بەت.

⑯ ساتوماناب (ياپونىيە): «يەر شارىلىشىش دەۋرىدىكى ياپونىيە مەكتەپ مائارىپى ئىسلاھاتى»، «مائارىپ تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 2006 ـ يىل 1 ـ سان، 49 ـ بەت.

⑰ تۇرسۇن قۇربان: «تەلىم ـ تەربىيە سۈپىتى ۋە مىللەتنىڭ ساپاسى مەسىلىسى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1998 ـ يىل 3 ـ سان، 27 ـ بەت.

⑱ رەن يۈنفېي: «كېسەل ـ جۇڭگو مائارىپىدىكى خەۋپ ۋە تەنقىد»، «نەنفاڭ» (جەنۇب) نەشرىياتى 1999 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، «مۇقەددىمە» 1 ـ بەت.

⑲ يۇقىرىقى كىتاب 5 ـ بەت.

⑳ لىن خۇامىن تۈزگەن: «دۇنيا كلاسسىك مائارىپى نەمۇنىلىرىدىن ئىلھاملار»، «دېھقانلار ئوقۇشلۇقى» نەشرىياتى 2003 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 7 ـ بەت.

---

ئاپتور: پوسكام ناھىيە گۈلباغ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى



# دېكابىردىكى ستوكھولم ۋە شىمالىي ياۋروپا خىياللىرى

ـ ئاپتورنىڭ يەنە بىر يېڭى چىققان «ئۆرلۈك ۋە كېمىلىك ـ ياۋروپا قىرغاقلىرىدىن مەركىزىي ئاسىيا چوڭقۇرلۇقلىرىغا قاراپ» ناملىق كىتابىدىن پارچە

ئەسەد سۇلايمان

ستوكھولمدا لەپىلدەپ قار ياغقىلى تۇردى...

ئۇپسالادىكى ئىشلىرىمنى تۈگىتىپ، شۋېتسىيە ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتى شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتىنىڭ بىناسىدىن چىققىنىمدا، نەمخۇش ساپ ھاۋا يۈزلىرىمگە ئۇرۇلۇپ مېنى خېلىلا سەگىتىپ قويدى. تېخى چۈشتىن كېيىن سائەت بەشلەر بولغان بولسىمۇ، ئەتراپنى ئاللىقاچان قاراڭغۇلۇق قاپلاپ، شىمالىي قۇتۇپنىڭ ئۇزاق كېچىسى باشلانغانىدى. ئۇدۇل ئۆيگە قايتىش خىيالىدىن ۋاز كېچىپ، ستوكھولم شەھىرىنىڭ مەركىزىدىكى قەدىمىي كوچىلارنىڭ بىرىگە كەلدىم. ئىشتىن چۈشۈپ، ئالدىراشلىق بىلەن ئۆيلىرىگە قايتىشقا ئالدىراۋاتقان كىشىلەر ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتۈشمەكتە ئىدى. بۇ يەر ئەسلىدە بىر ئارال بولۇپ، كېيىن قورۇقلۇق بىلەن تۇتاشتۇرۇلغانىكەن. شۋېتسىيە پادىشاھلىرىنىڭ قەدىمىي ئوردىسىمۇ بۇ جايدا بولۇپ، بۇ كوچىدىكى بىنالارنىڭ كونىلىقى ۋە تىقما ـ تىقمىلىقى بىلەن قەشقەر شەھىرىنىڭ تار كوچىلىرىنى ئەسلىتەتتى. مانا بۇ جاي ستوكھولمدىكى ئەڭ داڭلىق قەدىمىي شەھەر رايونى بولۇپ، «گاملا ستان» (كونا شەھەر) دەپ ئاتىلاتتى.

ئۈستۈمىزگە تىنىمسىز قونۇۋاتقان قار ئۇچقۇنلىرى ئېرىپ، يۈزۈمنى ھۆل قىلىۋەتتى. شۇنداقتىمۇ ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي يولۇمنى داۋاملاشتۇردۇم. ئۆزۈمنى شىمالىي ياۋروپانىڭ رەڭگارەڭ چىراغلار چاقناپ تۇرغان پايتەختىدە ئەمەس، بەلكى يىراق مەركىزىي ئاسىيادىكى قارا قىشنىڭ قار ـ مۇزلىرىغا ئورالغان ئورۇمچى كوچىلىرىدا كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلماقتا ئىدىم. خىيالىم كۆپ، ھېسسىياتىم مۇرەككەپ ئىدى...

مانا، ۋەتەندىن ئايرىلىپ، قەلبىمگە بىرمۇنچە ئارزۇ ـ ئارمانىنى پۈكۈپ شىمالىي ياۋروپادىكى بۇ تىنچ دۆلەتكە كەلگىلى 20 كۈنچە بوپقالدى. راستىنى دېسەم، مەندىكى ياتسىراش تۇيغۇسى تۈگىمەكتە يوق، تېخى بارغانسېرى كۈچىيىپ بارماقتا ئىدى. ئەتراپىمدىكى ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرغان ھەر خىل ئىرقتىكى كىشىلەر ئارىسىدا گويا ئۆزۈمنى ئاسماندىن چۈشۈپ قالغاندەك يات ۋە يوچۇن ھېس قىلماقتا ئىدىم. ئوخشاشمىغان مەدەنىيەتلەر جىددىي رەۋىشتە بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ، يەر شارىلىشىش ئىشقا ئېشىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا ئەجەبا بىز بۇ ئېقىمدىن شۇنچە يىراقتا قالدۇقمۇ ـ قانداق؟ ياۋروپادىكى ئوخشىمىغان ئىككى دۆلەتتە تۇغۇلغان ئىككى ياۋروپالىق تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قېلىپ ئۆزئارا سۆھبەتلەشكەندە، ئۇلار تەبىئىي رەۋىشتە ئۆزلىرىنىڭ پسىخىك تەگچۈگلۈقىنى ساقلىيالايدۇ.

## ئالىملىرىمىز نەزەرىدىكى چەت ئەل

ۋەھالەنكى بىر ياۋروپالىق بىلەن بىر ئاسىيالىق ئۆزئارا ئۇچراشقاندا بولسا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ پسىخىك مۇۋازىنىتىدە مەلۇم تەۋرەش يۈز بېرىشى مۇمكىن. ئۇنداقتا، تەڭرىتاغ بويلىرىدىن كەلگەن بىر ئۇيغۇر بىلەن شىمالىي ياۋروپالىق بىر كىشى ھەمسۆھبەتتە بولغاندا، ئۇلارنىڭ پسىخىك مۇۋازىنىتى قانداق بولىدۇ؟!...

خىياللىرىم چېچىلىشىپ كەتتى. گاملا ستاننىڭ تارچۇق كوچىلىرىدىن چىقىپ دېڭىز بويىغا كېپقالغانىدىم. پورتقا توختىتىپ قويۇلغان زور تېپتىكى پاراخوتلار قار ئۇچقۇنلىرى ئىچىدە چوقچىيىپ تۇراتتى. بالتىق دېڭىزىدىن كېلىۋاتقان سوغۇق نەم ھاۋا يۈزلىرىمگە ئۇرۇلدى.

شۇنداق، مەركىزىي ئاسىيا چوڭقۇرلۇقلىرىدىكى بوستانلىقلاردا ئەسىر ـ ئەسىرلەردىن بۇيان «يەر ـ ئالتۇن قوزۇق» دېگەن ئەقىدىگە باغلىنىپ ياشاپ كەلگەن تارىملىق بىر دېھقان بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى بىر دۆلەتتە ياشايدىغان مەلۇم كىشى ئوتتۇرىسىدا مۇقەررەر ھالدا پسىخىكا جەھەتتىن «مەدەنىيەت توقۇنۇشى» بولىدۇ. غەربتە بۇنى Culture Shock («مەدەنىيەت ئەندىكىشى») دەپ ئاتىشىدۇ. كىشى ئۆزىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ يات ئەلگە بارغىنىدا ۋە تامامەن يات بولغان باشقا بىر مەدەنىيەت مۇھىتى بىلەن ئۇچراشقىنىدا مەلۇم مەزگىل ئاشۇ خىل مەدەنىيەت ئەندىكىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان پسىخىك تەڭپۇڭسىزلىق ئىچىدە قالىدۇ. بەلكىم مەنمۇ ناتونۇش مەدەنىيەت مۇھىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان پسىخىك گاڭگىراشتىن تېخىچە قۇتۇلالماي يۈرۈۋاتسام كېرەك...

دېڭىز تەرەپتىن كېلىۋاتقان گۈدۈك ئاۋازى مېنى خىياللار قايىنىمىدىن ئويغاتتى. فىنلاندىيىگە ماڭىدىغان Viking ناملىق چوڭ تېپتىكى يولۇچىلار پاراخوتى پورتتىن ئاستا ـ ئاستا يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى. ئېغىر ئۇيقۇدىن ئەمدىلا ئويغانغان كىشىدەك پورتنى بويلاپ نىشانسىزلا ماڭدىم. نېمىشقىدۇر دېڭىز بويىدىن ئايرىلغۇم كەلمىدى. ستوكھولمغا كەلگەندىن بۇيانقى ياتسىراش ۋە تەنھالىق تۇيغۇلىرى بىراقلا ئۆزىنى ئاشكارىلاپ، مېنى ئۆز قوينىغا ئالغاندەك تۇراتتى. قارشى قىرغاقتىكى ئارالدا بىر ـ بىرىگە كىرىشتۈرۈلۈپ سېلىنغان داچىلارنىڭ چىراغلىرى دېڭىز يۈزىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان سۇس تۇمان ئىچىدە جىمىرلاپ تۇراتتى. قار بىر خىلدا لەپىلدەپ چۈشمەكتە ئىدى. كوچىدا ئادەملەر بارغانسېرى ئازىيىپ، بايىقى قاتناش قىستاڭچىلىقى بېسىققاندەك تۇراتتى.

سلۇسسېن بېكىتىگىچە مېڭىپ بېرىپ يەنە كەينىمگە ياندىم. راستىنى دېسەم، ئۆيگە ھازىرچە قايتقۇم يوق ئىدى. ھەر قېتىم شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتىدىكى بىر كۈنلۈك ئىشلىرىمنى تۈگىتىپ ھارغىن ھالەتتە ئاپتوبۇسقا چىققىنىمدا، مېنى تەسۋىرلىگۈسىز بىر خىل غېرىبلىق چىرمىۋالاتتى. ئىش ئورنۇمدىن مەن تۇرۇۋاتقان ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونىغا بىر سائەتلىك يول ئىدى. ئاپتوبۇس ئىسسىق ۋە راھەت بولسىمۇ لېكىن ئاندا ـ ساندا چىقىپ ۋە چۈشۈپ تۇرغان يولۇچىلار بىر ـ بىرىگە شۇ قەدەر جىمجىت ۋە سوغۇق ئىدى. بىر ـ بىرى بىلەن كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالسا پەقەت يېنىك باش لىڭشىتىپ ياكى كۈلۈمسىرەپ قوياتتى، خالاس. تونۇش كىشىلەر ئۆزئارا پىچىرلىشىپ سۆزلىشەتتى.

مەن تۇرۇۋاتقان ئۆي ستوكھولم شەھەر مەركىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدىكى Nacka دەپ ئاتىلىدىغان رايوندا ئىدى. بۇ رايوندا ئاھالىلەرنىڭ نۇرغۇن ئولتۇراق رايونى جايلاشقان بولۇپ، مەن تۇرۇۋاتقان Henriksdall مەھەللىسى ئېگىز بىر تاغنىڭ ئۈستىگە جايلاشقانىدى. بۇ تاغ بۈك ـ باراقسان ئورمان بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ئەتراپى دېڭىز بىلەن ئورالغانىدى. بۇ يەردە تۇرۇپ ئىككى چوڭ مەنزىرىنى تاماشا قىلغىلى بولاتتى: بىرى، ستوكھولم شەھەر مەنزىرىسىنى يىراقتىن كۆرگىلى بولاتتى، يەنە بىرى، پەستىكى ئاراللار ئارىسىدىن ئاستا ـ ئاستا ئوچۇق دېڭىزغا قاراپ كېتىۋاتقان زور تېپتىكى يولۇچىلار پاراخوتلىرىنى كۆرگىلى بولاتتى.

گۈزەل مەنزىرە ۋە سۈرەتتەك كۆرۈنۈشلەر دەسلەپ ئادەمنى مەست قىلىدۇ، قىزىقتۇرىدۇ، مەھلىيا قىلىدۇ. ئادەم ئۆزىنى گويا رېئاللىقتا ئەمەس، بەلكى چۈش قاينىمىدا ياشاۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. لېكىن ئادەمنى رومانتىك ھېسلارغا سۆرەپ كىرىدىغان بۇ گۈزەل مەنزىرىلەرنىڭ كەينىدە رەھىمسىز رېئاللىق بار. يۈكسەك دەرىجىدە ئىجتىمائىيلاشقان ۋە ياتلاشقان بۇ جەمئىيەتتە كىشىلەر ياشاش ئۈچۈن تىنىمسىز كۈرەش قىلىشقا، رىقابەت ئىچىدە ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى ساقلاشقا ئادەتلەنگەن. شۇڭلاشقا ئەتراپىڭىزدىكى ئاشۇ گۈزەل مەنزىرىلەرنى پەقەت ئۆزىڭىز يالغۇز تاماشا قىلىشىڭىزغا، تەبىئەت بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى كۆرۈنمەس بىرلىكنى پەقەتلا يەككە ـ يېگانە ھالىتىڭىز بىلەن ھېس قىلىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق يالغۇزلۇق، تەنھالىق ۋە يەككە ھالەتتىكى تۇرمۇش ئۇسۇلى، بىزدەك جامائەتچىلىك ئېڭىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويۇپ كەلگەن ئەنئەنە ئىچىدىكى خەلقلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە چۈشىنىكسىز ۋە يوچۇن تۇيۇلىدۇ.

شۇنداق، يېرىم ئاي ئۆتمەيلا مەنمۇ Henriksdall تېغىنىڭ سۈرەتتەك گۈزەل مەنزىرىسىگە كۆنۈپ قالدىم. دەسلەپ سائەت ـ سائەتلەپ قاراپ تۇرىدىغان دېڭىز مەنزىرىلىرىمۇ ئەمدى ماڭا سوغۇق ۋە يات تۇيۇلىدىغان بوپقالدى. پاراخوتلارنىڭ گۈدۈك ئاۋازلىرى قۇلىقىمغا كىرگىنىدە، بارغانسېرى يىراقلاپ، بالتىق دېڭىزىدا قارىسى يىتتۈپ كېتىۋاتقان پاراخوتلارنى كۆرگىنىمدە گويا ھەممە ئادەم مېنى تاشلاپ كېتىۋاتقاندەك، ئۆزۈم يالغۇز بۇ يەردە قېپقالغاندەك تەسۋىرلىگۈسىز يالغۇزچىلىقنى ھېس قىلىدىغان بوپقالدىم.

مەن تۇرۇۋاتقان جاي 53 ـ يول ئاپتوبۇسنىڭ ئاخىرقى بېكىتى بولغاچقا، كۆپ ھالدا بېكەتكە يېتىپ كەلگىچە ئاپتوبۇستا ئۆزۈم يالغۇز قالاتتىم. بۇ رايوندا كۆچمەنلەر ئاز بولغاچقىمىكىن، كۆك كۆز، سېرىق چاچلىق شۋېتلار ئارىسىدا تۇرۇپلا ئۆزۈمنى تىكەندەك يالغۇز ھېس قىلىپ كېتەتتىم. ئاندا ـ ساندا ئۇچراپ قالىدىغان نېگىرلار، ئەرەبلەر، ھىندىلار ياكى باشقا ئاسىيالىقلار ئاپتوبۇسقا چىقىپ قالغىنىدا، ئۆزۈمنىڭ بۇ يەردىكى بىردىنبىر چەت ئەللىك ئەمەسلىكىمنى ئېسىمگە ئېلىپ، خاتىرجەم بوپقالغاندەك بىر تۇيغۇغا كېپقالاتتىم. كۆپ ھالدا ئاپتوبۇس Henriksdall بېكىتىگە يېتىپ كەلگىنىدە، ئەڭ ئاخىرقى بىر يولۇچى سۈپىتىدە ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ كېتىۋاتقىنىمدا ماڭا تونۇش نېگىر شوپۇر خۇددى مېنىڭ يالغۇزلۇقىمنى چۈشىنىۋاتقاندەك كۈلۈمسىرىگەن ھالدا خوشلىشاتتى:

-Hej da! (شۋېتچە «خەير ـ خوش!» دېگەن مەنىدە).

تەسۋىرلىگۈسىز بىر خىل غېرىبلىق ئاپتوبۇستىن ماڭا ئەگىشىپلا

چۈشەتتى. سكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلىنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان قۇتۇپ كېچىسى بۇ جىمجىت شەھەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۇس شاۋقۇنلىرىنىمۇ ئۆز قوينىغا ئالاتتى. جىمىرلاپ تۇرغان چىراغ نۇرلىرى بىلەن پاراخوتلارنىڭ گۇدۇك ئاۋازلىرىدىن ئۆزگە ھاياتلىق بەلگىلىرىنى ئىپادىلەپ تۇرىدىغان ھېچقانداق ئالامەتنى ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى. پەستىكى دېڭىز يۈزىدىن سىرغىپ چىقىۋاتقان ئاچچىق شامال ئادەمنىڭ جان ـ جېنىدىن ئۆتەتتى. مەن سوغۇقتىن تىترەۋاتقان بەدىنىمنى رۇسلاشقا تىرىشىپ، مېنى ئارامىمغا قويمايۋاتقان غېرىبلىق بىلەن بىللە مەن تۇرۇۋاتقان ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئۆينىڭ ئىشىكىگە ئاچقۇچ سالاتتىم...

دېڭىز بويلاپ گاملا ستاننى يەنە بىر ئايلىنىپ چىقتىم. قار توختايدىغاندەك ئەمەس. مۇشۇ مىنۇتلاردا غەرب دۇنياسىنىڭ غېرىبلىقىنى ئەڭ چوڭقۇر دەرىجىدە ھېس قىلماقتا ئىدىم. ئەنە، دېڭىز بويىدا بىر خانىم ئىتىنى يېتىلەپ يالغۇز كېتىۋاتىدۇ. ئۇ جىمجىت دېڭىز، لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان ئاپئاق قار ۋە كەينىدىن سوگدىشىپ كېتىۋاتقان ئىتى بىلەن ئۈنسىز ھالدا سۆزلىشىدۇ، مۇڭدىشىدۇ، ئۆز غېرىبلىقىنى ئۇنتۇشقا تىرىشىدۇ. ئەتراپتىكى كىشىلەر ئېھتىمال بۇ خانىم ئۈچۈن شۇنچىلىك يىراق ۋە يات... ئەنە، دېكابىرنىڭ مۇشۇ سوغۇقىدا كەڭرى مەيداندىكى ياغاچ ئورۇندۇقتا بىر ياشانغان ئەر كىشى پىۋا ئىچىپ ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىنى قار ئۇچقۇنلىرى باسقان، لېكىن ئۇ ئۆز ئەتراپىدىكى دۇنيانى تامامەن ئۇنتۇغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭ سوغۇقتىن كۆكەرگەن لەۋلىرى بىلەن ئىپادىسىز كۆزلىرىدە پەقەت ئىچكى سۈكۈنات ۋە تەبىئەت جىمجىتلىقى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ كەيپىيات بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

مۇشۇ دەقىقىلەردە ئۆزۈمنىڭ ياۋروپاغا بارغاندىن بۇيانقى ئەڭ چوڭقۇر مەدەنىيەت توقۇنۇشى ئىچىدە تېڭىرقاپ تۇرۇۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلدىم. ھەقىقەتەنمۇ چارچىغانىدىم. ئېغىر دەرىجىدىكى ئۇيقۇسىزلىق ۋە مۇھىتقا كۆنەلمەسلىكتىن كېلىپ چىققان ۋەتەن سېغىنىشى مېنى خېلىلا ھارغۇزغانىدى. ئېغىر ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك بېشىمنى سىلكىپ، ئېسىمنى تېپىۋېلىشقا تىرىشتىم. ئۆيگە قايتاي، دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

* * *

شۋېتلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي خاراكتېر جەھەتتىكى پەرقىنى ئوخشاش بولمىغان ئىككى مىللەت نۇقتىسىدىنلا ئەمەس، بەلكى يەنە غەرب بىلەن شەرقتىن ئىبارەت ئوخشاش بولمىغان ئىككى چوڭ مەدەنىيەت سىستېمىسى نۇقتىسىدا تۇرۇپ كۆزەتكەندە ئاندىن تېخىمۇ ئەتراپلىق بولۇشى مۇمكىن.

ياۋروپاغا بېرىپ باقمىغان، ياكى ياۋروپا ئەللىرىدە ياشاپ باقمىغان كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ۋاستىلىك چۈشەنچىلىرىگە تايىنىپلا ياۋروپالىقلار خاراكتېر جەھەتتىن ئوچۇق ـ يورۇق، پىسخىكىسى تاشمايىل، يۇمۇرغا ئامراق، تەۋەككۇلچىلىك ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھىغا باي، ئەنئەنىگە چۈشىلىپ ئولتۇرمايدىغان كىشىلەردۇر، دەپ ئويلايدۇ. ھېچ بولمىغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم زىيالىيلار قاتلىمى شۇنداق قارايدۇ.

ھالبۇكى، سىز كۈن پېتىشتىكى ئاشۇ يېشىل قىتئەنىڭ قارا توپىسى بىلەن تۇتاش چىملىقلىرىنى دەسسەپ، چۈمۈلىدەك ھەرىكەتچان تۇرمۇش رىتىمىغا يۇتۇلىشىپ، ئاچچىق قەھۋە ھىدى گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان تار كوچىلىرىنى ئايلىنىپ ياشىغىنىڭىزدا، ئۇلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنىڭ سىز ئويلىغاندەك ئۇنداق ئاددىي ئەمەسلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىسىز.

ئەگەردە سىز ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى بويلاپ بىرقانچە دۆلەتنى ئايلىنىپ چىقسىڭىز، ئۇ چاغدا شىمالىي ياۋروپالىقلار (شۋېتلار، نورۋېگىيىلىكلەر، دانىيىلىكلەر، فىنلاندىيىلىكلەر ۋە ئىسلاندىيىلىكلەر)نىڭ خاراكتېر جەھەتتىن سوغۇق ۋە تەنھالىقىنى، گېرمانىيىلىكلەرنىڭ تەمكىن ۋە سىرلىقلىقىنى، فرانسىيىلىكلەرنىڭ رومانتىك ۋە يۇمۇرلۇقلىقىنى، ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ سالاپەتلىك ۋە سىپايىلىقىنى، ئىتالىيىلىكلەر بىلەن ئىسپانلارنىڭ قىزغىن ئەمما چېچىلاڭغۇ ئىكەنلىكىنى بايقايسىز. ئەمما بۇ ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنىڭ باشقا مەدەنىيەت تۈپىدىن كەلگەنلەرگە ئاسان بىلىنىپ قالىدىغان تاشقى پوستى، خالاس.

مەن شۋېتسىيىدە تۇرغان بىر يىل ئىچىدە شۋېتلارنىڭ مەدەنىيەت پىسخىكىسى ۋە مىجەز ـ خاراكتېرىنى چۈشىنىشكە تىرىشىپ باقتىم. ئۆزۈمنىڭ خىزمەت ۋە كەسىپ دائىرىسىدىكى كۆپلىگەن شۋېت بىلەن ئارىلاشتىم، سۆزلەشتىم. ئاپتوبۇس ۋە مېترودا كېتىۋېتىپ، رېستورانلاردا تاماق يەۋېتىپ، دېڭىز بويلىرىدا سەيلە قىلىۋېتىپ، كوچىلاردا باشقىلاردىن يول سوراۋېتىپ ھەمدە ئۆيىگە تەكلىپ قىلغانلارنىڭ ھوزۇرىدا مېھمان بولۇۋېتىپ ئۇلارنى كۆزەتتىم.

ھالبۇكى، بۇ جەريانىدا بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن تالاي كەچۈرمىشنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ياكى بىر يىلدىن كېيىن ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، شۋېتسىيىدىكى كۈنلىرىم ھەققىدە قايتا ئويلانغان چاغلىرىمدىمۇ، شۋېتلارنىڭ مىللىي خاراكتېرىگە زادى قانداق تەبىر بېرىش لازىملىقىنى ئېنىق بىلەلمىدىم.

شۇنداق، شۋېتلار بىز ئۈچۈن ھەم تونۇش ھەم ناتونۇش مىللەت. ئۇيغۇرلار بىلەن شۋېتلارنىڭ نوپۇس جەھەتتىكى ئوخشاشلىقى بىزنى ھەيران قالدۇرىدۇ: شۋېتسىيە 2004 ـ يىلى سېنتەبىردە مەملىكەت نوپۇسىنىڭ 9 مىليونغا يەتكەنلىكىنى تەبرىكلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 مىليوندىن ئارتۇق كۆچمەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، شۋېتلارنىڭ نوپۇسى ئاران 8 مىليون بولىدۇ. چەت ئەللەردە ياشاۋاتقان شۋېتلارنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا ئۇلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 10 مىليونغا يېتىدۇ؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 2004 ـ يىللىق نوپۇس ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 8 مىليون 700 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇرلارنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا 10 مىليونغا يېقىنلىشىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئىككى مىللەتنىڭ يەر شارى ئاتموسفېراسىدىن ئورتاق نەپەس ئېلىپ ياشاۋاتقان جان سانى ئاساسەن ئوخشاش.

ۋەھالەنكى، ئوخشاش نوپۇسقا ۋە يەر شارىنىڭ ئورتاق گىراژدانلىقىغا ئىگە بولغان بۇ ئىككى خەلقنىڭ ياشاش ئۇسۇلى، تەپەككۇر شەكلى، پىسخىك ـ خاراكتېرى، مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى ھەمدە ئېستېتىك ئىنتىلىشلىرىدە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئوخشىماسلىقلار بار.

مەن شۋېتسىيىدىكى بىر يىللىق ھاياتىم ۋە ئۆگىنىشىم جەريانىدا شۋېتلارنىڭ پىسخىك ـ خاراكتېرى ھەققىدە ئۇيغۇرلار بىلەن سېلىشتۇرما قىلغان ھالدا مۇنداق بىرقانچە قاراشقا كەلدىم. بۇلار گەرچە بۇ مۇرەككەپ خەلقنىڭ پىسخىك قۇرۇلمىسىنىڭ تولۇق ۋە ئىلمىي شەرھىسى بولالمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدىكى بەزى ماھىيەتلىك تەرەپلەرنى كۆرسىتىپ بېرەلىشى مۇمكىن، دەپ ئويلايمەن:

**تەنھالىق:** تەنھالىق ياكى يالغۇزلۇق شۋېتلار خاراكتېرىنىڭ ئـەڭ
روشەن تەرەپلىرىدىن بىرى ھېسابلانسا كېرەك. قويۇق ئورمانلىقلار ياكى
ستوكھولمنىڭ ئەتراپىدىكى دېڭىزغا چېچىلىپ ياتقان ئاراللاردا ئارىلىقى
بىر ـ بىرىگە يىراق قىلىپ سېلىنغان چىرايلىق داچىلار ھەر ۋاقىت كۆرۈ-
نۈپ تۇرىدۇ. ئەنە شۇ داچىلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، تەبىئىي
بىر رەۋىشتە نەزەر تاشلىسىڭىز، يېگانە بىر بوۋاينىڭ دېرىزە ئـالـدىـدا
سىرتقا قاراپ سائەت ـ سائەتلەپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرىسىز. ئـۇزاقـقـا
سوزۇلغان قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئىچىڭىز پۇشۇپ دېڭىزدىن كېلىۋات-
قان غۇر ـ غۇر سوغۇق شامالغا قارىماي دېڭىز بويىنى ئايلىنىپ كەلگىلى
بارسىڭىز، بىر ئايالنىڭ ئىتىنى ئەگەشتۈرۈپ يالغۇز كېتىۋاتقانلىقىنى كۆ-
رۈسىز. سەھەردە ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ ئائىلىلەر ئولتۇراق رايونى ئارد-
لىقىدىكى بالىلارنىڭ ئويۇنچۇقلىرى ئورنىتىلغان كىچىك باغچىغا كىر-
سىڭىز، ئالتە ياشلىق بىر كىچىك بالىنىڭ پوسمىسىنى چۆكۈرۈپ كىيگىنىچە
ئۆزى يالغۇز ئويناپ ئولتۇرغىنىنى كۆرىسىز...

مانا بۇ تەنھالىققا كۆنۈككەن شۋېتلارنىڭ تۇرمۇشى.

ئۇلار تەنھالىق ئىچىدە تۇغۇلىدۇ، تەنھالىق ئىچىدە يـاشـايـدۇ،
تەنھالىق ئىچىدە بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىدۇ. تەنھالـىـق ئـۇلارنـىـڭ
ھاياتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى. بىر كۈنى مەن ئىجارىگە ئېلىپ
ئولتۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ ئىگىسى ماكستىن «شۋېتلار نېمە ئۈچۈن تەنھا
ياشاشقا كۆنۈككەن؟» دەپ سورىسام، ئۇ ئىپادىسىز بىر رەۋىشتە: «بۇ
يەردە بىر بالا تۇغۇلۇشى بىلەنلا ئەڭ چوڭقۇر دەرىجىدىكى تەنھالىقنى
ھېس قىلىپ ياشايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

بۇ يەردە بىر مەھەل ياشاپ كۆرگەندىن كېيىن، ئەتراپىڭىزدىكى
كۆك كۆز، سېرىق چاچ شۋېتلارنىڭ ئادەمنىڭ جېنىدىن ئۆتكىدەك
تەنھالىق ئىچىدە ئۈن ـ تىنسىز تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى، ئۇلار-
نىڭ كۆپىنچىسىنىڭ كىشىلەر بىلەن بولغان ئىجتىمائىي ئالاقە مۇھىتى
ئىچىدە ئەمەس، بەلكى ئۆز ـ ئۆزى بىلەن بولغان ئىچكى مونولوگى
ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىسىز. تېخىمۇ قىزىقارلىقى
شۇكى، پۈتكۈل مەملىكەتنىڭ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق تۈزۈلمىسى بىلەن
جامائەت مۇلازىمىتى سىستېمىسىدىكى قولايلىق ئىمكانىيەتلەر شۋېت-
لارنىڭ يەككە ھالەتتىكى شەخسىي تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ۋە تەنھالىقىغا
زور دەرىجىدە ماسلاشقان. ئادەتتە 80 ياشتىن ھالقىغان موماي ۋە
بوۋايلارنىڭ ئۆزى يالغۇز غالتەكلىك ھارۋىلىرىنى ئىتتىرىپ ئاپتوبۇسقا
ياكى مېتروغا چىققانلىقىنى كۆرىسىز. بۇ يەردىكى ئاپتوبۇسـلارنـىـڭ
مۇلازىمىتى شۇنچىلىك قولايلىقكى، ياشانغان بوۋاي ـ مومايلار ياكى
بالىلىق ئاياللار ئاپتوبۇسنىڭ ئوتتۇرا ئىشىكىدىن چىقىدۇ. ئاپتوبۇس
بېكەتكە كەلگەندە ئوتتۇرىدىكى ئىشىكى ئاپتوماتىك ھالدا بېكەت
تەرەپكە تۆۋەنلەپ، يەر يۈزى بىلەن تەڭلىشىدۇ. ياشانغانلار ھېچقانچە
كۈچىمەيلا غالتەكلىك ھارۋىلىرىنى ئىتتىرىشىپ ئاپتوبۇسقا چىقىۋال-
دۇ ـ دە، ئىشىك ئەتراپىدىكى مەخسۇس چوڭلار ئۈچۈن تەييارلانغان
ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرىشىدۇ. ماگىزىنلار، بانكىلار، پويىز ئىستانىس-
سى، قاتناش بېكىتى، ئايرودروم، مېترو بېكەتلىرى قاتارلىق ئاممىۋى
ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىدە ئادەتتە ئىككى قەۋەتكىمۇ مەخسۇس لىفت
ئورۇنلاشتۇرۇلغان. گاس ـ گاچا ۋە ئەمالار ئۈچۈن كوچىلاردا مەخ-
سۇس ـ ئايرىم يوللار ئاجرىتىلغان. شۇنداق بولغاچقا مەيلى كىچىك
بالا بولسۇن ياكى ياشىنىپ قالغان كىشى بولسۇن، ھېچكىمنىڭ ھېچ-
كىمگە ھاجىتى چۈشمەيدۇ. ھەممىسى ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى تېپىپ
قىلالايدۇ. باشقىلارنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولۇپ يـاشـاشـنـى يـاكـى
باشقىلارغا يۆلىنىپ قېلىشنى ھەرگىز خالىمايدۇ.

بۇ خىل ئۆزىگىلا تايىنىپ تەنھا ياشاش ئۇسۇلى شۋېت جەمئىيە-
تىنى زور دەرىجىدە مېخانىكىلاشتۇرۇپ، كىشىلەر ئوتتۇرىسـىـدىـكـى
ياتلىششنى كۈچەيتىۋەتكەن. يىراقتىن كۆزەتسىڭىز، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇ-
دىغا تېگى ـ تېگىدىن سىڭىپ كەتكەن يالغۇزلۇق، ئىچ مىجەزلىك ۋە
سوغۇقلۇقنى ھېس قىلىسىز. بىزگە ئوخشاش ئەسىر ـ ئەسىرلەردىن
بۇيان ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەر ۋە بىر جەمەت كىشىلىرى
بىرگە ياشاپ كەلگەن، نۇرغۇن ئىشنى بىر شەخسنىڭ يەككە ئىرادىسى
بويىچە ئەمەس، بەلكى جامائەتنىڭ ئورتاق خاھىشى بويىچە بىر تەرەپ
قىلىشقا كۆنۈككەن كىشىلەر شىمالىي ياۋروپادىكى بۇ تەنھالىققا خۇشتار
كىشىلەر ئارىسىغا بېرىپ قالغىنىمىزدا، ئۆزىمىزنى گويا قەپەسكە كىرىپ
قالغاندەك ھېس قىلىمىز. چۈنكى بىزنىڭ جامائەتچىلىك بىلەن بىللە
ئۆم ياشايدىغان قايناق تۇرمۇش مۇھىتىمىزدا يېتىلگەن تاشـمـايـىـل
پسىخىك ئەندىزىمىز بىلەن شۋېتلارنىڭ تەنھالىقى ئوتتۇرىسىدا ئوت
بىلەن سۇدەك چوڭ پەرق بار ئىدى. مۇشۇ پەرقلەرنى يېڭىپ، شۋېتلار
بىلەن بىللە ياشاش ئۇنچىلىك ئاسان ئەمەس ئىدى. ستوكھولم شەھىرى
شىمالىي ياۋروپادا دانىيىنىڭ پايتەختى كوپېنھاگېندىن قالسىلا نوپۇسى
بىر مىليونغا يېقىنلىشىدىغان چوڭ شەھەر بولسىمۇ، لېكىن كەچقۇرۇن-
لىرى كوچىلىرى ئادەمسىز، ئەتراپ شاۋقۇن ـ سۈرەنـدىـن خـالـىـي
بولۇپ، كىشىگە قەدىمىي قەلئەدىكى ئۆلۈك جىمجىتلىقنى ئەسلىتەتتى.
بۇنداق جىمجىتلىق بىزدەك قايناق تۇرمۇشقا كۆنۈككەن كىشىلەرنىڭ
مۇساپىرەتتىكى غېرىبلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتەتتى. ئاشۇ مىنۇتلاردا
غېرىبلىق ئەگىپ يۈرگەن كوچىلاردا نىشانسىز كېتىۋېتىپ، دۆڭكۆۋ-
رۈكتىكى يېرىم كېچىگىچە داۋاملىشىدىغان قايناق بازارنى ئەسلەيمەن.
ۋەتەندىكى چاغلىرىمدا ھەر قېتىم دۆڭكۆۋرۈك بىلـەن كـونـسـۇل
كوچىسىنىڭ ئارىلىقىدىكى يولدا كېتىۋاتقىنىمدا، يول بويىدىكى ئۈن ـ
سىن دۇكانلىرىدا ئەڭ يۇقىرى ئاۋازدا قويۇلۇۋاتقان ناخشا ـ كۈيلەر-
نىڭ قۇلاقنى يارغۇدەك سادالىرىدىن بىزار بولغىنىم ئېسىمدە. بولۇپمۇ
يەكشەنبە كۈنلىرى بازارغا چىقىپ قالسىڭىز، ئادەمنىڭ كۆپلۈكـىـدىـن
مۇرىلىرىڭىز تولا سۈركىلىپ ئاغرىپ كەتسە، قۇلاق ـ مېڭىڭىز ئەت-
راپتىكى سۈرەن ـ چۇقاندىن زىڭىلداپ كېتەتتى. ھەر كۈنى دېگۈدەك
رېستورانلاردا ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان توي ۋە تۈرلۈك زىياپەتلەر، باش ـ
ئاخىرى تۈگىمەيدىغان ئادەمگەرچىلىك ۋە رەسىم ـ قائىدىلەر، شۇن-
داقلا ھەپتىدە بىرقانچە پارچىسىنى تاپشۇرۇۋالىدىغان تـەكـلـىـپ ـ
باغاقچىلاردىن قاقشىغانلىرىمىزمۇ ئېسىمدە...

راستىنى دېسەم، ستوكھولمدا تەنھا ياشىغان دەسلەپكى ئۈچ ئاي
داۋامىدا ئېغىر ئۈمىدسىزلىكنىڭ ئازابىنى تارتىۋېتىپ، ۋەتەندىكى ئاشۇ
شاۋقۇن ـ سۈرەنگە تولغان قايناق تۇرمۇشنى بەكمۇ سېغىندىم. بىز-
نىڭ خاراكتېرىمىزنىڭ شۋېتلاردەك بۇنداق ئۆلۈك جىملىق بـىـلـەن
جاندىن ئۆتىدىغان تەنھالىقنى خالىمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر دەرىجىدە
ھېس قىلدىم. ھەر بىر خەلقنىڭ ئۆزىگە يارىشا ياشاش ئۇسۇلى بولىدۇ،
يەنە كېلىپ بۇنداق ئۆزىگە خاس ياشاش ئۇسۇلىنى شۇ خـەلـقـنـىـڭ
ئىجتىمائىي كوللېكتىپى ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرمۇش تەجرىبىسى ۋە
تارىخىي جەريانىدا يېتىلدۈرگەن بولىدۇ. شۇنداقكەن، بىزنىڭ ئۆز

تۇرمۇش ئەندىزىمىزدىن گۇمانلىنىپ، باشقىلارنىڭ ياشاش ئۇسۇلىغا مەپتۇن بولۇپ يۈرۈشىمىزنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟ مۇشۇ سوئاللارنى ۋەتەندىن ئايرىلىپ، يىراق ئەللەردە مۇساپىرچىلىقتا ياشاۋاتقان دەققىلەردىلا ئاندىن ئۆز - ئۆزۈمدىن سوراپ كۆردۈم.

2004 - يىلى مارتنىڭ ئاخىرىدا ئايالىم قىزىمنى ئېلىپ ستوكھولمغا يېتىپ باردى. مەن ئۆي ئىگىسى ماكس بىلەن سۆزلىشىپ، بۇ ئۆيدە داۋاملىق تۇرىدىغان بولدۇق. بىز ماكسنىڭ ئانىسى نورگارد مومايغا قارايدىغان ۋە ئۇنىڭ ئۈچ ۋاق تامىقىدىن خەۋەر ئالىدىغان بولدۇق، ئۇلار بىزدىن ئۆينىڭ ئىجارە ھەققىنى ئالمايدىغان بولدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇلار نورگارد موماينى چوڭلار ساناتورىيىسىدىن بىز تۇرۇۋاتقان ئۆز ئۆيىگە ئەكېلىپ قويدى. نورگارد موماي 86 ياشقا كىرگەن، چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرىدىغان، چاچلىرى ئاپئاق ئاقارغان موماي ئىكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىككى ئايغىچە بىز نورگارد موماي بىلەن بىللە ياشىدۇق. ئايالىمنىڭ كۈندە ئۈچ ۋاق ئېتىدىغان ئۇيغۇرچە تاماقلىرى مومايغا تولىمۇ ئېتىشقان بولسا كېرەك، ئىككى ھەپتىگە بارمايلا مومايىنىڭ چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ، خېلىلا ئېتىكلىشىپ قالدى. لېكىن موماي كەم سۆز، خىيالچانىدى. تاماقنى يەپ بولۇپلا ئۆزىنىڭ خانىسىغا كىرىپ كېتەتتى. بىز ئۇنى پاراڭغا تۇتۇپ روھىنى كۆتۈرۈشكە تىرىشساقمۇ، لېكىن موماي ئامال بار ئۆزىنىڭ خانىسىدا دېرىزىدىن سىرتقا قارىغىنىچە سائەت - سائەتلەپ يالغۇز ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى. بەزىدە قىزىمنىڭ ئىچى پۇشۇپ مومايغا ئەركىلەپ باقاتتى، ئىما - ئىشارەتلەر بىلەن ئويۇن كۆرسىتىپ باقاتتى. لېكىن موماي قىزىمنىڭ بۇ قىزغىنلىقىغا پەقەت مىيىقىدا بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈپ قويۇپلا ئۆتكۈزۈۋېتەتتى. ۋەتەندىكى چاغدا موماي - بوۋايلىرىغا يەتكىچە ئەركىلەپ كۆنگەن قىزىم نورگارد مومايىنىڭ بۇنداق ئىپادىسىز كەيپىياتىغا قاراپ ئۆزىمۇ مومايىنىڭ قېشىغا بارمايدىغان بولدى.

بىر كۈنى ماكس ئاپىسىنى يوقلاپ ئۆيگە كەلدى. زېرىكىپ تۇرغان قىزىم بىردىنلا ۋەتەندىكى چاغدا كۆنگەن قىزغىنلىقى بويىچە كىيىم يۆتكەپ ئۇسسۇل ئويناپ بەرمەكچى بولدى. ئۈرۈمچىدىكى چاغلىرىمىزدا ئۆيگە بىرەر مېھمان كەلسىلا قىزىم ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كىرەتتى - دە، يېڭىدىن تىككۈزۈپ بەرگەن مىللىي پاسوندىكى ئۇسسۇل كۆڭلىكىنى كىيىپ چىقىپ ئۇسسۇل ئوينايتتى. مېھمانلارنىڭ قىزغىنلىقى ۋە چاۋاكلىرى ئەمدىلا ئالتە ياشقا كىرگەن قىزىمغا ئېغىمۇ زور ئىلھام بولاتتى.

مەن ئۇنىڭغا ئايالىم ئۈرۈمچىدىن ئالغاچ كەلگەن ئۇيغۇر مەشرەپ ناخشىلىرىنىڭ لېنتىسىدىن بىرنى سالدىم. شوخ ۋە لەرزان ئۇسسۇل كۈيى ياڭرىشى بىلەنلا تۇرالماي قالغان قىزىم بالىلىق ھېسسىياتى بىلەن مېھمانخانا ئۆيدە ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئايالىم بىلەن ئىككىمىزمۇ تونۇش ناخشىلارنى ئاڭلاپ، قىزىمنىڭ ئۇسسۇلىدىن ھاياجانلىنىپ ئولتۇرالماي قالدۇق. لېكىن ماكس بىلەن نورگارد مومايغا قارىساق، ئۇلارنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق بىر ئىپادە يوق ئىدى. ئۇسسۇل ئەۋجىگە چىققاندا ئۇلار ئاز - تولا ھەيران بولغاندەك بىر - بىرىگە ھاڭۋېقىپ قاراپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما قىزىم ئۇسسۇلنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئۇلارغا سالام بەرگىنىدە، ئانا - بالا ئىككىسى ئىپادىسىز بىر رەۋىشتە بۇتتەك قېتىپ ئولتۇراتتى. قىزغىن ئالقىش ۋە مەدەتنى كۈتكەن قىزىم ئۇلارنىڭ ئىپادىسىز چىرايىغا بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن قېشىمغا كېلىپ، تىزىمغا بېشىنى قويغىنىچە ئېسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى. مەن ئۇنىڭغا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي:

- نېمە بولدىڭىز قىزىم، نېمىشقا يىغلايسىز؟ - دەپ سورىدىم.

- ئۇلار كىچىك بالىنى ياخشى كۆرمەيدىكەن، ئۇسسۇلنىمۇ ياخشى كۆرمەيدىكەن، شۇنداقمۇ، دادا؟ - دېدى ياشلىرىنى سۈرتۈپ.

- ئۇنداق ئەمەس، قىزىم. كىچىك بالىنى ياخشى كۆرمەيدىغان ئادەم يوق. ئۇلار سىزنىڭ ئۇسسۇلىڭىزنى تۇنجى قېتىم كۆرگەچكە ھەيران بولۇپ قېتىپ قاپتۇ! - دېدىم ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ. لېكىن ئۇلارنىڭ ئىپادىسىز چىرايىغا قاراپ ئىچىمدە «كىچىك بالا شۇنچە قىزغىنلىق بىلەن ئۇسسۇل ئويناپ بەرسە قىلچىمۇ ئىنكاس يوق ئولتۇرىدىغۇ بۇلار، ئەجەب سوغۇق مىجەز كىشىلەركەن!» دەپ ئويلىدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن قىزىم ئۇلارنىڭ ئالدىدا زادىلا ئۇسسۇل ئويناپ باقمىدى. گەرچە قىزىم ھېچنىمىگە قارىماي كەيپسىزلىك قىلىدىغان بالىلاردىن بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ئۆيدە كۆپ تۇنۇش چىقارماي ئويناشنى تاپىلىدۇق. ھەممىشە سوغۇق ئىچىدە ياشايدىغان بۇ كىشىلەرنىڭ قايناق تۇرمۇشنى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى ھەممىمىز ھېس قىلغانىدۇق.

بۇ ئۆيدە بىز تۇرغان ئىككى ئاي داۋامىدا نورگارد مومايىنىڭ ئوغلى ماكستىن باشقا باللىرى ئاساسەن كېلىپ باقمىدى. بىر قىزى بىر قېتىم كېلىپ غىل - پال كۆرۈنۈپ قويۇپلا قايتا كەلمىدى. موماي بىز بىلەن بىللە ئىككى ئايىنى ئۈن - تىنسىز ئۆتكۈزدى. ھاۋا ياخشى بولغان بەزى كۈنلىرى موماي چاقلىق ھارۋىسىنى ھەيدەپ بالكونغا چىقاتتى - دە، تاكى كۈن قايرىلغۇچە بىر ئېغىز لام - جىم دېمەستىن سىرتقا قاراپ ئولتۇراتتى. بۇنداق چاغلاردا ئىچىمىز پۇشۇپ، تىتىلداپ كېتەتتۇق. ئىككى ئايدىن كېيىن بىز شەھەرگە 50 كىلومېتىر كېلىدىغان، ستوكھولمنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى رىمبو دېگەن كىچىك بازاردىن ئۆي تېپىپ كۆچۈپ كەتتۇق. موماي بىزگە تولىمۇ كۆنۈپ قالغاچقىمۇ، قايتا ساناتورىيىگە كېتىشكە ئۇنىماپتۇ. بىر ھەپتىدىن كېيىن مومايىنى يوقلاپ كېلەيلى دەپ بىر يەكشەنبە كۈنى قىزىمىزنى ئېلىپ Henriksdall تېغىدىكى نورگاردلار ئائىلىسىگە كەلدۇق. ئۆيدە يېشى 90 غا تاقاپ قالغان نورگارد موماي تىكەندەك يالغۇز ئىكەن. بىزنى كۆرۈپ موماي شۇنچىلىك خۇش بوپكەتتى. ئايالىم بىز بازاردىن مومايغا ئەكەلگەن مېۋە - چېۋىلەرنى توڭلاتقۇغا سېلىپ قويماقچى بولۇپ قارىغانىدى، توڭلاتقۇنىڭ قۇپقۇرۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. توۋا، موماي نېمە يەپ كۈن كەچۈرۈۋاتقاندۇ؟

ئەسلىدە بىز كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن مومايىنىڭ باللىرى ئۇنى ياشانغانلار ساناتورىيىسىگە قايتىدىن ئاپىرىپ بەرمەكچى بوپتۇ. لېكىن موماي ئۇنىماي تۇرۇۋالغاچقا، ئۆيدە يالغۇز قالدۇرۇپ قويۇپتۇ. ساناتورىيىدىن بىر سېستىرا كۈندە ئۈچ ۋاق تاماق ئەكېلىپ، ئىشكىنىڭ ئاستى تەرىپىدىكى گېزىت سالىدىغان تۆشۈكتىن ئۆيگە كىرگۈزۈپ بېرىدىغان بولۇپتۇ. بىز بۇنى ئۇقۇپ توۋا دېگىنىمىزچە ياقىمىزنى چىشلىدۇق. ئايالىم دەرھال يەڭلىرىنى تۈرۈپ ئاشخانىغا كىردى - دە، مومايغا ياخشى كۆرىدىغان گۈرۈچ تامىقىدىن بىرنى ئېتىپ بەردى. موماي خۇشاللىقىدا كۆزلىرىگە ياش ئالدى. بىز مومايىنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ چىققۇيتىپ بىر قىسما بوپقالدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن نورگارد مومايىنى قايتا كۆرمىدۇق.

شۋېتسىيەدە يەنە قانچىلىغان ياشانغان كىشىنىڭ نورگارد مومايغا

ئوخشاش يەككە ـ يېگانە ھالدا ياشايدىغانلىقىنى بىلمەيمىز. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ چىرايلىق داچىلىرى، ئالىملىق باغلىرى ۋە ئىشكىدىن نېرى كەتمەيدىغان ئىتلىرى بار. ئۇلار ئۇمۇربويى ئالدىراش ئىشلەگەچكە، پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىنكى سۇغۇرتا مائاشى يۇقىرى، داۋالىنىشى ھەقسىز، ماددىي جەھەتتىن ھېچقانداق قىيىنچىلىقى يوق. لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قېرىغاندىن كېيىن تىكەندەك يالغۇز قالىدىغانلىقىنى، تەنھالىق ئىچىدە ئاخىرقى ئۆمرىنى ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى خېلى بۇرۇنلا بىلىدۇ ھەمدە بۇ رەھىمسىز رېئاللىقنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ باللىرى ئايدا ـ يىلدا ۋاقتى چىققاندا كېلىپ كېتىدۇ، بەزىلىرى ھەتتا بىرقانچە يىلغىچە كۆرۈنمەيدۇ. ئاتا ـ ئانىلارمۇ بالىلىرىنىڭ كەلمىگەنلىكىدىن ئاغرىنىپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇلارمۇ ئۆز دەۋرىدە ئاتا ـ ئانىسىغا قارىمىغان. ئىقتىسادىي جەھەتتە ئاتا ـ ئانىلار بىلەن بالىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇتلەق مۇستەقىللىق ھەمدە بىر ـ بىرىگە تايانماسلىق مۇناسىۋىتى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئائىلىۋى ئالاقىلەرنى زور دەرىجىدە سۇسلاشتۇرۇۋەتكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىن ئەتراپتىكى قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ ئۆزئارا كىرىش ـ چىقىش قىلماسلىقى، مۇئەييەن ئارىلىق قالدۇرۇپ سېلىنغان داچىلاردىكى بۇ سوغۇق مەجەزلىك كىشىلەرنى پەقەت ئۆز ئۆيىنىلا مەركەز قىلىپ ياشاشقا ئادەتلەندۈرگەن. شۇڭلاشقا تەنھالىق ۋە يالغۇزلۇق ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى. ئادەتتىكى كۈنلەردە ئۇلار ئالدىراش خىزمەت بىلەن ئۆزلىرىنىڭ تەنھالىقىنى ئۇنتۇيدۇ. ھەپتە ئاخىرى بولغاندا قايتىدىن ئىز بېسىپ كەلگەن تەنھالىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يېقىن ئەتراپتىكى قەھۋەخانا ياكى بەزمىخانىلارغا بېرىپ قانغىچە پىۋا ئىچىشىدۇ. پۇلنى بولۇشىغا خەجلەيدۇ. ئۆزىگە ئوخشاش يالغۇز ئولتۇرۇۋاتقان بىرسىنىڭ قېشىغا بېرىپ ھەمسۆھبەت بولۇپ پىۋا ئىچىشىدۇ، پاراڭلىشىدۇ، ھەتتا يېقىن دوستلاردىنمۇ بوپقالىدۇ. يېرىم كېچىگىچە مەست ھالەتتە يېڭىدىن تونۇشقان دوستى بىلەن خوشلىشىپ بولالماي، تارتىشىپ يۈرىدۇ. لېكىن ئەتىسىدىن باشلاپ ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇپ، ئىشلەشكە باشلايدۇ. ھەتتا بەزمىخانىدا تونۇشقان دوستىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى ۋە چىرايىنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىدۇ. مانا بۇ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن قاتلامدا ياشاۋاتقان، نىكاھتىن ئاجراشقان تەنھا شۋېتلارنىڭ تۇرمۇشى.

سوغۇققانلىق: ئادەتتە تىمساھ، يىلان تىپىدىكى ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلارنى بىئولوگىيىدە سوغۇق قانلىق ھايۋانلار، دەپ ئاتىشىدۇ. ئەگەردە يەر شارىدىكى ئىنسانلار تۈركۈملىرىنىمۇ ئىسسىق ۋە سوغۇق قانلىق دەپ ئايرىشقا توغرا كەلسە، شۋېتلار شەك ـ شۈبھىسىزكى سوغۇق قانلىق، ئۇيغۇرلار ئىسسىق قانلىق ئىنسانلار تۈركۈمىگە كىرىشى مۇمكىن. تەنھالىقتىن تاشقىرى، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدىكى سوغۇقلۇق كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. سىز ئۇلار بىلەن شۇنچە ئۇزاق ياشاپ ياكى بىللە خىزمەت قىلىپمۇ، ئۇلارنىڭ بىرەر تاسادىپىي ۋەقەگە يولۇققاندا ھاياجانلانغانلىقىنى ياكى خاپا بولغانلىقىنى بىلمەسلىكىڭىز مۇمكىن. مەن شۋېتلارنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىدىكى سوغۇقلۇقنىڭ مەنبەسىنى كۆپىنچە شىمالىي قۇتۇپنىڭ سوغۇق كىلىماتى بىلەن قىش مەزگىلىدىكى ئۇزاققا سوزۇلىدىغان قاراڭغۇ كېچىلەرنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. يەنە بىر تەرەپتىن، شۋېتلارنىڭ ئەجدادلىرى ئۇزاق مەزگىل ياۋروپا قىتئەسىنى ئارامىدا قويمىغان شىمالىي ياۋروپالىق دېڭىز قاراقچىلىرىغا تۇتىشىدۇ. ياۋروپا تارىخىدا شىمالىي ياۋروپالىق دېڭىز قاراقچىلىرى Viking دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇلار ئىككى بېشى ئۇچلۇق يەلكەنلىك كېمىلىرىگە تايىنىپ ياۋروپا دېڭىز ساھىللىرىنى بويلاپ بۇلاڭچىلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزگەن. 10 ـ ئەسىردىن كېيىن خرىستىيان دىنىنىڭ شىمالىي ياۋروپاغا كەڭ كۆلەمدە ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، شىمالىي ياۋروپالىق سوغۇق قانلىق بۇ دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى ئەڭ رايىش ۋە ئەڭ ئىخلاسمەن خرىستىيان مۇرتلىرىغا ئايلانغان. شۇڭلاشقا، خرىستىيان دىنى ئەكەلگەن ئېتىقاد ئىنقىلابى شۋېتلارنىڭ ھازىرقى مىللىي خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن Vikingلار دەۋرىدىن قېپقالغان سوغۇققان مىجەز ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن تامامەن يىتتۈپ كەتمىگەن.

ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتى شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتى جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىدا خەنزۇ تىلىدىن دەرس بېرىدىغان گاۋ فامىلىلىك بىر خەنزۇ ئوقۇتقۇچى بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدىم. ئۇ 40 ياشلاردىكى ئوتتۇرا بويى، بىر پۇتى تارتىشىپ ماڭىدىغان، لېكىن مەجەزى ئوچۇق ـ يورۇق كىشى ئىدى.بىر كۈنى ئىشخانىدا ئىشلەۋاتسام دەرستىن چۈشۈپ قېشىمغا كىردى ۋە مەن بىلەن پاراڭلىشىشقا باشلىدى.

ـ مەن سىزگە ئېيتسام، بۇ يەرگە ماسلىشىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن شۋېتلارنىڭ خاراكتېرىنى چۈشىنىش ھەممىدىن مۇھىم! ـ دېدى ئۇ تاماكا چەككەچ: ـ نېمىشقا دېسىڭىز، شۋېتلارنى چۈشىنىش باشقا ياۋروپالىقلارنى چۈشىنىشتىن قىيىن. ئۇلار تەنھا ۋە سوغۇق كېلىدۇ. باشقىلار بىلەن ئاسان ئارىلىشىپ كېتەلمەيدۇ. كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى ئېغىزىدا دېمەيدۇ. مەن بۇ يەردە ياشىغىلى 15 يىلدەك بولدى. لېكىن ھازىرمۇ ئۇلارنى چۈشىنىمەن دېيەلمەيمەن. ئەمما ئۇلار سىرتقى جەھەتتىن سوغۇق كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ناھايىتى تۈز كېلىدۇ، ھىيلىگەر ئەمەس. بىر مەزگىل ئارىلاشقاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئەمەلىيەتتە ئاق كۆڭۈل ۋە سەممىي ئىكەنلىكىنى بايقايسىز..

ـ سىز قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېپقالغانتىڭىز؟ ـ دەپ سورىدىم ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قىزىقىپ.

ـ ھەي ي، سۆزلىسەم گەپ تولا، ـ دېدى ئۇ تاماكىدىن يەنە بىر تالنى تۇتاشتۇرۇپ: ـ مەن ئەسلىدە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزگەن. بىر پۇتۇم كىچىكىمدە پالەچ بولۇپ مېيىپ بوپقالغاچقا، مېنى مەملىكەتلىك مېيىپلەر بىرلەشمىسىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلدى. كومپيۇتېرغا ئۆز دەۋرىدە ناھايىتى پۇختىلىقىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېزىقچىلىقتىنمۇ قابىلىيىتىم بولغانلىقى ئۈچۈن مەملىكەتلىك مېيىپلەر بىرلەشمىسىنىڭ بىر رەھبىرىگە كاتىپ بولۇپ ئىشلىدىم. لېكىن ئائىلىمىز «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە تولىمۇ كۆپ دەرد تارتقاچقا، دادام مېنىڭ يۇقىرى قاتلامدىكىلەر بىلەن بىللە ئىشلىشىمگە قەتئىي قارشى تۇردى ھەمدە سىياسىيغا ئارىلىشىپ قالما، دەپ مېنى بۇ خىزمەتتىن توستى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئامالسىز بېيجىڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىنستىتۇتىغا ئوقۇتقۇچىلىققا يۆتكىلىپ باردىم. 1989 ـ يىلى شۋېتسىيىگە ئوقۇشقا چىقتىم. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ يەردىكى ئۇزاققا سوزۇلغان ھاياتىم باشلاندى. مەن تىرىشتىم، تىرماشتىم، بەزىدە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان چاغلىرىممۇ، مەغلۇپ بولغان چاغلىرىممۇ بولدى. بېشىمدىن تالاي ئىسسىق ـ سوغۇق ئۆتتى. كۆپ پۇشايمان قىلدىم. ئېگىز كەلگەن چاغلىرىمدا يول تاپالماي، بىر مەھەل پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلىنىپ كەتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۋېتلارنىڭ سوغۇقلۇقى،

ئۆزۈمنىڭ تىكەندەك يالغۇزلىقىم قوشۇلۇپ، مېنى روھىي جەھەتتىن پۈتۈنلەي تۈگەشتۈرگىلى تاس قالدى. بىرەر يىلدەك ئۇيقۇدىن قالدىم. ئۆي ئىجارىسىنىمۇ تاپشۇرالماي قالىدىغان ۋاقىتلىرىم بولدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ستوكھولمدىكى دېڭىز بوغۇزىنى تۇتاشتۇرغان چوڭ كۆۋرۈك ئۈستىگە پۇتلىرىمنى سۆرەپ مېڭىپ باردىم. غۇر - غۇر سوغۇق شامال دېڭىز يۈزىدىن سىرغىپ چىقىپ، يۈزلىرىمگە نەشتەردەك سانجىلاتتى. كۆۋرۈك ئۈستىدىكى يۇقىرى سۈرئەتلىك يولدا ماشىنىلار ئۇياقتىن بۇياققا غۇيۇلداپ ئۆتۈپ تۇراتتى. كاللامدا، بۇنداق ياشىغاندىن كۆرە ئۆلۈپلا تۈگەشمەيمەنمۇ، دېگەن خىيال ئەگىشكە باشلىدى. كۆۋرۈكنىڭ پولات تۇتقۇچىنى تۇتۇپ پەسكە قارىدىم. تۆۋەندە لىقشىپ تۇرغان كۆپكۆك دېڭىز سۈيى گويا مېنى يۇتۇۋېتىشكە تەييار تۇرغاندەك ھەر تەرەپكە چايقالماقتا ئىدى. ھاياتقا بولغان ئاداققى مۇھەببەت بىلەن بۇ دۇنيانىڭ ئازابلىرىدىن قۇتۇلۇش ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن ئىچكى توقۇنۇش ئىچىدە ئۇزاققىچە دىلغۇل بولۇپ تۇردۇم. كۆۋرۈك ئۈستىدە، چايقىلىپ تۇرغان دېڭىزغا قاراپ قانچىلىك ئۇزاق تۇرغانلىقىمنى بىلمەيمەن. بىر چاغدا بىر ئەر كىشىنىڭ:

- ھەي يىگىت، دېڭىز نېمىدېگەن گۈزەل - ھە! خەيرلىك كۈنلەر... - دېگەن ئاۋازى قۇلىقىمغا كىردى. بۇرۇلۇپ قارىسام، بىر بوۋاي پەلتۇسىنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرگەن پېتى ئىتىنى يېتىلەپ يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانىكەن. بوۋاي خۇددى خىياللىرىمنى بىلىۋالغاندەك سوئال نەزەرى بىلەن ماڭا قارىغىنىچە بىر دەقىقە تۇردى - دە، يولغا راۋان بولدى.

- شۇنداق، خەيرلىك كۈنلەر! - دېدىم مەنمۇ تېگى يوق خىياللار قاينىمىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ.

شۇندىلا ئۆزۈمنىڭ نەقەدەر خەتەرلىك خىياللار ئىلكىدە داۋالغۇپ تۇرغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. بېشىمنى سىلكىۋېتىپ يەنە دېڭىزغا قارىدىم. دېڭىز بۇ قېتىم كۆزۈمگە باشقىچە كۆرۈندى. ياق! دېدىم ئۆز - ئۆزۈمگە، مەن بۇنداق بىر ئەشەددىي مەغلۇبىيەتچى بولسام بولمايدۇ، مەن ياشىشىم كېرەك. ھېلىقى بوۋاي توغرا ئېيتىدۇ: دېڭىز گۈزەل، بۇ دۇنيا گۈزەل، ھاياتلىق ھەممىدىن گۈزەل! ھاياتنى ئىنكار قىلىش يولى بىلەن مەغلۇبىيەتنىڭ روھىي بېسىمىدىن قۇتۇلماقچى بولۇش نامەردلەرنىڭ ئىشى، مەن ئۇنداق نامەردلەردىن بوپقالسام بولمايدۇ...

چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىپ كۆۋرۈكنى بويلاپ ماڭدىم. شۇ ماڭغىنىمچە ئۇدۇل بىر ئېغىزلىق ئۆيۈمگە قايتىپ كەلدىم. ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ غېرىب كۆلبەمنىڭ شۇ كۈندىكىدەك بۇنچىلىك ئىسسىق ۋە سۆيۈملۈك تۇيۇلغانلىقىنى ئەسلا ھېس قىلغان ئەمەسمەن!

شۇنداق قىلىپ ھاياتقا باشقىدىن قايتىپ كەلدىم. كەيپىياتىمنى يېڭىۋاشتىن تەڭشەپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇغاچ ئىشلىدىم. مانا تۆت يىل بولدى، ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتى شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتى جۇڭگو تىل - ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىدا خەنزۇ تىلىدىن دەرس بېرىۋاتىمەن. ئۆزۈم يالغۇز ياشايمەن، لېكىن مەن يالغۇزچىلىققا ئاللىقاچان كۆنگەنمەن. شۋېتلارنىڭ سوغۇق ۋە ئىچ مىجەز خاراكتېرىنىمۇ چۈشىنىپ يەتتىم. ئۇلار دەسلەپ سىزگە شۇنداق سوغۇق ۋە يوچۇن تۇيۇلىدۇ، لېكىن ئۇلار بىلەن سەممىي رەۋىشتە ئۇزاق مەزگىل ئارىلاشسىڭىز، ئاستا - ئاستا باشقىلارغا سوغۇق كۆرۈنىدىغان سىرتقى پەردىسىنىڭ ئارقىسىدا ئىللىق قەلبلەرنىڭمۇ بارلىقىنى ھېس قىلىسىز. قىسقىسى، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت پسىخىكىسى بىلەن مىللىي خاراكتېرىنى چۈشىنىشكە مەلۇم جەريان كېتىدۇ.

مەن گاۋ ئەپەندى بىلەن بولغان شۇ قېتىمقى سۆھبەتتىن كېيىن، شۋېتلارنىڭ خاراكتېرىدىكى سوغۇققانلىقنى دەسلەپكى قەدەمدە چۈشەنگەندەك بولدۇم. بۇ ئۇلارنىڭ بىر - ئىككى ئەسىردىن بۇيان يېتىلگەن خاراكتېر ئالاھىدىلىكى بولماستىن، بەلكى سكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىي قۇتۇپ كىلىماتى مۇھىتىدا ئۇزاق مۇددەتلىك مۇستەقىل ھايات يېتىلدۈرگەن تۈپ روھىي خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىرى ئىدى. شۇڭلاشقا شام نۇرى شۋېتلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئەڭ مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ قىش پەسلىدە ستوكھولمدا نۇرغۇن ئائىلىنىڭ كەچلىك تاماق ۋاقتىدا ئېلېكتر چىراغلىرىنى ئۆچۈرۈپ شام يورۇقىدا تاماق يەيدىغانلىقى كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. مىلاد بايرىمى يېقىنلاپ كەلگەندە كوچىلاردىكى ماگىزىنلار تۈرلۈك شەكىلدىكى شام بىلەن تولۇپ كېتەتتى. شۋېتلار بۇنداق چاغلاردا بولاق - بولاق شام سېتىۋالاتتى. دەسلەپ ئۇلارنىڭ شامغا بولغان بۇنداق كۈچلۈك مۇھەببىتىنى چۈشەنمەي يۈردۈم. كېيىن شۋېتسىيە تارىخى ھەققىدىكى كىتابلارنى ئوقۇپ، ئۇلارنىڭ يورۇقلۇققا ۋە ئىسسىقلىققا تەشنا روھىي قۇرۇلمىسىنى ئاستا - ئاستا چۈشىنىپ يەتتىم. شام نۇرىغا بولغان چوقۇنۇش يالغۇز شۋېتلارغىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل شىمالىي ياۋروپا ئەللىرى خەلقلىرىگە ئورتاق بولغان فولكلور ئەنئەنىسى ئىدى. شىمالىي قۇتۇپنىڭ ئۇزاققا سوزۇلغان قاراڭغۇ كېچىلىرىدە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى پەقەت شام نۇرى ئارقىلىقلا يورۇقلۇقنى ھېس قىلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە شام نۇرى يورۇقلۇقلا ئەمەس بەلكى ئىسسىقلىق ۋە ئاتەشكىمۇ سىمۋول قىلىنغان. مەن شۋېتلارنىڭ چىرايى، مىجەزى، يېمەك - ئىچمىكى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىغا قاراپ، ئۇلارنىڭ تەبىئىتىنىڭ مۇز سوغۇق مىللەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. گەرچە بىزنىڭ تەبىئىي تۇرمۇش بىلىمىمىز بىلەن مىللىي تىبابىتىمىزدىكى ئىسسىقلىق، سوغۇقلۇق، ھۆللۈك، قۇرغاقلىق قاتارلىق مىزاج قاراشلىرىمىزنى شۋېتلارغا چۈشەندۈرۈش ئەسلا مۇمكىن بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدىكى سوغۇقلۇقنى شام نۇرى بىلەن قۇياش نۇرى ئارقىلىق تەڭشەيدىغانلىقىنى بايقاشقا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ تاماقلىنىش ئادەتلىرىگە قارىسىڭىز، ياغيۇ، سۈت، كالا گۆشى قاتارلىق تەبىئىتى سوغۇق يېمەكلىكلەرنى ئاساس قىلىدىغانلىقىنى؛ سەي - كۆكتاتلارنى كۆپىنچە پىشۇرماي خام ھالەتتە ئىستېمال قىلىدىغانلىقىنى؛ ھورى چىقىپ تۇرغان ئىسسىق تاماقلارنى ئەمەس، بەلكى سوۋۇغان تاماقلارنى يەيدىغانلىقىنى كۆرىسىز. دېكابىرنىڭ جاندىن ئۆتكىدەك سوغۇقىدا كوچىلاردا چىشلىرىڭىزنى كاسىلدىتىپ كېتىپ بارسىڭىز، غالتەكلىك ھارۋىلارغا قورسىقىنى يۆگەپلا كالتە ئىشتان بىلەن سېلىپ قويغان بوۋاقلارنىڭ ئاشۇ سوغۇقتا قولىدىكى ئېمىزگۈگە قاچىلانغان مۇزدەك سۈتنى ئېمىپ ئولتۇرغانلىقىنى، چىرايلىرى سوغۇقتىن كۆكىرىپ كەتسىمۇ يىغلىماستىن ئۆز ئويۇنىنى ئويناپ ئولتۇرغانلىقىنى؛ يالىڭاچ ئېتىگىلا نىلون پايپاقنى تارتىپ، پۇتىغا ئۇزۇن قونجىلىق ئۆتۈك بىلەن ئۈستىگە يېنىك پەلتۇ كىيىۋالغان سېرىق چاچلىق قىزلارنىڭ قولىدىكى مىنېرال سۇ قۇتىسىغا مۇز تاشلاپ ئىچىۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز. شۇندىلا شۋېتلارنىڭ خاراكتېرىنىڭلا سوغۇق بوپقالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ تەبىئىتىنىڭ، ھەتتا پۈتكۈل بەدەن ئەزالىرىنىڭمۇ سوغۇققا كۆنۈك ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىسىز. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ كۈندە بىر قانچە قېتىم قويۇق دەملەنگەن ئاچچىق قەھۋەگە شېكەر ياكى سۈتمۇ قوشماي قارا پېتى ئىچىدىغانلىقىغا تەئەججۈپلىنىپ

كەتمەيسىز!

ناھايىتى قىسقا بولىدىغان ياز كۈنلىرى كۈن نۇرى ياخشى چۈشىدىغان دېڭىز ساھىللىرى ياكى كەڭرى چىملىقلار ئادەم بىلەن لىق تولۇپ كېتىدۇ. سىز بۇنداق چاغدا شۋېتلارنىڭ ئەر ـ ئايال دېمەستىن يېرىم يالىڭاچ بولۇپ، سائەتلەپ كۈن نۇرىغا قاقلىنىپ ياتىدىغانلىقىنى كۆرىسىز. يازدا كۈن نۇرىغا قاقلىنىش ئۇلارنىڭ ئەڭ زور خۇشاللىقىنىڭ بىرى ئىدى. ئىمكانىيىتى بارلىرىنىڭ كۆپىنچىسى يازلىق دەم ئېلىشنى كۈن نۇرى ياخشى چۈشىدىغان ئىسپانىيە، ئىتالىيە، گرېتسىيە، ماراكەش، ئالجىرىيە ۋە تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە بېرىپ ئۆتكۈزۈپ كېلەتتى. مەن بۇنى ئۇلارنىڭ تەبىئىتىدىكى سوغۇقلۇقنى ھەيدەپ، ئۆزلىرىنىڭ بەدەن ئېكولوگىيىسىنى تەڭشەش، دەپ قىياس قىلدىم.

ئىچ مىجەزلىك: ئىچ مىجەز كىشىلەر گەرچە ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئەزالىرىدا مەۋجۇد بولسىمۇ، لېكىن پۈتۈن بىر مىللەت گەۋدىسى بىلەن باشقىلارغا خاراكتېر جەھەتتىن ئىچمايىل پىسخىك تەسىرات بېرىدىغان خەلقلەر ئاز بولسا كېرەك. ھېس قىلىشىمچە، ياۋروپادىكى باشقا دۆلەتلەرگە قارىغاندا نىسبەتەن ساپ بولغان ياۋروپا ئىرقىنى ساقلاپ قالغان شۋېتلارنىڭ خاراكتېرى ئەنە ئاشۇ ئىچ مىجەزلەر تۈركۈمىگە كىرىدۇ.

ئادەتتە شۋېتلار بىلەن مۇئامىلىدە بولسىڭىز، ئۇلار ھامان سىز بىلەن مەلۇم ئارىلىق ساقلايدۇ. نۇرغۇن ئىشنى ئۇششاق تەپسىلاتلىرىغىچە سىزگە زېغىرلاپ ئولتۇرمايدۇ. كۆپ ۋاقىتتا ئۆزىڭىزنىڭ ئاڭلىق ھالدا نېمىنى قىلىش، نېمىنى قىلماسلىقىڭىزنى بىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەگەردە بەزى ئىشلارنى ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىدەك قىلمىسىڭىز ياكى دىققەت قىلىپ كېتەلمىسىڭىز، سىزگە بىۋاستە ئېغىز ئاچماستىن ۋاستىلىك ئىما ـ ئىشارەتلەر ئارقىلىق ئۆزىڭىزنىڭ ئاڭلىق ھالدا ھېس قىلىشىڭىزنى كۈتىدۇ. شۇڭلاشقا سىرتتىن قارىماققا ئاددىي ئەمما ئەمەلىيەتتە ناھايىتى نازۇك بولغان شۋېتچە كىشىلىك مۇناسىۋەت مۇھىتى، بىزدەك ئوخشاشمىغان مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە كىشىلەرنى قىيناپ قويىدۇ.

ستوكھولمدىن 250 كىلومېتىر جەنۇبقا جايلاشقان لىنشۆپىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مېدىتسىنا فاكۇلتېتىدا ئىچكى كېسەللىكلەر بويىچە ماگىستىرلىق ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇۋاتقان ئۇچقۇن ئىسىملىك بىر تونۇشۇم بار ئىدى. ئۇ ئۈرۈمچىدىكى بىر دوختۇرخانىدا ئىشلىگەن بولۇپ، دەسلەپ بۇ يەرگە زىيارەتچى تەتقىقاتچى بولۇپ كەلگەنىكەن. ئۇ، ستوكھولمغا كەلگەن كۈنلىرىدە ماڭا ئۆزىنىڭ يېڭى كەلگەن چاغلىرىدا بېشىدىن ئۆتكەن مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى:

ـ شۋېتلارنى چۈشەنگىچە نۇرغۇن قىيىنچىلىق ۋە بىئاراملىقنى تارتتىم، ـ دېدى ئۇچقۇن كۈلۈپ تۇرۇپ: ـ يېڭى كەلگەن چاغلىرىم ئىدى، ئىشخانىدا ماڭا تېخى ئىشلەيدىغان ئورۇن ۋە كومپيۇتېر تەييارلىمىغانىكەن. شۇڭا كوماندىروپكىغا كەتكەن بىر ئايالنىڭ كومپيۇتېرىنى ۋاقىتلىق ئىشلىتىپ تۇرۇشۇمغا بەردى. مەن شۇنىڭدىن باشلاپ جىددىي ئىشقا كىرىشىپ كەتتىم. ئارىدىن 20 كۈنلەر ئۆتكەن ۋاقىتلار بولسا كېرەك، جىددىي ئىشلەۋاتقىنىمدا قېشىمغا بىر ئوتتۇرا ياشلىق ئايال كېلىپ، تەئەججۇپ بىلەن بىرئاز قاراپ تۇرغاندىن كېيىن مېيىقىدا كۈلۈمسىرەپ قويدى. مەنمۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن كۈلۈمسىرەپ سالام بەردىم. ھېلىقى ئايال چىقىپ كەتتى. ئىككىنچى كۈنى ھېلىقى ئايال يەنە ئىشخانىغا كىردى ـ دە، يەنە كۈلۈمسىرەپ قويۇپ ئىشكاپتىن بىر ماتېرىيالنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۈچىنچى كۈنى ئىشخانىغا كىرسەم ئۈستەلدە بىر پارچە خەت تۇرىدۇ، ئېلىپ قارىسام شۋېتچە يېزىلغانىكەن، ئېھتىمال بىرسى خاتا قويۇپ قويغان ئوخشايدۇ، دەپ بىر تەرەپكە قويۇپ قويۇپ، ئىشىمغا تۇتۇش قىلدىم. سائەت ئون بولغاندا باشقا ئىشخانىدىكىلەر ئوتتۇرىدىكى دەم ئېلىش ئۆيىگە يىغىلىپ قەھۋە ئىچىشكە باشلىدى. مەنمۇ ئەمدى ئورنۇمدىن تۇراي دەپ تۇرسام، ھېلىقى ئايال يەنە پەيدا بولدى ـ دە خاپا بولغاندەك تەلەپپۇزدا سۆزلەپلا كەتتى. مەن نېمە بولغانلىقىنى ئۇقالماي:

ـ كەچۈرىسىز خانىم، نېمە ئىش بولدى؟ ـ دەپ سورىدىم ئىنگلىزچە.

ـ بۇ مېنىڭ ئورنۇم، كومپيۇتېرمۇ مېنىڭ. مەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سىز دەرھال ئورنۇمنى بوشىتىپ بېرىشىڭىز كېرەك ئىدى!

ـ ھە، شۇنداقمۇ، ئۇقماپتىمەن، كەچۈرىسىز.

ـ ئۇقماپتىمەن دېگىنىڭىز نېمىسى، ئۈچ كۈن بولدى، مەن ساقلىغىلى. بۈگۈن ئەتىگەن خەت يېزىپ سىزگە ئۇقتۇرغان بولساممۇ يەنىلا ئورنۇمنى بىكارلاپ بەرمىدىڭىز، ئۈچ كۈنلۈك خىزمىتىم سۇرۇلۇپ كەتتى...

ـ مەن شۋېتچە بىلمىگەچكە خېتىڭىزنى ئوقۇيالمىدىم، ئەسلىدە بىۋاستە ماڭا دېسىڭىز بولاتتى. مەن ھازىرلا نەرسە ـ كېرەكلىرىمنى يىغىشتۇراي، سىزدىن راستىنلا كەچۈرۈم سورايمەن!

كىتاب ـ ماتېرىياللىرىمنى دەرھال يىغىشتۇرۇپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتىم. ئەھۋالنى يېتەكچى ئوقۇتقۇچىمغا ئېيتقانىدىم، ماڭا دەرھال تەجرىبىخانىدىن بىر ئورۇن ۋە بىر كومپيۇتېر ئاجرىتىپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن شۋېتلارنىڭ مىجەزىنى ئاستا ـ ئاستا چۈشىنىشكە باشلىدىم. ئۇلارنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان مۇئامىلىدە ھامان ئارىلىق ساقلاپ، ئويلىغىنىنى قارشى تەرەپكە ئۇدۇل دېمەيدىغانلىقىنى، ھەممە ئادەمنىڭ ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ئۆز ۋەزىپىسى ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئاڭلىق ھېس قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتىم.

ئۆزىنى بىلىش، باشقىلارنىڭ ياشاش ۋە كىشىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش، باشقىلار بىلەن بولغان كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ھامان ئارىلىق ساقلاش، شاۋقۇن ـ سۈرەنگە تولغان شەرقچە قايناق تاشمايىل ئەندىزىنى ئەمەس، بەلكى جىمجىتلىقنى چىقىش قىلغان يەككە ھالەتتىكى ئىچمايىل ئەندىزىنى قوغلىشىش، شۋېت جەمئىيىتىنىڭ مەدەنىيەت پىسخىكىسىدىكى ئاساسىي تەرەپلەر ئىدى.

ئاپتوبۇس، مېترولاردا كىشىلەر بىر ـ بىرى بىلەن پىچىرلىشىپ سۆزلىشەتتى، ھېچكىم يۇقىرى ئاۋازدا گەپ قىلمايتتى. بىراۋنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قاراش، قاقاقلاپ كۈلۈش، چاقچاق قىلىش، ۋېلكىنى تەخسىگە قاتتىق ئاۋازدا تەگكۈزۈپ تاماق يېيىش، پەلەمپەيدە باشقىلارنىڭ ماڭىدىغان يولىنى توسۇۋېلىش، ئۆچىرەتنى بۇزۇش قاتارلىق ئىشلار بۇ جەمئىيەت ئۈچۈن گويا يات ئوقۇمدەك تۇيۇلاتتى. بۇنىڭغا شۋېتلارنىڭ ئىچ مىجەزلىكى قوشۇلۇپ سىزگە كۆرۈنمەس بىر قەۋەت سوغۇق پەردىنى ھېس قىلدۇراتتى. رىمبو بازىرىدىكى ئاشخانىسى بىلەن ھاجەتخانىلىرى ئەپچىل ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر ئېغىزلىق ئۆيدە ئولتۇرۇۋاتقان كۈنلىرىمىزدە بىنانىڭ بىرىنچى قەۋىتىدە ئاشخانا ئاچىدىغان تۈركىيىلىك بىر كۇرد بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدۇق. بۇ كىشىنىڭ ئىسمى نەئىف بولۇپ، 50

ياشلاردىكى سېمىز كىشى ئىدى. بىر كۈنى ئۇ بىزنى ئاشخانىسىغا چايغا تەكلىپ قىلدى. بىز قېنىق دەملەنگەن تۈركچە چاي ئىچكەچ پاراڭلاشتۇق. نەئىف ئەپەندى قىزىمغا بەكمۇ ئامراق ئىدى. ئۇ ھە دېسىلا قىزىق ئويۇنلارنى قىلىپ قىزىمنى كۈلدۈرەتتى.

— مەن شۋېتسىيىنى ياخشى كۆرىمەن، — دېدى نەئىف ئەپەندى چوڭقۇر ھاياجان بىلەن: — بولۇپمۇ بۇ دۆلەتنىڭ مۇكەممەل سىياسىي تۈزۈلمىسى بىلەن ئىجتىمائىي پاراۋانلىق سىستېمىسى دۇنيادا كەم ئۇچرايدۇ. ئادەم تىرىشسىلا بۇ يەردە ئۆز غايىسىنى رېئاللاشتۇرۇشقا مۇمكىنچىلىك بار. شۇڭا نۇرغۇن كىشى، بولۇپمۇ بىزگە ئوخشاش ئىلگىرى ئۆز دۆلەتلىرىدە چىقىش يولى تاپالمىغان كۆچمەنلەر بۇ جاينى جەننەت دەپ بىلىدۇ. مېنىڭچىمۇ شۋېتسىيە يەر شارىدىكى ئەرەمبېغا ئوخشايدۇ. بىراق، مۇتلەق مۇكەممەل ۋە نۇقسانسىز جەمئىيەت بولمايدۇ. ئاينىڭمۇ يۈزىدە دېغى بار ئەمەسمۇ؟! شۇنداق، بۇ جەمئىيەتنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق نۇقسانلىرى بار. بولۇپمۇ بىزدەك شەرقلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن شۋېت جەمئىيىتىدىكى بۇنداق نۇقسانلار ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بارغانسېرى گەۋدىلىنىپ بارىدۇ. ئىجتىمائىي پاراۋانلىق سىستېمىسىنىڭ مۇكەممەللىكى، تۇرمۇشتىكى ياشاشقا زۆرۈر بولغان ماددىي ئەسلىھەلەرنىڭ قولايلىقلىقى، ئاۋام خەلقنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ مۇتلەق ھالدىكى كاپالەتلىكى بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ شەخس سۈپىتىدىكى يەككە - يېگانىلىكىنى كۈچەيتىۋەتكەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە ئاسان ھاجىتى چۈشمەيدۇ ھەم بىر - بىرىگە تايانمايدۇ. ھەممىسى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. ئاتا - ئانا بىلەن پەرزەنتلەر، ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدىمۇ كۆرۈنەرلىك ئارىلىق ساقلانغان بولىدۇ. ئىقتىسادىي جەھەتتىن ھەر قانداق كىشى مۇتلەق مۇستەقىللىقنى ساقلايدۇ. شۇنداق بولغاچقا، بۇ جەمئىيەتتە ئىنسانلار بىر - بىرى بىلەن ياتلاشقان. سىزگە كىشىلەر سوغۇق ۋە سىرلىق كۆرۈنىدۇ. كىشىلەر ئارا قاينام - تاشقىنلىق قىزغىن كەيپىياتنى ھېس قىلغىلى بولمايدۇ. شۋېتلار خۇددى ئىچىمدىكىنى تاپ، دېگەندەك ھامان سىزگە سىرلىق نەزەر بىلەن قارايدۇ. بۇ ھال سىزدىكى قىزغىن كەيپىياتنىمۇ سۇسلاشتۇرۇۋېتىدۇ. لېكىن سىز بىلەن مەن بىر قېرىنداشتەك ئۆتەلەيمىز. تاپقىنىمىزنى تەڭ يەپ، خۇشاللىقتىن بىللە بەھرىمەن بولۇپ، كۈلكە - چاقچاق بىلەن ئۇچۇق - يورۇق ياشاش بىزنىڭ تەبىئىتىمىزگە ماس كېلىدۇ. مەن شۋېتسىيىدە ياشىغان ئۇزاق يىل مابەينىدە شۋېتلارنىڭ سوغۇق ۋە ئىچ مىجەز خاراكتېرىگە زادىلا كۆنەلمىدىم...

نەئىف ئەپەندىنىڭ سۆزلىرى مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. بۇ ئاللىقاچان شىمالىي ياۋروپانىڭ تۇرمۇش رىتىمى ئىچىگە ئۆزلىشىپ كەتكەن بىر شەرقلىق مۇسۇلماننىڭ شەرقچە قايناق تۇرمۇش ئۇسۇلىغا بولغان سېغىنىشى ئىدى. ھەممە كىشى ئۆز ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ھەممىدىن ياخشى، دەپ قارايدۇ، ھەممە خەلق ئۆز توپىنىڭ ئىجتىمائىي يوسۇنلىرىنى ئەڭ مۇۋاپىق، دەپ ئويلايدۇ. لوپنۇردىكى بىر دېھقاننىڭ ئۆيىدە سېلىنغان بىخەتەر ئۇۋىدا تۇخۇمدىن چىققان قارلىغاچ چۈجىسى قىشنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ھىندىستانغا ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ يەنە ئۆزى تۇغۇلغان ئىسسىق ئۇۋىنى سېغىنىدۇ. ئىككىنچى يىلى باھاردا نىشاندىن ئاداشماستىن يەنە ئۆز ئۇۋىسىغا قايتىپ تۇخۇم چىقىرىشقا تەرەددۇت قىلىدۇ... نەئىف ئەپەندىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ كاللامدىن شۇ خىياللار ئەگىپ ئۆتتى.

راستچىللىق: راستچىللىق ئىنسانىيەتنىڭ مەڭگۈلۈك ئەخلاق كاتېگورىيىلىرىنىڭ بىرى. ھەر قانداق ئىرق ۋە مىللەتنىڭ قىممەت ئۆلچىمى بىلەن ئەخلاقىي پرىنسىپلىرىدا راستچىللىق باشتىن - ئاخىر ئەڭ ئەۋزەللىك ئادىمىيلىك خىسلەتلىرىنىڭ بىرى قىلىنغان. ۋەھالەنكى، سىزگە سوغۇق كۆرۈنىدىغان شۋېت جەمئىيىتىنىڭ راستچىللىققا قويغان تەلىپىنىڭ كۈچلۈكلىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. راستچىللىق ۋە سەممىيلىك بۇ دۆلەتنىڭ پۈتكۈل ئىجتىمائىي ئاتموسفېراسىغا خۇددى ئوكسىگېندەك زۆرۈر ئېھتىياج سۈپىتىدە ئومۇملاشقان. راستچىللىق ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە نىسبەتەنمۇ ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئەجدادلار تەرىپىدىن ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇلۇپ كېلىنگەن ۋە ئاۋام تەرىپىدىن بىردەك تەشەببۇس قىلىنغان ئەخلاقىي پرىنسىپلارنىڭ بىرى بولسىمۇ، لېكىن بۈگۈنكى كۈندە شۋېتلاردىكى راستچىللىق روھى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئادەمنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. لىن يۇتاڭ ئەپەندى ئۆزىنىڭ «جۇڭگولۇقلار: مېنىڭ خەلقىم، مېنىڭ تۇپرىقىم» ناملىق ئەسىرىدە، ئون ياشلىق بىر جۇڭگولۇق بالىنىڭ كاللىسىدا قانداق خىياللارنىڭ بارلىقىنى چاچلىرى ئاقارغان بىر ياۋروپالىق كىشى مەڭگۈ تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ، دەپ يازغانىكەن. دەرۋەقە، شۋېتلارنىڭ تۈزلىكى، ھەمدە ھەممە كىشى راست سۆزلەيدۇ، دېگەن ئەقىدىگە ئىشىنىشى، سىزنى بەزىدە بۇ كىشىلەر نېمانداق ساددىدۇ، دېگەن ئويغىمۇ كەلتۈرۈپ قويىدۇ.

شۋېت باللىرى تۇغۇلۇپلا قايناق ئىجتىمائىي كەيپىياتنى ئەمەس، بەلكى ئادەملەر ئارا بەلگىلىك ئارىلىق ساقلانغان تەنھا دۇنيانى ھېس قىلىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن ئەركىلەش، يېلىنىش، قىلىق چىقىرىش، خۇيلىنىش، يىغلاپ قورقۇتۇش، يىغلىغان بولۇپ ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى توسۇۋېلىپ، بارماقلىرى ئارىسىدىن ئاتا - ئانىسىنىڭ كەيپىياتىنى ئوغرىلىقچە كۆزىتىش قاتارلىق بىز كۆرۈپ تۇرىدىغان شەرق باللىرىغا خاس قىلىقلار يات ۋە ناتونۇش. غالتەكلىك ھارۋىلاردا سائەتلەپ ئولتۇرغان بوۋاقلارنىڭ ماگىزىنلاردا ياكى ئاپتوبۇسلاردا ئۆز ئويۇنى بىلەن تۇرغانلىقىنى، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۇلارنى قولىغىمۇ ئېلىپ قويماي ئۆز ئىشى بىلەن بەند بولۇۋاتقىنىنى كۆرگىنىڭىزدە، بۇ باللار يىغلاپ قەغىشلىك قىلىشنى ئۇقمامدىغاندۇ، دەپ ئويلاپ قالىسىز. شۇڭا ئۇلار باللىق مەزگىللىرىدىن تارتىپلا رېئال دۇنيا ئىچىدە ياشايدۇ، تەنھالىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ، ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمگە تايانغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئادەملەر ئارا ئارىلىق ساقلاپ ئۆگەنگەچكە، باشقىلار بىلەن ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولالمايدۇ. ئىچ پۇشقىنى ۋە يوشۇرۇن ھېسسىياتلىرىنى تەبىئەت بىلەن بولغان ئۈنسىز سۆزلىشىش ئارقىلىق تەڭشەشنى ئۆگىنىدۇ. شۇڭا شەرقچە مۇرەككەپ كىشىلىك مۇناسىۋەتلەر ھەمدە بۇنىڭغا باغلىق بولغان غەيرىي نورمال رەسىم - قائىدىلەر ئۇلارغا يات ۋە يوچۇن تۇيۇلىدۇ. ئۇلار ياپتا گەپ، ياسالما قىلىق ھەمدە ئەگىتىپ تەگكۈزۈش دېگەنلەرنى ئەسلا چۈشەنمەيدۇ. شۇڭا سىرتتىن بارغان بىر كىشى ھېچ كۈچىمەيلا ياشانغان بىر شۋېتنىمۇ بىر تالاي يالغان گەپ بىلەن كولدۇرلىتالىشى، ھەمدە سۆزىنىڭ «راست» لىقىغا ئىشەندۈرەلىشى مۇمكىن. لېكىن «ياغاچ قازاندا بىرلا قېتىم ئاش پىشىدۇ» دېگەن ماقال بار. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدىن باشلاپ دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايىدىن زور تۈركۈمدىكى كۆچمەن شىمالىي ياۋروپادىكى يۇقىرى دەرىجىدىكى

پاراۋان دۆلەتلەرگە كېلىشكە باشلىغان. شۋېتسىيەمۇ شۇ قاتاردا ئەمگەك كۈچىگە بولغان ئېھتىياج تۈپەيلى ئۆز چېگرىسىنى دۇنياغا ئاچقان. ئۇرۇش ياكى تەبىئىي ئاپەت بولۇۋاتقان دۆلەتلەردىكى ئېشىنچا ئاھالە بۇ يەرگە قاراپ ئېقىشقا باشلىغان. بولۇپمۇ سومالى، پەلەستىن، ئىراق، ئىران، ئافغانىستان، تۈركىيە، چىلى، ۋيېتنام، يۇگوسلاۋىيە، رۇمىنىيە قاتارلىق ئەللەردىن كەلگەن زور كۆلەمدىكى كۆچمەن شۋېتسىيەگە كېلىپ يەرلەشكەن. بۇنىڭ بىلەن شۋېتسىيىنىڭ بۇرۇنقى تاق مىللەت ۋە تاق مەدەنىيەتلىك قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىش بولۇپ، دۇنيانىڭ تۆرلۈك جايلىرىدىن كەلگەن تۆرلۈك ئىرقتىكى كىشىلەرنىڭ رەڭگارەڭ مەدەنىيەتلىرى ئۆزئارا قوشۇلۇشقا باشلىغان. بۈگۈنكى كۈندە بىر مىليوندىن ئارتۇق كۆچمەن شۋېتسىيىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئويناماقتا. ۋەھالەنكى، سىرتتىن كەلگەن تۆۋەن قاتلامدىكى بىر قىسىم كۆچمەن شۋېت جەمئىيىتىنىڭ راستچىللىق پرىنسىپىغا خېلى زور خىرىس ئەكەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز يۇرتلىرىدىكى قىيىن تۇرمۇش شارائىتىدا يېتىلدۈرگەن ناچار ئەخلاقىي ئىللەتلىرى بۇ دۆلەتكە ئېغىر بېسىم پەيدا قىلىشقا باشلىغانىدى. شۇڭلاشقا كۆچمەنلەرگە نىسبەتەن گۇمانىي پوزىتسىيىدە بولۇش، ئۇلارغا ئىشەنمەسلىك، ئۇلار بىلەن مۇئامىلە ئارىلىق ساقلاش ياكى ئۆزىنى قاچۇرۇش، خېلى بىر قىسىم يەرلىك شۋېت پۇقراسىدىكى ئورتاق خاھىش بوپقالغانىدى. شۇڭلاشقا شۋېتلار سىرتتىن كەلگەن بەزى كۆچمەنلەرنىڭ راست گەپ قىلمايدىغانلىقىدىن، يالغانچىلىقىدىن، سەمىمىيەتسىزلىكىدىن ئاغرىناتتى. ھەر قانداق ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ ئەقەللىي ئىنسانىي خاراكتېرنىڭ بىر قىسىم كۆچمەن تەرىپىدىن بۇزۇلغانلىقىنى بىلگىنىدە قاتتىق ئەپسۇسلىناتتى، كاللىسىدىن ئۆتكۈزەلمەيتتى. گەرچە باشقا ئەللەردىن كەلگەن كۆچمەنلەرنىڭ ھەممىسى سەمىمىيەتسىز بولمىسىمۇ، لېكىن ئىلگىرى شۋېت جەمئىيىتىدە زادىلا كۆرۈلۈپ باقمىغان پەزىلەتكىرزىسلىرى يەرلىكلەردە كۆچمەنلەرنىڭ ھەممىسى ئىشەنچسىز، دېگەن خاتا چۈشەنچىنىمۇ شەكىللەندۈرۈپ قويغانىدى. شۇنداقتىمۇ يەرلىك شۋېتلار كۆچمەنلەر بىلەن بولغان ئىجتىمائىي مۇئامىلىدە باشقا خەلقلەرگە بولغان سەلبىي قاراشلىرىنى يۈزتۇرا چاندۇرمايتتى، بىۋاستە ئىپادىلىمەيتتى، ئۇلارنىڭ ئىچ مىجەزلىكى كۆڭلىدىكى گۇمانىي خاھىشلىرىنى ھامان يوشۇرۇپ تۇراتتى. لېكىن مەنپەئەتكە تاقىشىدىغان ھەل قىلغۇچ چاغلاردا ئۆزلىرىنىڭ ئىرقىي ئايرىمىچىلىق خاھىشلىرىنى ئاشكارىلاپمۇ قوياتتى.

مەن دەسلەپ ستوكھولمغا كەلگەن چاغلىرىمدا شەرخولمېن (Skarholmen)، فىتيا (Fitja)، رېنكبىي (Renkby) قاتارلىق بازارلاردا ئەرەبلەر، تۈركلەر، سوماللىقلار ۋە باشقا ئەللەردىن كەلگەن كۆچمەنلەرنىڭ ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى، كۆك كۆز، سېرىق چاچلىق شۋېتلارنىڭ ئاندا ـ ساندا ئۇچراپ قالىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالغانىدىم. ھەتتا رېنكبىي بازىرىنى دۆڭكۆۋرۈككە ئوخشاتقانىدىم. بۇ يەردە قايناپ تۇرغان سودا ـ سېتىق، شاۋقۇن ـ سۈرەن، قارا چاچلىق، بۇرۇتلۇق مۇسۇلمانلار، بولۇپمۇ كۆزىمىزگە تېخىمۇ تونۇش ۋە ئىللىق كۆرۈنىدىغان تۈركلەر ئادەمگە شىمالىي ياۋروپانى ئەمەس، بەلكى كونيا، باغداد، تاشكەند ياكى قەشقەرنى ئەسلىتەتتى. بەزىدە زېرىكىپ قالسام مۇشۇ بازارلارغا بېرىپ ئايلىنىپ كېلەتتىم، ئۇششاق تىجارەتچى تۈركلەر بىلەن پاراڭلىشاتتىم. 50 كرونغا بىر ۋاق تۈرك پىزاسىنى يەپ، خۇددى خوتەننىڭ گۆش گىردىسىنى يېگەندەك تويغۇدا قايتىپ كېلەتتىم.

كېيىن مەن ئىنستىتۇتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بۆلۈمىدە ئۇيغۇر تىلىدىن دەرس باشلىغىنىمدا، رېنكبىيدىكى تۈركچە مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان يالچىن ئىسىملىك بىر تۈرك كىشى دەرسىمنى ئاڭلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تۈركچە ئاساسىغا تايىنىپ سىنىپتىكى باشقا شۋېت كۇرسانتلىرىغا قارىغاندا تېز ئىلگىرىلىدى. بىر كۈنى دەرس ئارىلىقىدىكى تەنەپپۇس ۋاقتىدا مەن ئۇنىڭغا:

ـ يالچىن بەي، رېنكبىيگە بارسا، ئادەم ئۆز يۇرتىغا بېرىپ قالغاندەك تۇيۇلىدىكەن، سىزمۇ خۇددى ئەنقەرەدە تۇرغاندەك ھېس قىلامسىز؟ ـ دېدىم.

ـ شۇنداقمۇ؟ ـ دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ: ـ مەن رېنكبىيدە ياشاپ، تۈركچە مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغىلى ئۇزۇن يىل بولدى. ئۇ يەرگە كۆنۈپ قاپتىمەن. سىزنىڭ يۇرتىڭىزدىكى بازارلارمۇ بىزنىڭ رېنكبىيگە ئوخشامدۇ؟

ـ شۇنداق. ئۈرۈمچىدە دۆڭكۆۋرۈك دەيدىغان بىر بازىرىمىز بار. مەن رېنكبىينى شۇ بازارغا ئوخشىتىمەن. لېكىن بىزنىڭ دۆڭكۆۋرۈك بازىرىمىز رېنكبىيدىن كۆپ دەرىجىدە قايناق. قىزىقارلىقى، مەن رېنكبىيدە شۋېتلارنى كۆپ ئۇچراتمىدىم. خۇددى بۇ جايلارنى كۆچمەنلەرگە تاشلاپ بەرگەندەكلا.

ـ مەسىلە دەل شۇ يەردە، ئەسەد بەي! ـ دېدى يالچىن ئەپەندى ماڭا قاراپ: ـ شۋېتلار راستىنلا بۇ جايلارنى كۆچمەنلەرگە تاشلاپ بەرگەن. ئۇلار ئادەتتە كۆچمەنلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا تۇرۇشنى خالىمايدۇ. بۇنداق جايلاردىن كۆچۈپ كېتىدۇ. كۆچمەنلەر كۆپرەك ئولتۇراقلاشقان رايونلارنى قالايمىقان، شاۋقۇن ـ سۈرەنگە تولغان، جەمئىيەت تەرتىپى ياخشى ئەمەس، دەپ قارايدۇ. ھەتتا كۆچمەنلەرگە گۇمانىي نۇقتىئىنەزەر بىلەن قارايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ خىل مۇئامىلىسىدىن بەزىدە قورسىقىڭىز كۆپىدۇ. ئەمما ئامال يوق. چۈنكى كۆچمەنلەر رايونىدا راستىنلا باشقا جايلارغا قارىغاندا جىنايەت سادىر بولۇش نىسبىتى يۇقىرى، جەمئىيەت تەرتىپىمۇ قالايمىقانراق. شۇڭا كۆچمەنلەرمۇ بىر ـ بىرىگە ئىشەنمەيدۇ، لېكىن شۋېتلارغا ئىشىنىدۇ. بۇلارنى ئويلىسىڭىز بىر قىسما بوپقالىسىز!...

يالچىن ئەپەندىنىڭ سۆزلىرى مېنى راستىنلا ئويلاندۇرۇپ قويدى. مەن ئەتراپىمدىكى كىشىلەردىن كۆچمەنلەر مەسىلىسىنىڭ شۋېتسىيەگە نىسبەتەن بىر باش قېتىنچىلىقى ئىكەنلىكىنى، شۋېت جەمئىيىتىدە كۆرۈلۈۋاتقان نۇرغۇنلىغان ئىجتىمائىي مەسىلىنىڭ كۆچمەنلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. شۋېتسىيە يۇقىرى دەرىجىدىكى ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشقا ئاشقان دۆلەت بولغاچقا، يىلدىن ـ يىلغا كۆپىيىۋاتقان كۆچمەنلەر بۇ دۆلەتنىڭ پاراۋانلىق سىستېمىسىغا ئېغىر بېسىم پەيدا قىلىشقا باشلىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خېلى بىر قىسىم كۆچمەن بۇ دۆلەتنىڭ پاراۋانلىق سىياسىتىدىكى بىر قىسىم يوچۇقلاردىن پايدىلىنىپ، پاراۋانلىق كاپالەت پۇلىغا تايىنىپ ئىشلىمەي يېتىۋېلىش، بالىلارغا بېرىلىدىغان پاراۋانلىققا تايىنىپ ياشاش، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى چېگرىدىن قانۇنسىز كىرگۈزۈش، يالغاندىن كېسەل ياكى ساراڭ بولۇۋېلىش، باجدىن قېچىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا باش قېتىنچىلىقى تېپىپ بېرەتتى.

بىر كۈنى ئەتىگەندە ئۇنىۋېرسىتېتقا كېتىۋېتىپ، ئاپتوبۇستا «مېترو» دېگەن گېزىتنى كۆرۈپ قالدىم. بۇ گېزىت شۋېتسىيەدە ئەڭ كەڭ تارقىلىدىغان ھەقسىز گېزىت بولۇپ، كۈندە ئەتىگەندە بىر سان نەشىردىن چىقاتتى. گېزىتنىڭ بىرىنچى بېتىگە «ئىراقلىق بىر كۆچمەن ئائىلىنىڭ ئارخىپى» دېگەن يوغان ماۋزۇدا بىر سۈرەتلىك خەۋەر بېسىلغانىكەن. نېمە خەۋەر بولغىدى، دېگەن قىزىقىش بىلەن گېزىتنى قاتلاپ سومكامغا سېلىپ قويدۇم. كەچتە ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن «شۋېتچە ـ ئىنگلىزچە لۇغەت»نىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، ھېلىقى خەۋەرنى تاتىلاپ ئوقۇدۇم. خەۋەر مۇنداق يېزىلغانىكەن:

«شۋېتسىيەدە بىرمۇنچىلىغان كۆچمەن سوتسىيال (يەنى ئەڭ تۆۋەن پاراۋانلىق كاپالەت پۇلى)غا تايىنىپ ياشايدۇ. ئۇلار خىزمەت قىلىپ، دۆلەتكە باج تاپشۇرۇپ ئۆز ئەجرى بىلەن ياشاشتىن قاچىدۇ. باللارغا ھەر ئايدا دۆلەتتىن بېرىلىدىغان ياردەم پۇلنى ئۆز ئائىلە كىرىمىنىڭ مۇھىم مەنبەسى قىلىۋالىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال دۆلەتنىڭ پاراۋانلىققا مەسئۇل تارماقلىرىغا بېسىم ئەكەلمەكتە. مۇھەممەد تائىفنىڭ ئائىلىسى ستوكھولمدىكى ئەنە شۇنداق كۆچمەنلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇنىڭ قىسقىچە ئارخىپى مۇنداق:

«ئىسىم ـ فامىلىسى: مۇھەممەد ئابدۇللاھ تائىف.

نىكاھ ئەھۋالى: نىكاھلانغان.

يېشى: 48.

ئەسلىي ۋەتىنى: ئىراق.

ھازىرقى ھوقۇقى: شۋېتسىيەدە مەڭگۈلۈك تۇرۇش رۇخسىتىگە ئېرىشكەن.

پەرزەنتلىرى: سەككىز، بەش ئوغۇل، ئۈچ قىز.

خىزمىتى: ئاللاغا ئىبادەت قىلىش (ناماز ئوقۇش).

خىزمەت ئورنى: مەسچىت.

كىرىمى: سوتسىيالغا تايىنىش، باللىرىنىڭ ياردەم پۇلى.

باج تاپشۇرۇش ئەھۋالى: 0

تۇرمۇش مەزمۇنى: بىكار يېتىپ يېيىش».

مانا بۇ شۋېتسىيەدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق بىر گېزىتنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقان كۆچمەنلەر مەسىلىسىگە بولغان ئىنكاسى ئىدى. مەزكۇر گېزىت خەۋىرىگە ئاچچىق كىنايە بىلەن مەسخىرە يوشۇرۇنغانىدى. بۇ كىچىككىنە گېزىت خەۋىرىدىن شۋېتلارنىڭ، بولۇپمۇ بۇ دۆلەتتىكى تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ كۆچمەنلەرنىڭ سەممىيىتىگە بولغان گۇمانى، دۆلەتكە كەلتۈرۈۋاتقان ئىجتىمائىي بېسىمغا بولغان نارازىلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا راستچىللىق بىلەن سەممىيەتنى ئۆز گىرازدانلىرىنىڭ ئەڭ زۆرۈر بولغان ئادىمىلىك بەلگىلىرىنىڭ بىرى ھېسابلايدىغان بۇ دۆلەتتە، بىر قىسىم كۆچمەندە كۆرۈلىۋاتقان بىنورمال ھادىسىلەر دەرھاللا پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ جامائەت پىكرىنى قوزغايتتى. بولۇپمۇ، ئۆز بېشىمدىن ئۆتكەن مۇنداق بىر ئىش ماڭا شۋېت گىرازدانلىرىنىڭ سەممىيىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى.

بىر كۈنى Nordea بانكىسىدىن ئىشىمنى بېجىرىپ بولۇپ، ئۇدۇل ئىنستىتۇتقا باردىم. پاسپورتىمنىڭ كوپىيە نۇسخىسى لازىم بوپقالغاچقا، ئەتىگەندە پاسپورتنى پورتمانىمغا قوشۇپ بىر ھۆججەت خالتىسىغا سالغاندىن كېيىن سومكامنىڭ ئىچ تەرىپىگە سالغانىدىم. ئىشخانىغا كېلىپ سومكامنى ئاختۇرسام، ئەتىگەن سېلىپ قويغان ھۆججەت خالتىسى يوق. مېڭەمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى، بەكمۇ جىددىيلىشىپ كەتتىم. پاسپورتۇم بىلەن پورتمانىم ھۆججەت خالتىسى بىلەن بىللە يوقالغانىدى. ئوغرى ئالدىمىكىن دېسەم سومكام ئۆز پېتى، كېسىلگەن ياكى تېشىلگەن يېرى يوق. پورتمانىمدا بەشمىڭ كرون نەق پۇل بىلەن بانكا كارتام بار ئىدى. تېخى يېقىندىلا ئۈچ ئايلىق مائاشىمنى بىراقلا كارتامغا سالغانىكەن. كارتىدا 20 مىڭ كروندەك پۇلۇم بار ئىدى. بۇنى بىزنىڭ پۇلىمىزغا سۇندۇرغاندا 5 مىڭ كرون نەق پۇل بىلەن قوشۇلۇپ جەمئىي 30 مىڭ يۈەن خەلق پۇلىغا يېقىنلىشاتتى. پۇلنىڭ ئىشىغۇ بىر گەپ، لېكىن پاسپورتۇم تېپىلمىسا، بۇ يەردە پۈتۈنلەي سالاھىيەتسىز ۋە ۋەتەنسىز كىشىگە ئايلىنىپ قالاتتىم. قانداق قىلىشىمنى بىلمەي جىددىيلەشكەن پېتىم سومكا ۋە يانچۇقلىرىمنى قايتىدىن تەپسىلىي ئاختۇرۇپ چىقتىم، ھېچ يەردە يوق. بانكىدا چۈشۈپ قالغانمىدۇ؟ ياق، مۇمكىن ئەمەس، بانكىدا سومكامنى ئاچمىدىم. شۇ ئەسنادا مېتروغا چۈشكەندە سومكامدىن كىتاب ئېلىپ ئوقۇغىنىم ئېسىمگە كەلدى، لېكىن شۇ چاغدا سومكىنى ئاۋايلاپ ئاچقان. قارىغاندا مېترودا چۈشۈپ قالدىمۇ ـ نېمە؟ لېكىن ستوكھولمدا ئوخشاشمىغان ئالتە يۆنىلىشكە ماڭىدىغان مېترو بار، مەن ئولتۇرغىنى قايسى يۆنىلىشتۇ؟ ئۆگسۈلۇم ئۆچكەن ھالدا مېترونىڭ باش بېكىتىدىكى ئىش سوراش ئورنىغا بېرىش ئۈچۈن تەييارلىنىپ تۇرسام، كاتىپ ئايال ئۇچراپ قالدى ـ دە، جىددىيلىشىپ تۇرغانلىقىمنى كۆرۈپ:

ـ نېمە بولدى، سىزگە. ياردىمىم لازىممۇ؟ ـ دەپ سوراپ قالدى.

ـ پاسپورتۇم سومكامدا يوق تۇرىدۇ، بۈگۈن ئەتىگەن بىر يەردە چۈشۈپ قالغان ئوخشايدۇ، ـ دېدىم ئۆزۈمنى تەستە بېسىپ.

ـ ئەمدى قانداق قىلاي دەۋاتىسىز؟

ـ مېترونىڭ باش بېكىتىگە بېرىپ سۈرۈشتۈرۈپ كۆرەيمىكىن دەيمەن، ـ دېدىم مەن.

ـ ھېچقىسى يوق، غەم قىلماڭ. ئەگەر مېترودا چۈشۈپ قالغان بولسا كۆرگەنلەر ساقچىغا ياكى مېترونىڭ خىزمەتچى خادىملىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ، ـ دېدى ئۇ تەبئىي رەۋىشتە.

شۇنداقتىمۇ مەن خاتىرجەم بولالماي ئۇدۇل مېترونىڭ شەھەر مەركىزىدىكى باش بېكىتىگە بېرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدىم. ئۇلار مېترودا يىتكەن نەرسىلەرنى ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بىر بۆلۈمنى كۆرسىتىپ قويدى. مەن ئۇ يەرگە بېرىپ يىتكەن نەرسىلىرىمنى تىزىملىتىپ، تېلېفون نومۇرىمنى قالدۇرۇپ قويدۇم. ئاندىن ئۇدۇل ستوكھولم شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىگە بېرىپ ئۇ يەرگىمۇ ئەھۋالنى ئېيتتىم. ئۇلار يىتكەن نەرسىلىرىمنى تىزىمغا ئالغاندىن كېيىن، ئەگەر پاسپورتۇم تېپىلمىسا، ساقچىدىن ئىسپات قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى، مۇشۇ ئىسپاتنى ئېلىپ جۇڭگونىڭ شۋېتسىيەدىكى باش ئەلچىخانىسىغا بېرىپ قايتا پاسپورت بېجىرىشىمنى ئېيتتى. مۇشۇنداق بولغاندا نۇرغۇن ۋاقتىم ۋە زېھنىي كۈچۈم مۇشۇ ئىشلار ئۈچۈن زايە بولاتتى. بۇلارنى ئويلاپ بىرقانچە كۈن غەش بولۇپ يۈردۈم. ئارىدىن تۆت كۈن ئۆتكەندىن كېيىن خەت ساندۇقىمغا Nordea بانكىسىدىن بىر پارچە خەت كەلدى. ئوقۇسام، پاسپورت ۋە پورتمانىمنىڭ Odenplan دىكى تارماق بانكىدا چۈشۈپ قالغانلىقىنى،

مۇشۇ خەتنى ئېلىپ بېرىپ بانكىدىن نەرسە ـ كېرەكلىرىمنى ئېلىۋېلىشىمنى يېزىپتۇ. خۇشاللىقىمدىن ۋارقىرىۋېتىشكە تاسلا قالدىم. ئۇدۇل بانكىغا بارسام، پاسپورتىم بىلەن پورتمانىمدىكى نەق پۇل ھەم كارتام ئۆز پېتى ئىكەن. بانكا خادىملىرى پاسپورتىمنى بايقىغاندىن كېيىن ئىسىم ـ فامىلەمنى دەرھال كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈپ، شۆپتسىيەدىكى كىملىك نومۇرۇم (شۆپت گراژدانلىرى بىلەن شۆپتسىيىدە بىر يىلدىن ئارتۇق تۇرۇش ۋەزىپىسىغا ئېرىشكەن ھەر قانداق كىشى كىملىك نومۇرىغا ئىلتىماس قىلسا بولىدىكەن. بۇنى شۆپتچە Person beves دەپ ئاتايدىكەن. ئادەتتە باج ئىدارىسىدىن تۇغۇلغان يىل، ئاي، كۈننىڭ ئارقىسىغا مەخسۇس تۆت نومۇر قوشۇپ بېرىدىكەن. مۇشۇ نومۇرغا ئېرىشكەن كىشى شۆپتسىيىدە ھەقسىز داۋالىنىش ۋە ھەقسىز مائارىپتىن بەھرىمەن بولۇش ئىمتىيازىغا ئېرىشەلەيدىكەن. مۇشۇ تۆت نومۇر شەخسنىڭ كىملىكىگە ۋەكىللىك قىلىدىكەن. ھەر قانداق جايدا تۆت نومۇرنى كومپيۇتېرغا كىرگۈزسىلا، بۇ ئادەمنىڭ پۈتكۈل ئارخىپى ئاپتوماتىك ھالدا ئېكراندا پەيدا بولىدىكەن) ئارقىلىق ئادرېسىم ۋە ئالاقىلىشىش تېلېفونىمنى تېپىپتۇ ھەمدە ماڭا خەت ئارقىلىق خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ. مەن بانكا خادىملىرىغا تەشەككۈرۈمنى ئېيتىپ ئىشخانىغا قايتىپ كەلدىم. يول بويى ئۆزىمىز بىلەن بۇ يەردىكى دۆلەت مەمۇرلىرىنىڭ سەممىيىتى ۋە كىشىلىك سۈپىتى ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلاندىم. ئەگەردە ئۈرۈمچىدە پۇلىڭىز تۈرماق ئادەتتىكى بىر نەرسىڭىز يىتىپ كەتسە، ئۇنىڭ تېپىلىشىدىن ئۈمىد ئۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. باشقىلارنىڭ تېپىۋېلىپ ئىگىسىگە قايتۇرۇش مۇمكىنچىلىكى ناھايىتى تۆۋەن بولىدۇ. لېكىن شۆپتسىيىدە يىتكەن نەرسىلەرنىڭ ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇلۇش نىسبىتى %90 تىن ئارتۇق مۇمكىنچىلىككە ئىگە. بولۇپمۇ، يەرلىك شۆپتلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى سەممىيىتى ۋە راستچىللىقى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

مۇشۇ قۇرلارنى يېزىۋېتىپ، شۆپتلارنىڭ خاراكتېرى ھەققىدە شۇنچىلىك يازالايدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. دەرۋەقە، شۆپتسىيىدىكى بىر يىللىق قىسقىغىنا ھايات كەچۈرمىشلىرىم مېنىڭ شۆپتلارنىڭ مىللىي خاراكتېرى ھەققىدە بۇنىڭدىنمۇ سىستېمىلىق ۋە چوڭقۇر مۇلاھىزىلەرنى ئېلىپ بېرىشىمغا كۆپ پۇرسەت بېرەلمىدى. ئەلۋەتتە، كۆزەتكەنلىرىم ۋە ھېس قىلغانلىرىم، شۆپتلار مىللىي خاراكتېرىنىڭ مەلۇم بىر تەرىپىلا بولۇشىمۇ مۇمكىن.

تەكىتلەشكە ئەرزىيدىغان بىر نۇقتا شۇكى، شۆپتلاردا دۇنيادىكى ھەممە خەلقلەردە بار بولغان ـ ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك، تەبىئەتنى سۆيۈش، قانۇننى مۇقەددەس بىلىش، ئادەمنى تۈپ مەقسەت قىلىش قاتارلىق مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتلەردە بولۇشقا تېگىشلىك ئالىي ۋە ئەخلاقىي پرىنسىپلار مەۋجۇد. لېكىن بۇلارنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىش شەكلى بىزگە قارىغاندا ئەمەلىي ھەم شوئارۋازلىقتىن يىراق. شۆپتسىيىنىڭ ھەر قانداق بىر يېرىدە، شۇنىڭدەك شىمالىي ياۋروپانىڭ ھەر قانداق بىر دۆلىتىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېڭى ھەققىدە كوچا ـ كويلارغا ھەيۋەتلىك لوزۇنكىلار ئېسىلمايدۇ، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ۋە گېزىتلەردە دەبدەبىلىك چاقىرىقلار قىلىنمايدۇ. ئۇلار ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ھەر بىر گراژداننىڭ ئانىدىن تۇغما مەنىۋى سۈپەتلىرىنىڭ بىرى، دەپ قارايدۇ. بۇ خۇددى ئامموۋى سورۇنلاردا قالايمىقان ۋارقىرىماسلىق، خالىغان جايغا مىشقىرماسلىق ياكى تۈكۈرمەسلىك دېگەندەك ئەڭ ئەقەللىي ئىنسانىي ئادەتلەرنى چوڭ خەتلىك لوزۇنكىلارغا يېزىپ، كوچا ـ كويلارغا ئېسىپ قويۇشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوقتەكلا بىر ئىش. ئۇرغۇن ياۋروپالىق جۇڭگوغا كېلىپ ساياھەت قىلغاندا كوچا ـ كويلارنىڭ كۆزگە چېلىقىدىغان جايلىرىغا يېزىلغان «خالىغان جايغا تەرەت قىلماڭ، تۈكۈرمەڭ، مىشقىرماڭ!»، «ئامموۋى سورۇنلاردا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلماڭ!»، «ئۆچەرەتكە رىئايە قىلىڭ!»، «يولنى كېسىپ ئۆتمەڭ!»، «بۇ يەرگە ئەخلەت تۆكمەڭ!»، «تاماكا چەكمەڭ!» دېگەندەك تەشۋىقات تاختىلىرىنى كۆرۈپ ھەيران قالىدىكەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇلارنى ئالايىتەن تەشۋىق قىلىپ، كوچا ـ كويلارغا يېزىپ قويمىسىمۇ، ھەر قانداق ئىنسان تەبىئىي رەۋىشتە رىئايە قىلىدىغان ئەڭ ئەقەللىي ئادەمىيلىك سۈپەتلەر ھېسابلىناتتى. شۇڭلاشقا قانۇن شۆپتلار ئۈچۈن مۇقەددەس ھېسابلىناتتى. قانۇننىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى، مەيلى پادىشاھ ياكى باش ۋەزىر بولسۇن قانۇننىڭ ئالدىدا ئاۋام بىلەن باراۋەر تۇرىدىغانلىقى ئۇلارغا بەشقولدەكلا ئايان ئىدى. قانۇن بويىچە باج تاپشۇرۇشنى ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ئەڭ روشەن بەلگىلىرىدىن بېرى، دەپ ھېسابلايتتى. ناۋادا بىرەرسىنىڭ باج ئوغرىلىغانلىقى ياكى باج تۆلەشتىن باش تارتقانلىقىنى كۆرسە ھەر قانداق بىر شۆپت قاتتىق غەزەپلەنگەن ھالدا: «مۇشۇنداق گۈزەل ۋەتەندە ياشاپ تۇرۇپ، مۇشۇنداق سۆيۈملۈك ۋەتەننى سۆيمىگەن قانداق گراژداندۇ؟!» دەپ سورىشى ناھايىتى تەبىئىي ئىدى.

لېكىن مەنزىرىسى سۈرەتتەك گۈزەل بۇ دۆلەتتە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان كۆك كۆز، سېرىق چاچ بۇ خەلقنىڭ خاراكتېرىدىكى قان ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن سوغۇق كەيپىيات ھەممە جاندىن ئۆتىدىغان تەنھالىق بەزىدە ئادەمنىڭ غەشلىكىنىمۇ قوزغايدۇ. سىز ئۇلار بىلەن ناھايىتى تەبىئىي ۋە قىزغىن مۇئامىلىدە بولۇشقا تىرىشسىڭىزمۇ، ئۇلارنىڭ بەزىدە ئۆز كەيپىياتىنى تەڭشىيەلمەيۋاتقانلىقىنى، قانداقتۇر بىر يوشۇرۇن پەردىنىڭ ئارىنى توسۇپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىسىز. شۇنداق، ئۇلار سوغۇق ۋە تەنھا خەلق. ئۇلارنىڭ سوغۇقلىقى، شىمالىي قۇتۇپنىڭ ئۇزاقتا سوزۇلغان قاراڭغۇ ۋە سوغۇق قىش پەسلىگە ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ تەنھالىقى، شىمالىي مۇز ئوكياندا يالغۇز ياشايدىغان قۇتۇپ ئېيىقىنىڭ تەنھالىقىغا ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچ مىجەزلىكى، ئۆلۈك دېڭىزنىڭ سۈكۈناتىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇلارنىڭ تارتىنچاقلىقى، ئۆزىنى ھامان يوشۇرۇشقا ئۇرۇنىدىغان قارا تۇپراقتىكى سازاڭ قۇرتىغا ئوخشايدۇ.

ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىن بالتىق دېڭىزى ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرۇش، شىمالىي قۇتۇپ چەمبىرىكىنىڭ ئۇزاقتا سوزۇلىدىغان سوغۇق قىش پەسلىدە يېتەرلىك كۈن نۇرى كۆرمەي تۇتۇق ھاۋادا ياشاش، دېڭىز قاراقچىلىقى بىلەن ئۇزاق يىل مەدەنىيەتلىك دۇنيادىن ئايرىلىپ ياشىغان ئەجدادلىرىدىن قېپقالغان ئىرسىي گېن تۈپەيلىدىنمۇ، ئىشقىلىپ، ئۇلارنىڭ پسىخىك مۇۋازىنىتىدە ياۋروپادىكى باشقا خەلقلەرگە ئوخشىمايدىغان تەرەپلەر كۆپ ئىدى. ئىنسانشۇناسلارنىڭ شىمالىي ياۋروپا خەلقلىرى ئارىسىدا روھىي كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغۇچىلار بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغۇچىلار نىسبىتىنىڭ دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا قارىغاندا كۆپ كۆرۈلىدىغانلىقى ھەققىدىكى كۆزىتىش نەتىجىلىرىمۇ بىزنىڭ شۆپتلارنىڭ خاراكتېرى ھەققىدىكى بىر قىسىم قاراشلىرىمىزنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات پروفېسسورى، دوكتور



# تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ساقلاش ئۈچۈن مىللىي بۆلگۈنچىلىككە، مىللەتنىڭ بىرلىكىنى ساقلاش ئۈچۈن يۇرت بۆلگۈنچىلىكى ـ يۇرتۋازلىققا قارشى تۇرۇش لازىم.

▲ تەپەككۇرسىز ئۆتكەن ھايات، چاينىماي يۇتقان ئاشتۇر.

▲ سوۋغات، مەقسەتنىڭ چاكىرىدۇر.

▲ ھەر كىمنىڭ ئۆزىنى سورىغان ۋاقتى، زىددىيەتنىڭ يوقالغان ۋاقتىدۇر.

ـ ئابلىز روزى

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە بارىن يېزا دېھقانچىلىق تېخنىكىسى پونكىتىنىڭ خادىمى

* * *

▲ ئۇرۇمچىدە ئېزىققىنىڭ، تەرەققىياتتىن ئېزىققىنىڭ، تەكلىماكاندا ئېزىققىنىڭ، ئۆز ئۆيۈڭدە ئېزىققىنىڭ.

▲ كۆز يېقىندىكىنى تونار، يىراقتىكىنى تونۇماس؛ كۆڭۈلدۈزى تونار، كېچىسى تونۇماس؛ يۈرەك يىراق ـ يېقىن ھەممىنى تونار، كېچە ـ كۈندۈز تونار. ھەقىقەت ناھايىتى يىراق، شۇنداقلا كۆزگە ناھايىتى يېقىن ـ يۈرەك بېغىشىغا چېكىلگەن. شۇڭا، دەيمەنكى: كۆزنىڭ تونۇشلۇقى ساختا، يۈرەكنىڭ تونۇشلۇقى ھەقىقەت.

ـ ئابدۇلغەنى مەتقاسىمي بارخان

---

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە يېڭىباغ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر قىيانلىرى

▲ پۇرسەت، ئۇچۇش ئالدىدا تۇرغان قۇشقا ئوخشايدۇ.

▲ ئۇقۇشماسلىق، تاسادىپىيلىقتۇر.

▲ ھېسسىيات ـ يۈگەنسىز ئات.

▲ دەريانىڭ غەزىپى تاشسا، قىيان بولۇر، ئادەمنىڭ غەزىپى تاشسا «زىيان» بولۇر.

## تەپەككۇر كۆزى

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ـ ئادەمنىڭ ئادىمىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدىغان ئالىي مەكتەپتۇر.

ـ ئابلىمىت ئىبراھىم قىيان

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىدە ئاشپەز

* * *

▲ ھەسەتخورلۇق ـ ئادەمنى ئىچىدىن چىرىتىدىغان ئاستا خاراكتېرلىك زەھەر.

ـ ئەختەرنىسا ئەھمەت

---

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتى ئىقتىسادشۇناسلىق ئىلمى 2002 ـ يىللىق 9 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ تۆگمىدەك ئۈمىد بولسىلا، تاغدەك يۈك يەلكەمنى بېسىپ تۇرسىمۇ، توختىماي ئالغا باسىمەن.

▲ باشقىلار تەقدىردىن ئاغرىنسا، مەن ئۆزۈمدىن ئاغرىنىمەن. چۈنكى تەقدىردە نېمە گۇناھ؟ تەدبىر ئۆزىمىزدە.

▲ ئاغرىنىش بار يەردە چۈشىنىش بولمايدۇ؛ چۈشىنىش يوق يەردە ئالغا بېسىش بولمايدۇ.

▲ مۇھەببەت ـ ئىنسان ھاياتىدىكى تۈگىمەس ناخشا.

ـ ئابلىمىت ۋاھىد

---

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات كەسپى 99 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئوقۇرمەندە مەۋقە بولمىسا، ئۇ ئاپتورنىڭ كاللىسى بويىچە تەپەككۇر يۈرگۈزىدۇ ۋە ئاپتورنىڭ مەۋقەسىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ـ ھۆرسىمان ئابدۇرەھمان

---

ئاپتور: قەشقەر تېببىي مەكتەپ سېستىرالىق سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئۆتكەن كۈنلىرىدىن زارلىنىش، شۇ كىشىنىڭ ھاياتىي خاتىرىسىنىڭ قالايمىقان يېزىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

▲ ئانا ئادەمنى بارلىققا كەلتۈرۈپ پەرۋىش قىلسا، ئاتا ئالەمنى بارلىققا كەلتۈرۈپ بەرپا قىلىدۇ.

ـ زەرىپە مامۇت (نازاپەت)

---

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات كەسپى 2001 ـ يىللىق 5 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ تۇرمۇشتىكى بەزىبىر ئىشلار خۇددى يامغۇردىن كېيىنكى ھەسەن ـ ھۈسەنگە ئوخشايدۇ.

ـ باتۇرجان مۇھەممەتئىمىن

---

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

**پىنھان تىۋىشلار**

▲ ئاگاھ بول! بىكارچىلىق سېنى غەيۋەتخور قىلىپ قويىدۇ.

▲ ئادەم بۇ دۇنياغا مېھمان، ھەر بىر پۇرسەت بولسا ئادەم ئۈچۈن مېھمان.

▲ رېئاللىقتىن قېچىش، ئۆزلۈكىنىڭ سايىسىدىن قاچقاندەكلا ئىش.

▲ ئەگەر دۈشمەننىڭ تالاپەتلىرى تۈپەيلى ئىشلىرىڭدا ئىلگىرىلەش بولغان بولسا، ئۇنى دوستۇم دەپ بىل.

▲ ئۆز رولىڭنى جارى قىلدۇرمىغىنىڭ، ئۆزۈڭنى ئەخلەتخانىغا تاشلىۋەتكەن بىلەن باراۋەر.

ـ گۈلپىيە زەيدىن

---

ئاپتور: كورلا شەھەر شاڭخو بازار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئەدەبىيات مۇئەللىمەسى

* * *

▲ مەن ئائىلىسىدە كۆيۈمچان ئايالىنى ئۇرۇپ، دىلىغا ئورۇنسىز ئازار بەرگەن «نوچى»نىڭ سىرتتا خەقتىن تاياق يەپ، يېرىلغان قاش ـ قاپاقلىرىنى كۆرۈپ، تەڭرىنىڭ ئادىللىقىغا ئىشەندىم.

ـ ئابدۇسەمەت ئابلىز

---

ئاپتور: باي ناھىيە توقسۇن يېزا يۇقىرىقى توقسۇن كەنتىدە، دېھقان

▲ جەمئىيەت قاچان تۈزىلىدۇ؟ جەمئىيەتنى تۈزەشنى ھەر بىر ئادەم ئۆزىدىن باشلىغاندا.

ـ ئابباس ئۆمەر ئەلقۇت

---

ئاپتور: خوتەن ناھىيە خانئېرىق يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

**تەپەككۇردىن تامچىلار**

▲ كىشىلىك تۇرمۇش ئاجىز ـ قورقۇنچاقلارنى چارچىتىدۇ، كۈچلۈك ـ باتۇرلارنى ئالغا ئىلگىرىلىتىدۇ. ئاجىزمۇ ئەمەس، كۈچلۈكمۇ ئەمەس، ئارىدا قالغانلارنى بولسا بىر ئۆمۈر گاڭگىرىتىدۇ.

▲ ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندە كاللاڭغا ھېزى بولمىساڭ بولمايدۇ. بىلگىنىكى، ئوچۇق ئىشىكتىن ياخشىلارمۇ، يامانلارمۇ كىرىدۇ.

▲ ئالەمنى ئالىملار تەرەققىي قىلدۇرىدۇ ـ يۇ، راھەتنى پۇلدارلار كۆرىدۇ.

▲ بەسكەشلىك ئۆز ـ ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلىشتىن باشلىنىدۇ.

▲ ئۆزۈڭنى تاشلىۋەتسەڭ، بارچە سېنى تاشلىۋېتىدۇ، ئۆزۈڭدىن ۋاز كەچسەڭ، بارچە سەندىن ۋاز كېچىدۇ.

ـ ئەھەت مامۇت

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيە چىمەن بازار كالتە پەيلو كەنتىدە، دېھقان

* * *

▲ دېھقان داۋاملىق ئېغىلدىكى قوينى سانايدۇ ـ يۇ، بىراق بالىسىنىڭ بوغچىسىدىكى تاپشۇرۇق دەپتىرىگە قاراپمۇ قويمايدۇ.

▲ سىزدىن بەلكىم دۇنيادىكى ئەڭ زەھەرلىك نەرسە نېمە، دەپ سورىسا، مېنىڭچە، خورۇئىن دەپ جاۋاب بېرىشىڭىز مۇمكىن. بىراق ئۇنىڭدىنمۇ زەھەرلىك بىر نەرسە بار، ئۇ بولسىمۇ سۇيۇق ھېسسىيات.

ـ مەرىيەمگۈل ھاجى

ئاپتور: كونىشەھەر ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى

▲ سائىنى چېقىش ئۇقتىسى قىلىغان تەرەققىيات خۇددى شامال ئې- قىمىزىغا سېلىنغان كارتون قەغەز لۆڭگە ئوخشايدۇ.

▲ ھەددىدىن زىيادە ماختاش ئىنساننى ئېگىزدىن سېستىدۇ، تەنق- قىدلەش تېشىدىن.

ـ ئېيساجان ئابدۇسسالام كۆكيال

ئاپتور: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى بىئولوگىيە ئىلمى 2001 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

### تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى

▲ دۇنيادا ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىمۇ ئالىم، ئەڭ رەزىلىمۇ ئالىم. ياخشىسى ئادالەتنىڭ چىرىغىنى ياندۇرسا، رەزىلى زۇلۇمنىڭ چىرىغىنى ياندۇرىدۇ.

▲ تەپەككۇرى ئويغاق ئادەملەر ئۈچۈن جەمئىيەت ئەڭ چوڭ ئالىي مەكتەپ.

▲ كىشىلەرنىڭ ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى تاشلاپ، ئەھمىيەتسىز ئىشلارغا يۈزلىنىشى، ئىنسان روھىنىڭ ئەڭ چوڭ بۇلغىنىشىدۇر.

ـ ھەسەنجان يۇنۇس

ئاپتور: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئارمىيىسى يېزا ئى- گىلىك 3 ـ دىۋىزىيە تومشۇق شەھىرى 53 ـ پولك 13 ـ روتىدا، دېھقان

### مائارىپ ھەققىدە ئويلار

▲ ھەربىر ئوقۇغۇچى بىر ئۆزگىچە كىتابتىن ئىبارەت بولۇپ، پەقەت ئوقۇتقۇچى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇسىلا، ھەممىسىنىڭ ياخشى كى- تاب ئىكەنلىكىنى بايقىيالايدۇ.

▲ دەرسخانا خاتالىق كۆرۈلۈشكە يول قويۇلىدىغان سورۇن، ئوقۇغۇچى سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈشكە رۇخسەت قىلىنىدىغان ئادەم. كۆپ چاغدا خاتالىق ياكى سەۋەنلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە- كى ساۋاق بوپقالىدۇ.

▲ چۈشىنىش ۋە ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشىش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇھىم پسىخىك ئېھتىياجىدۇر.

▲ ئوقۇغۇچىلارنى ياخشى كۆرگەندىلا ئاندىن ئۇلارغا كۆيۈنگىلى بولىدۇ؛ ئوقۇغۇچىلارنى ھۆرمەتلىگەندىلا ئاندىن ئۇلارغا تەلەپ قوي- غىلى بولىدۇ؛ ئوقۇغۇچىلارنى چۈشەنگەندىلا ئاندىن ئۇلارنى تەربى- يىلىگىلى بولىدۇ.

* * *

▲ كۆز يېشى بىلەن تەرنىڭ خىمىيىلىك تەركىبى ئوخشاش. ئەمما كۆز يېشى ئارقىلىق پەقەت ھېسداشلىقنىلا قوزغىغىلى بولىدۇ؛ تەر ئارقىلىق بولسا، مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

ـ ئابلىز ئوسمان يەركەندىي

ئاپتور: يەكەن ناھىيە كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى

### تۇرمۇش ھېسلىرى

▲ بالىلىقىڭغا قايتىشنى ئويلامسەن؟ ئۇنداقتا، ئاتا ـ ئاناڭنىڭ يۈزىگە مېھرىلىك بىلەن بىرنى سۆيۈپ قويغىن.

▲ «خەق بىلەن نېمە كارىم، مەن ئۆزۈم ئۈچۈن ياشايمەن» دې- گەن سۆزنى ئويۇن ـ تاماشىدا ياكى مودا كىيىملەرنى تاللىشىپ كىيگەندە ئەمەس، ئۆگىنىشتە، ۋاقىتنى قەدىرلەشتە ۋە ئاتا ـ ئانىمىزنى ھۆرمەت- لەشتە ئىشلەتكەن بولساق، ھەقىقىي مەنىسىنى تاپقان بولار ئىدى.

▲ ئەتىنى ساقلىما، ئەتىنى تېپىش ئاسان بولغان بولسا، «ھۇرۇن»، «يارامسىز» دېگەن سۆزلەر تېزلا ئىشلىتىشتىن قالغان بولاتتى.

ـ ئەختەر

ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەتلىك تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

### تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ ئەقىللىق ئادەم باشقىلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ، نادان ئادەم باشقىلارغا تەجرىبە بولۇپ بېرىدۇ.

▲ گەپ ـ سۆزى ئېنىق بولمىغان كىشىنىڭ نىيىتى دۇرۇس بول- مايدۇ. گەپ ـ سۆزلەردە ئېنىقسىزلىق كۆپ يەردە ساختىپەزلىك، ئال- دامچىلىق كۆپ بولىدۇ.

▲ ھەركىم ئۆزىنىڭكىنى ئۆزى يەيدىغان جايدا ئىسراپچىلىق ئاز بولىدۇ ياكى بولمايدۇ.

▲ دۇنيا تارىخىدىن ساۋاق شۇكى، مۇستەبىتلەردە ھەيۋە بولغان بىلەن كۈچ بولمايدۇ؛ چىرىكلەشكەنلەردە شەكىل بولغان بىلەن ئەمە- لىيەت بولمايدۇ.

▲ مەدەنىيەتنىڭ جېنى خاسلىقتا، كۈچى ئاممىۋىلىقتا.

▲ ئىشنى قىلىشقا ئالدىرىماي، بىلىشكە ئالدىرا. چۈنكى بىلگەن ئىشىڭنى چوقۇم قىلالايسەن، لېكىن قىلغان ئىشلىرىڭنى ھەممىسىنى تولۇق بىلىپ قىلدىم، دېيەلمەيسەن.

▲ ئاجىز ـ بىچارىلەر باشقىلارنىڭ ئىچ ئاغرىتىشىغا ئېرىشسە، كۈچ- لۈكلەر باشقىلارنىڭ ھەسەت قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. باشقىلار ساڭا ھەسەت قىلسا، سەن ئۆزۈڭنى ھەسەتخوردىن كۆپ يۇقىرى ئورۇندا قوي.

ـ مۇھەممەتجان ئابدۇغەنى

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە خەلق قوراللىق بۆلۈمىدە

* * *

▲ مەن يېزىلىقلارنى كۆزگە ئىلمىغانلارغا شۇنى دېگۈم كېلىدۇ: سەندە بىزنى كۆزگە ئىلمىغۇدەك كىبىردىن باشقا ھېچنېمە يوق.

▲ يولۋاس مىجەزلىك ئوقۇتقۇچىلار بىزگە تۈلكە مىجەزلىك ئىز باسارلارنى تەربىيىلەپ بەرمەكتە.

ـ ھەسەنجان مۇسا

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ زىيادە ئامراقلىق كۆپىنچە ھالدا جۇدالىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

▲ ئىتنىڭ ئادەمنى كۆرۈپ قاۋىغىنى، ئەمەلىيەتتە قورققانلىقتىندۇر.

ـ قادىر ئابلىز كەمتەرىي

ئاپتور: يەكەن ناھىيە ئېلىشقۇ بازىرىدا، دېھقان

▲ ئاياغنىڭ قىستىغىنى يامان، ئايالنىڭ يەر تېگىدىن قارىغىنى.

ـ مۇھەممەت ئابلەت

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئارمىيىسى يېزا ئىگىلىك 14 ـ دىۋىزىيە گۇما دېھقانچىلىق مەيدانى 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ دوست بىلەن دۈشمەننى پەرقلەندۈرۈشنىڭ ئەڭ ئاددىي ئىككى خىل ئۇسۇلى بار: بىرى، مەغلۇب بولغاندا، يەنە بىرى، غەلىبە قىلغاندا قارشى تەرەپنىڭ چىرايىغا قاراش.

ـ تۇرسۇنگۈل تەۋەككۈل

---

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2005 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ياخشى ئادەم ھەسەل ھەرىسىگە، يامان ئادەم چىۋىنگە ئوخشايدۇ.

▲ پاراۋوز ۋاگوننى سۆرىيەلىگەن بىلەن، پىل چۈمۈلىنى سۆرىيەلمەيدۇ.

ـ نۇرمۇھەممەت ئىسمائىل

---

ئاپتور: مەكىت ناھىيە بازار جەمى يېزا پوسكام كەنتىدە، دېھقان

▲ بەزى ئېلان تەشۋىقاتچىلىرى ـ ئىلمىي ئوغرىلار.

▲ دېھقان ـ بىر سۈتلۈك ئىنەك. ئۇنىڭ سۈتىنى ئىچىدىغان ئادەم كۆپ، بىراق باقىدىغىنى ئاز.

ـ ئەمەت ئىسھاق

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئارمىيىسى يېزا ئىگىلىك 13 ـ دىۋىزىيە «راكېتا» دېھقانچىلىق مەيدانى ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ سەن ھەقىقىي چۈشەنمەيدىغان رەقىب، ئەڭ قورقۇنچلۇق رەقىبتۇر.

▲ ئاتلارنىڭ سۇرلۇك تۇرقىغا قاراپ ئەجەبلەنمە، چۈنكى يامغۇر يېغىشتىن ئاۋۋالقى ئاسمان قانداق ئىدى؟

ـ ھاشىمجان روزى

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە ياندۇرما يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ كىتاب ئىشكاپىدا ئوقۇلماي ساقلىنىۋاتقان كىتابلار خۇددى ئۆلگۈچە خەجلىمەي بانكىدا ساقلىغان پۇلۇڭغا ئوخشايدۇ.

▲ مەن بىر قانچە قېتىم بەزى ھاماقەتلەرنىڭ: «ئۇيغۇر بوپقالغانلىقىمدىن نومۇس قىلىمەن» دېگەن ئالجىشلىرىنى ئاڭلىدىم. مېنىڭچە، ئاشۇ جۆيلىگۈچىلەر ئۇيغۇر تۇرۇپ ئۇيغۇردەك ياشىيالمىغانلىقىدىن نومۇس قىلىشى كېرەك.

ـ ئەسقەر ئەھمىدىي

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەر ماﺋارىپ ئىدارىسىنىڭ خادىمى

▲ كۆزى تولۇق ئېچىلمىغان قۇش ئۇچالمايدۇ. ئەگەر ئۇچتى دېگەن تەقدىردىمۇ، ھامان يىرتقۇچلارنىڭ ئېغىزىغا ئۇچىدۇ، ھەرگىزمۇ ئۆزى كۆزلىگەن مەنزىلگاھىغا يېتىپ بارالمايدۇ.

▲ يوپۇرماقلارنىڭ چۈشۈپ كېتىشى دەرەخنىڭ قۇرۇپ قالغىنىدىن دېرەك بەرمىگەندەك، يىقىلغانلىقىنىڭ ھەممىسى مەغلۇپ بولغانلىق (يوقاتقانلىق)دىن دېرەك بەرمەيدۇ.

ـ كېرىم مۇھەممەت (توغراق)

---

ئاپتور: توقسۇ ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە كىرگەنلىكى، دەھشەتلىك روھىي توپاننىڭ بېشارىتىدۇر.

▲ بىرلىك پىكىردىن باشلىنىدۇ.

ـ تۇرنىسا مۇھەممەتئىمىن پىنھانە

---

ئاپتور: چىرا ناھىيە گۇلاخما يېزا بازىرىدا، دېھقان

▲ ساپاسىز نەرسە ئەڭ تېز كۆپىيىدۇ.

ـ مۇھەممەتتۇردى مۇھەممەتھەسەن

---

ئاپتور: قىرغىز، ئاتۇش شەھەر قاراجۇل يېزا ئېكىز ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ ئۆز ئەركىڭىزنى پەقەت ئۆز تەبىئىتىڭىزدىنلا تاپالايسىز.

▲ ئۆزگىنى يېڭىش قىيىن ئەمەس، ئەڭ قىيىنى، كىشى ئۆزىنى يېڭىشتۇر.

▲ كىشى نېمىگە ئېھتىياجلىق بولسا، شۇ ئەڭ قىممەتلىك؛ توخۇغا مەرۋايىت بەرسىڭىزمۇ ئۇ بەرىبىر دان ئىزدەيدۇ ئەمەسمۇ؟

▲ ھازىرقى بالىلارنى تەربىيلەش نېمىشقا شۇنچە تەس؟ چۈنكى بىز كىچىكىدە قانداق سۆزلەشنىلا ئۆگىتىپ، ئېغىزنى قانداق يۇمۇشنى ئۆگەتمىگەن.

▲ بىرسىنىڭ سىز بىلەن قارشىلاشقان ۋاقتىنى ئۇيلىغىنىڭىزدا غەزەپلەنمەڭ، چۈنكى سىز شۇ ۋاقىتتا ھازىرقىدىنمۇ كۈچلۈك.

▲ كىشىلەرنىڭ غەم ـ ئازابى يا بولمىسا كۆز ئالدىدىنلا كۆرگىنىدۇر، يا بولمىسا بەك يىراقنى كۆرگىنىدۇر.

▲ غەم ـ ئەندىشىمىزنىڭ كېلىش مەنبەسى كۆپ ھالدا ئۆزىمىزدە، ئاز بىر قىسمى باشقىلاردا.

▲ تەنھالىق قورقۇنچلۇق ئەمەس، ئەڭ قورقۇنچلۇقى، ھەممە نەرسىگە بولغان قىزىقىشنىڭ يوقىلىشى.

▲ پۇشايمان بىلەن ئەندىشىنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئىنساننى قىينايدىغان پاسسىپ پسىخىكىلارنىڭ بىرى. پەرقى، ئالدىنقىسى ئۆتمۈشمىزگە، كېيىنكىسى كەلگۈسىمىزگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، خالاس.

▲ بەختلىك كىشىلەر بەختنى بىلمەيدۇ.

▲ غەم ـ ئەندىشىلەرنىڭ يېرىمى، ئۆز ئىستىقبالىمىزغا يېرىم ئىشەنچ بىلەن قارايدىغانلىقىمىزنى ئىپادىلەيدۇ.

▲ مۇھەببەت خۇددى ئېسىل ناخشىغا ئوخشايدۇ. ئاڭلاش تولىمۇ ھۇزۇرلۇق، بىراق ئېيتماق تەس.

▲ بىر ئەرنىڭ يۈز ياخشى دوستى بولغىنى بىلەنمۇ، بىر ياخشى خوتۇنىنىڭ بولغىنىغا يەتمەيدۇ.

▲ ئاياللار جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېچىتقۇسىدۇر.

▲ ئاياللار تەقدىرگە، قىزلار بولسا تەلەيگە ئىشىنىدۇ.

▲كۆڭۈلدىكىدەك نىكاھ خۇددى لاتارىيە بېلىتىدىن تاسادىپىي ئېرىشىپ قالغان مۇكاپاتقىلا ئوخشايدۇ. نەدىمۇ ھەممەيلەن «مۇكاپات» لىنىدىغان ئىش بولسۇن!؟

▲دەبدەبىلىك نام – ئېغىر يۈك.

▲مۇھەببەت لىرىك شېئىرغا، نىكاھ تارىخىي رومانغا ئوخشايدۇ، پەقەت تاقەتلىك، قەيسەر كىشىلەرلا رومانىنى ئاخىرىغىچە ئوقۇپ بەھر ئالالايدۇ.

– مۇنەۋۋەر ئوبۇلھەسەن

---

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تىل فاكۇلتېتىنىڭ خەنزۇ تىلى مۇئەللىمەسى

* * *

▲ئۇقۇشماسلىق، دوستلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەمەلىي سىناق.

▲مېنىڭچە، پۇرسەتنى تاپالمىدىم دېگەننىڭ ئورنىغا، پۇرسەتنى بايقىيالمىدىم دېگەن توغرىراق.

– ئىسمائىلجان مەترېھىم

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە 1 – ئوتتۇرا مەكتەپ 3 – يىللىق 12 – سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ھاياتلىق نېمىنى تەلەپ قىلسا، شۇ نەرسە تىرىشچانلىقىڭغا باش قويىدۇ.

– قۇربانجان يۇسۇپ (ماياك)

---

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە ساغان يېزا يېڭەنكۆل كەنتىدە، دېھقان

▲ئىنسانە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بولسا ئىنسانپەرۋەرلىك، بۇيرۇق تۈسىنى ئالسا، ئالۋاڭ – سېلىقتىن نېمە پەرقى؟

– ئابدۇرېھىم رەھمان

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش – قۇرۇلۇش ئارمىيىسى يېزا ئىگىلىك 3 – دىۋىزىيە 49 – پولك 1 – ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ئۇۋچى قارىغا ئالغان نەرسىنىڭ ئارىلىقى قانچە يىراق بولسا، ئوقنىڭ دەل نىشانغا تېگىش نىسبىتىمۇ شۇنچە تۆۋەن بولىدۇ.

– ئابدۇللام ئاۋۇت

---

ئاپتور: ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى ساياھەت ئىدارىسىنىڭ خادىمى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲بىز ھەمىشە ۋاقىت قىسقا، ئۆمۈر قىسقا دەپ زارلىنىمىز. ئەمەلىيەتتە، ئۆمۈر ئۇنچە قىسقا ئەمەس، پەقەت بىزنىڭ قەدرىگە يەتكەن ۋاقتىمىز قىسقا.

▲ئەمەلىيەتتە بۇ دۇنيانىڭ ئەنسىرىگىچىلىك، قايغۇرغۇچىلىك ۋە قورققۇچىلىك يېرى يوق، بىزنى ئەنسىرىتىدىغان، قورقىتىدىغان، ۋەھىمە ۋە ئازابقا سالىدىغىنى پەقەت ئادەملەرلا، خالاس.

▲بىزنىڭ باشقىلاردىن كېيىن قېلىشىمىزدىكى سەۋەب، ھەمىشە ئالدىمىزغا قاراپ ئەمەس، ئارقىمىزغا بېقىپ ئىلگىرىلىگەنلىكىمىزدە.

▲تالاي شائىر ھەمىشە يۇلتۇزلارنى ماختايدىكەن، لېكىن مەن ئۇنداق نە ئىسسىقى، نە يورۇقى يوق يۇلتۇزلارنى ماختىغاندىن كۆرە، ھاياتقا ھەقىقىي ئۈمىد بىلەن باقىدىغان بىر جۈپ نۇرلۇق كۆزنى ماختاشنى ئەۋزەل كۆرىمەن.

– گۈلمەرەم تۇرسۇن

---

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە 1 – ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 – يىللىق 2 – سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى – مىللىتىمىزنىڭ مەنىۋى قىياپىتىنى كۆرىدىغان ئەڭ ياخشى ئەينەك.

– ھەزرىتئەلى ئابلىكىم

---

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە 1 – ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 – يىللىق 6 – سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر ئۈنچىلىرى

▲پۇل تاپقۇچىلار پۇلنى نەدىن، قانداق تېپىشنى، پۇل تاپقانلار پۇلنى نەگە، قانداق خەجلەشنى بىلەلىسە خەلققە ئامەت، بىلەلمىسە خەلققە ئاپەت.

▲بەخت ئىككى نەرسىدە، بىرى سۆيۈشتە، يەنە بىرى سۆيۈلۈشتە.

▲ئۇرۇش – جېدەلنىڭ كۆپلۈكىدىن قېنىمىزنىڭ، ھاراق – تاماكىغا بېرىلىپ جېنىمىزنىڭ ئەتىۋارى قالمىدى.

▲بىزگە ئەڭ كېرەكلىكى، كۆپ يول مېڭىش ئەمەس، كۆپ يول تېپىش.

▲ھوقۇق ھەيۋە قىلىشتا ئەمەس، قايىل قىلىشتا ھەم مايىل قىلىشتا ئۆز ئىپادىسىنى تاپسا، پۇقرالارغا بەخت يارىتالايدۇ.

▲مائارىپىغا ساختىلىق ئارىلاشقان مىللەت، ئەۋلادلىرىنى ئۆگزىگە چىقىرىپ قويۇپ، شوتىنى تارتىۋالغان مىللەتتۇر. نەتىجىسىنى سۈرۈشتۈرۈشنىڭ ئورنى يوق، ئەلۋەتتە.

– ئابدۇرەھمان قادىر

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە چارەك بازار تېتىر باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ۋىجدان، سېتىۋالغىلى بولمايدىغان، ئەمما سېتىۋەتكىلى بولىدىغان ئەڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقتۇر.

▲خىيال قىلىش، باشقىلار مەڭگۈ توسۇپ بولالمايدىغان مۇقەددەس ئەركىنلىكتۇر.

▲تارىخقا نەزەر سالساق، دۇنياغا تونۇلغانلارنىڭ بىر قىسمى ئادەتتىن تاشقىرى تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ، يەنە بىر قىسمى ئادەتتىن تاشقىرى قابىلىيىتىگە تايىنىپ، يەنە بىر قىسمى ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا تۇيۇقسىز كەلگەن ئامەتنىڭ ئىگىسى بولۇپ غەلىبە ياراتقان.

– ئابدۇقەييۇم مۇھەممەت (جەۋلان)

---

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى 2004 – يىللىق 9 – سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲بىز نامەلۇم بىر شەيئىنى «نېمە» دىن باشلاپ، ئاندىن ئۇنى «نېمە ئۈچۈن»گە تەرەققىي قىلدۇرالىساق، ئۇ ھالدا ئۇ شەيئى بىزگە قىلچىمۇ ناتونۇش تۇيۇلمايدۇ.

▲ئوقۇشنىلا بىلىپ يېزىشنى بىلمەسلىك، ئاتالغۇنىلا بىلىپ چۈشەندۈرەلمەسلىك، نەزەرىيىنى بىلىپلا ئەمەلىيەتتە قوللانماسلىق، مېڭىشنى بىلىپلا، نىشانى بولمىغانغا ئوخشاش.

ـ مېھرىبانگۈل يۈسۈپ

---

ئاپتور: ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى. ئەپسۇس، ئەسىرىگە ئۆز مەكتىپىنىڭ تەپسىلىي ئادرېسىنى يېزىشنى ئۇنتۇغان

**ئۇيۇق سادالىرى**

▲ ھەقىقىي مەنىدىكى شائىر قاراڭغۇ كېچىنىڭ يورۇق تەرەپلىرىنى ۋە كۈندۈزدىكى زۇلمەتنى ھېس قىلالايدۇ.

▲ ئەركىنلىك، ئۆزىنىڭ ئادەملىكى ئۈستىدە ئويلانغان ھەم ئويدىلىيالىغان ئىنسانلارغا مەنسۇپ بولىدۇ.

▲ مائارىپقا مەجبۇرىيەت نۇقتىسىدىن ئەمەس، مەسئۇلىيەت ۋە ۋىجدان نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلغان مىللەت، مائارىپتىن چىقىش يولىنى تاپالايدىغان مىللەتتۇر.

▲ ئۆزى چۈشەنمىگەن نەرسە ئۈستىدە پىكىر قىلغان ئادەمنىڭ سۆزى ـ پىشمىغان زىرائەتنى ئورۇۋەتكەن ئادەمنىڭ ئەمگىكىگە ئوخشايدۇ.

▲ قۇياش تاڭنى باشلاپ كېلىدۇ، دانىشمەنلەر ئىنسانىيەتنى يېتەكلەپ ماڭىدۇ.

ـ ئابدۇمەجىد مۇھەممەتئىمىن نىجاتكار

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى ئەدەبىيات كەسپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

**تۇنجى تەپەككۇرۇم**

▲ ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىمەن، بەزىدە زاماندىن زارلىنىمەن. لېكىن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى قولۇمغا ئالسام ئۈمىدسىزلىنىشىم، زارلاشلىرىم قاياققىدۇر غايىب بولىدۇ.

▲ قۇمنىڭ چېچىلاڭغۇلۇقىنى بىر نەرسە ئوخشىيالايدۇ، ئۇ بولسىمۇ سېمونت.

▲ مېنى ئۆمرۈمدە ئىككى خىل ئىش ناھايىتى خۇش قىلدى. بىرى، كىتاب يايمىسىدا كىشىلەرنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى تالىشىپ سېتىۋېلىشى؛ يەنە بىرى، مەزكۇر ژۇرنالنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىگە ئەسەر ئەۋەتكەن قىزلارنىڭ كۆپىيىشى.

▲ ئېغىزىمىزنىڭ گەپ بەرمەس پالۋانلىقى، قولىمىزنىڭ ئىشقا كەلگەندە گاللىقى سەۋەبلىك شۇڭا ھالىمىز خاراب.

ـ ئەبۇ بەكرى ئارىپ

---

ئاپتور: لوپ ناھىيە دول يېزا توغرىئېرىق كەنتىدە، دېھقان

**تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى**

▲ ۋىجدانسىز كىشى ـ ئاممىۋى ھاجەتخانا.

▲ تەپەككۇرسىز ئىنسان ـ يېتىلەككە كۆنگەن ئېشەك.

▲ دۇنيا تارىخىدىن ساۋاق شۇكى، دۈشمەننىڭ غەلىبىسى غاپىللارنىڭ ئۇيقۇسى ئارقىلىق ئىشقا ئاشقان.

▲ ئەركەك بولساڭ ئەلگە باق، ئەل نېمە دەيدۇ يۈرەككە باق.

▲ سېنى ماختىغاننىڭ مەقسىتى ئىككى: بىرى، ساڭا ھەسەت قىلغان، كۆڭلىدىكى دۈشمەنلىكىنىڭ ئىپادىسى؛ يەنە بىرى، سەندىن پەخىرلەنگەن، يۈرىكىدىكى ھۆرمىتىنىڭ ئىپادىسى.

▲ مەنپەئەت ئالدىدا سېنى ساتقان دوست، زەھەر يۇتۇۋالغان ئىت.

▲ دوستۇڭنىڭ ئالدىدا تەكەببۇرلۇقنى قوي، نەسىھىتىنى ئال؛ دۈشمەننىڭ ئالدىدا قالقاننى قوي، شەمشىرنى ئال.

▲ دۈشمىنىڭنىڭ دوستقا ئايلانغانلىقى، بىر بولسا دانالىقىڭنىڭ، بىر بولسا نادانلىقىڭنىڭ ئىپادىسى.

ـ ئادىلجان ئابدۇرۇسۇل

---

ئاپتور: ئونسۇ ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ بىلىم ئېلىش قۇدۇق قازغانغا ئوخشايدۇ. قانچە چوڭقۇر قازساڭ سۈيى شۇنچە سۈزۈك ھەم مول بولىدۇ.

▲ بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈك ـ تىرىكلىكىگە ھۆكۈم قىلىشتا، مېنىڭچە، ئۇنىڭ غۇرۇرىنى يوقاتقان ـ يوقاتمىغانلىقىغا قاراش كېرەك.

ـ ئەھمەتجان تۇنىياز

---

ئاپتور: ئونسۇ ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ 5 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئاياللارنى خۇشاللاندۇرىدىغىنى زۆرۈرىيەت، ئەرلەرنى خۇشاللاندۇرىدىغىنى مۇھەببەت.

▲ خۇشامەت كۆلكىسىنى كۆلۈشكە مەجبۇر بولغان ۋاقتىڭ، دەل ئادىمىيلىكىڭنىڭ ئۆلۈشكە يۈزلەنگەن ۋاقتىدۇر.

▲ ئەتىنى ئويلايدىغان پىكىرلىكلەر بىلەن بىللە بولساڭ، ئالغا سىلجىيسەن، بۈگۈننى ئويلايدىغانلار بىلەن پىكىرلەشسەڭ، ئىزىڭدا قالىسەن، تۈنۈگۈننى سۆزلەيدىغانلار بىلەن پىكىرلەشسەڭ، داجىيسەن.

ـ ئابدۇغەنى توقۇ

---

ئاپتور: قىرغىز، ئاقتو ناھىيە مائارىپ ئىدارىسىنىڭ خادىمى

**تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى**

▲ بىراۋنىڭ كۆزىگە قاراپ ئۇنىڭ يالغان سۆزلىگەنلىكىنى بىلەلىسەڭ، شەكسىزكى، سەنمۇ ئىلگىرى شۇنداق يالغان سۆزلىگەن.

▲ ئېغىزدىن چىققان گەپكە ئىگە بولۇش كېرەك، بۇ، ئىدىيىسى پىشىپ يېتىلگەن كىشىلەرنىڭ مۇقەررەر مەسئۇلىيىتى.

▲ ئوقۇشماسلىق ـ ئادەمنىڭ سەۋر ـ تاقەت ۋە ئەقىل ـ پاراسىتىنى سىنايدىغان ياخشى ئىمتىھان.

ـ مىرئالىم مەجىد

---

ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھىرىدە

**تەپەككۇر بېغىدىن شىرنىلەر**

▲ يىقىلىپ چۈشۈش تاسادىپىيلىق، ئورنىدىن دەس تۇرۇش يەڭگىتلىك.

▲ زاھىرىڭدا سەن نىشان قىلغان ئوبيېكتقا ماس پۇختا نەزەرىيىۋى ئاساس بولغان بىر ئەمەلىي ھەرىكەت شەكىللەنمىسە، ئېتىقاد، ئەقىدە ـ ئىخلاستىن سۆز ئېچىشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى قاپاقتا تۇز ئالسا قوماق باغلايدۇ، ماي ئالسا پارقىرايدۇ.

▲ ھاياتلىق سازىڭنى پىر ـ ئۇستازلىرىڭ كۆرسىتىپ بەرگەن پەدىگە چېلىۋەرمەي باشقا پەدىگە يۆتكەپ باق. مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىساڭ، ئۇلارغا بولغان ئىخلاس ـ ھۆرمىتىڭ ئاشىدۇ؛ غەلىبىگە ئېرىشسەڭ، ھايات يولىدىكى ئاساسىڭنى پۇختىلىغان بولىسەن.

▲ قالچا خۇرۇم ئايافقا ئوخشايدۇكى، ئۇ، چەمدىن كەتكەن ھامان مايلاپ سۈرتۈشتىن مەھرۇم بولىدۇ ياكى بارار جايى ئەخلەت ساندۇقىدۇر.

— ئابدۇقەييۇمقارىي ئابلەت

ئاپتور: تېكەس ناھىيە بازار ئىچى بوستان كەنتىدە، دېھقان

### كۆڭۈل خەزىنىسىدىكى ئويلار

▲ دۈشمىنىگە دوستلۇق كۆزى بىلەن قارىغۇچىلار رېئاللىقنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشقۇچىلار، دۈشمىنىگە دۈشمەن كۆزى بىلەن قارىغۇچىلار رېئاللىققا تەن بەرگۈچىلەردۇر.

▲ مۇھەببەت ئۇقۇمى بىلەن مەسئۇلىيەت ئۇقۇمى تەڭ مەۋجۇد بولغان بولسا ئىدى، قىز ـ ئوغۇللىرىمىزدا ۋاپاسىزلىق تۈگىگەن بولاتتى.

▲ ئۆز مىللىتىمىزدىن چىققان تىلەمچىلەرنى ھەر قانداق ۋاقىتتا قۇرۇق قول قايتۇرغان بولساق، بىقىنىپ ياشاشقا خاتىمە بېرىشنىڭ بىر ئۇقتىسىنى تېپىۋالغان بولاتتۇق.

— بۇۋىخەلىچەم مۇھەممەتئىمىن

ئاپتور: گۇما ناھىيە زاڭگۇي يېزا مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ خادىمى

### تەپەككۇر غورىلىرى

▲ ئايال ـ ئەرنىڭ ۋەتىنى، بالا ـ ئەرنىڭ مىللىتى.

▲ قىز ـ چوكانلار ساختىلاشتى دېگەندىن كۆرە، ئۇلارنى مەيلىگە قويۇۋەتكەن يىگىت ـ ئەرلەر ئاختىلاشتى دېگەن تۈزۈك.

▲ «ئەرلەر بۆرىدەك قەيسەر، يىلپىزدەك جەبدەس، يولۋاستەك مەرد، شىردەك باتۇر، ئېيىقتەك كۈچتۈڭگۈر بولسا...» (ياقۇپ ھەمدۇللا: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2005 ـ يىل 6 ـ سان)، ئۇ ھالدا ئاياللار قويدەك ياۋاش، جۈمۈلدەك ئىشچان، تورغىدەك گۈزەل، كېكىلىكتەك چاققان، ئاققۇدەك لىۋەن، بۇلبۇلدىنمۇ خۇش ئاۋاز بولغان بولاتتى.

▲ ئەسكى ھارۋا ئات بۇزىدۇ، قېرىنداشنى يات بۇزىدۇ، زۇلپىقارنى دات بۇزىدۇ.

▲ ئەرلەر ئاياللارنى يىغلاتسا، ئاياللار مىللەتنى، ئاخىرىدا دۇنيانى يىغلىتىدۇ.

▲ شارائىت ئادەملەرنى ئۇلۇغ، ئاقىل، ئەخمەق دەپ ئۈچكە ئايرىيدۇ.

▲ بۇ ئالەمنى كىم تار دەيدۇ؟

بۇ ئالەم پەقەت ئاسماننى قالپاق، يەرنى پايپاق قىلغان ھارامتاماق پاراكەندىلەر ئۈچۈنلا تار.

▲ ئەي ئەر!

ئايال سېنىڭ ئالقىنىڭدىكى تۇخۇم، بەك چىڭ تۇتساڭ مىجىلىپ كېتىدۇ، بەك بوش تۇتساڭ چۈشۈپ كېتىدۇ.

▲ پەزىلەتلىك ئانىلارنىڭ تۈگىشى، توپان بالاسىنىڭ باشلانغانلىقىدۇر.

▲ ئوقۇتقۇچى ۋە ئانا مىللەتنىڭ جۈپ قانىتى.

▲ بوشاڭ ئەر بىر بولسا ئايالنى ئىشچان ـ قاۋۇل قىلىدۇ، بىر بولسا شاللاق ـ بىشەم.

▲ ئاياللار مىللەتنىڭ تەقدىرى، بۇ تەقدىرنىڭ جۇلۇۋۇرى ئەرلەر قولىدا.

— گۈلزار ئابدۇۋەلى (ياۋاگۈل)

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە چاھارباغ بازار گۈلباغ باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ خەنزۇ تىلى مۇئەللىمى

### ئەقىل مېۋىلىرى

▲ چاكىنا ئاۋام پىتنە ـ پاساتلار ئارقىلىق ئۆز كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇشقا تىرىشىدۇ.

▲ كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى قانچە تۆۋەن بولسا، ۋاقىت ئىسراپچىلىقى شۇنچە كۆپ بولىدۇ.

▲ ماددىي جەھەتتىكى نامراتلىق قۇللۇققا، مەنىۋى جەھەتتىكى نامراتلىق مەھكۇملۇققا ئېلىپ بارىدۇ.

▲ ياسىنىشنىلا بىلىدىغان ئايال سۈنئىي گۈلگە ئوخشايدۇ.

▲ ئۆز ھاياتىنى قەدىرلەشنى بىلمەيدىغانلار مەڭگۈ باشقىلارنىڭ ئويۇنچۇقى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ.

— ئايىمنىسا سۇلايمان

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇئەللىمى

### تەكلىماكان تەرمەچىلىرى

▲ ئەسەر تۈزىتىش، يۇت ئالقىنىغا كىرىپ كەتكەن تىكەننى يىڭنە بىلەن كولاپ ئېلىشقا ئوخشايدۇ.

▲ تونجى قېتىم ئېلان قىلىنغان ئەسەر ـ ئاچ قالغان كەمبەغەل ئادەمگە ئۇچرىغان بىر كاللەك ئالتۇن.

▲ خەلق قەلبىدىن ئورۇن ئېلىش ـ بىر يازغۇچىنىڭ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكىنى بىلەن باراۋەر.

▲ ۋىجدان ـ ھەقىقەتنىڭ تارازىسى.

▲ ئەخلاق ـ ئىنسان ھەربىكىتىنىڭ قاراۋۇلى.

▲ ئۆلۈش ئالدىدا پۇشايمان قىلماي دېسەڭ، ئىشنى ھازىردىن باشلا.

▲ ئۆزى قىلالايدىغان ئىشنى قىلماسلىق بىغەرەزلىك، قىلالمايدىغان ئىشقا چات كىرىۋېلىش ئەخمەقلىقتۇر.

▲ كىملىكىڭنى بىلمەكچى بولساڭ ئىسمىڭغا ئەمەس، ھەرىكىتىڭگە نەزەر سال.

▲ بىراۋنى ئالدىماق ئاسان، ئۆزىنى ئالدىماق تەس.

▲ روھىيىتىڭنى پاكلاي دېسەڭ، غۇرۇرىڭنى پاكلا.

▲ ئۆگەنگۈچىگە ئەقىل كېرەك، ئۆگەتكۈچىگە سەۋر.

▲ ئىنساننىڭ بىر قانىتى پەزىلەت بولسا، يەنە بىر قانىتى ماھارەتتۇر.

▲ ھەقىقىي گۈزەللىك قەيەردە؟ ئۇ ـ لەۋزى ھالال، نىيىتى دۇرۇس، پاكىز كۆڭۈل ۋىجدان ئىگىلىرىنىڭ قەلبىدە.

▲ قىممىتىڭنى ئادەمدىن ئىزدىمە، ئەمگىكىڭدىن ئىزدە.

▲ ئىشى يوقنىڭ ئېشى يوق، ئېشى يوقنىڭ بېشى يوق.

▲ يوقاتقىنىڭدىن ئېرىشكىنىڭ كۆپ بولسا، سەن ھەقىقىي غالىب.

▲ ئۇيقۇ، يېرىم ئۆلۈم دېمەكتۇر.

▲ بارلىق كەشپىيات ئىچىدە سائەت ۋە قەلەم ئەڭ ئۇلۇغ كەشپىيات. سائەتنىڭ ئۇلۇغ رولى، ئىنسان ھاياتىنى ۋاقىت شەكلىدە خاتىرىلەش بولسا، قەلەمنىڭ ئۇلۇغ رولى، ئىنسان ھاياتىنى تارىخ شەكلىدە خاتىرىلەشتۇر.

— غەنىزات ئۇيغۇر

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزا ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ سىياسەت

ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ هاراق يۈزۈڭنى قىزارتىپ، ئەقلىڭنى قىسقارتىدۇ.

▲ ئۇستاز ھەر بىر سائەت دەرسكە، ھەربىر ئوقۇغۇچىغا، ھەربىر ئېغىز سۆز، ھەر بىر ئىش ـ ھەرىكىتىگە «ئەستايىدىل» دېگەن ماركىنى ئېسىشى كېرەك.

▲ مۇئەللىمنىڭ ئىقتىدارسىز، ئەدەبسىزلىكى، ئوقۇغۇچىنىڭ ۋابالى، مىللەتنىڭ زاۋالى.

▲ قىزلارنىڭ بەزمىخانىلارغا كۆپ كىرىشى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئار ـ نومۇسىنى، ئوغۇللارنىڭ بەزمىخانىلارغا كۆپ كىرىشى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ پۇل ـ دۇنياسىنى تۈگىتىدۇ.

▲ دۇنيادا ئەڭ قىيىن ئىش، باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش.

▲ ئادەم بىرەر ئىشتا نەتىجە ياراتقاندىلا، ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ھەقىقىي ھېس قىلىدۇ.

▲ دەرەخنىڭ يىلتىزى چوڭقۇرلىغانچە شاخلىرى باغجان، يوپۇرماقلىرى باراقسان بولىدۇ؛ ئادەمنىڭ بىلىمى چوڭقۇرلىغانچە تەلەپچان، تىرىشچان، ئويچان بولىدۇ.

▲ شەنبە، يەكشەنبە، تەتىل، ئارام كۈنلىرى ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن جەمئىيەتنى، تەبىئەتنى، ئۆرپ ـ ئادەتنى ئۆگىنىدىغان دەرس ۋاقتى بولغىنى ئەۋزەل.

▲ كۆز ـ يۈرەكنىڭ ئەينىكى، كۆڭۈلنىڭ ئەلچىسى، ئەقىلنىڭ باشلامچىسى.

▲ بىلىمسىز، ھاياسىز، ئەدەبسىز خوتۇن ئېلىش ـ ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇرۇش؛ ديانەتلىك، پەزىلەتلىك، قابىلىيەتلىك خوتۇن ئېلىش، ئائىلىدە جەننەت ھۇزۇرىنى سۈرۈش دېمەكتۇر.

▲ كادىرلارنىڭ ياخشى بىلەن ساختىسىنى، بىرى، خىزمەت بىلەن تۆۋەنگە چۈشكەندە، يەنە بىرى، خىزمەتتىن يۇقىرىغا دوكلات بەرگەندە سىنىغلى بولىدۇ.

▲ ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا ئەجداد بىلەن ئەۋلاد ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈك، بىلىم ئىگىلىشىدە تۈۋرۈك، يۇقىرى ئۆرلىشىدە شوتا بولالىسا، ئوقۇغۇچىلار تالانتلىق بولىدۇ.

▲ تەبىئىي ئاپەت تەڭرىنىڭ غەزىپى، قۇتقۇزىدىغىنى، ئىنسانلارنىڭ مۇھەببىتى.

▲ ئادەملەرنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى ئەقلىي ئىقتىدار، بىلىم ـ قابىلىيەت، تەپەككۇر ئۇسۇلى بەلگىلەيدۇ.

▲ تەبىئەتتىكى تۈمەنمىڭلىغان «نېمە ئۈچۈن»، ئىنسانىنىڭ ھاياتىغا توغرا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن.

▲ تارىخ ئۆگىنىش، ئۆتكەنلەرنىڭ تەقدىرىنى بىلىش، بۈگۈنگە تەدبىر تېپىش، ئەتىگە يول ئېچىش ئۈچۈندۇر.

▲ كۆزىتىش ـ چۈشىنىشنىڭ، چۈشىنىش ـ پىكىر قىلىشنىڭ، پىكىر قىلىش ـ ئەمەلىي ئىشلەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

▲ مۇستەقىل پىكىر قىلالمايدىغان، مۇستەقىل ئىشلىيەلمەيدىغان، مۇستەقىل يول تاپالمايدىغان ئادەم، كارۋاننىڭ تۆگىسىگە ئوخشايدۇ.

▲ ھورۇنلۇق، بىخۇدلۇق، نادانلىق ـ ئادەمنى زەئىپلەشتۈرىدىغان مەنىۋى ئەيىپ.

▲ ئىنسانىي غۇرۇر، ۋىجدانىي بۇرچ، ئادىمىي تەپەككۇردىن مەھرۇم ئادەم، ھەممىدىن مەھرۇم، تەقدىرى مەۋھۇم ئادەمدۇر.

▲ ئەجدادىنىڭ يىلتىزىنى قېزىش، ئەۋلادىنىڭ ھايات خەرىتىسىنى سىزىش ئۈچۈندۇر.

▲ ئۈچ خىل ئادەم مەڭگۈ خاتىرجەم ياشىيالمايدۇ: ئوغرى، ھەسەتخور، زىناخور.

▲ پاكىزلىق ـ ئەڭ ئېسىل زىننەت؛ پاكلىق ـ ئەڭ ئېسىل پەزىلەت.

▲ ئۆزى سۆيمىگەن ئادەمگە ئۆمۈرلۈك جورا بولۇش، بۇ دۇنيادىلا دوزاختا كۆيۈش دېمەكتۇر.

▲ شانلىق تارىخ ـ يول، شەرەپلىك قەھرىمانلار يول بەلگىسىدۇر.

▲ ئاغزى بېسىقماي سۆزلىگەنلەر دەشنام يەيدۇ، باش كۆتۈرمەي ئىشلىگەنلەر گۆشنان يەيدۇ.

▲ پىتنە ـ پاسات تاراتقانلار ـ زەھەر ساتقانلار.

▲ ئاۋامنىڭ قارغىشىدىن، ئاللانىڭ غەزىپىدىن قورق.

▲ باشقىلارنىڭ ئەسىرىنى ئوغرىلاش ئەڭ شەرمەندىلىك، ھۈنەر ـ تېخنىكىسىنى «ئوغرىلاش» پايدىلىق ئىش.

▲ كىتابخۇمار بالا بەختكە، ھاراقخۇمار بالا جىنايەتكە يۈزلىنىدۇ.

▲ ئۆزىنى چۈشەنگەنلەر ئەقىللىق، ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ چۈشەنگەنلەر دانا، ئۆزىنى ئىللەتتىن، باشقىلارنى ئاپەتتىن قۇتقۇزغانلار قەھرىمان.

▲ ئۇلۇغ ئىستەك ـ ئۇلۇغ ئىشلارنىڭ يېتەكچىسى، ئۇلۇغ ئىنسان ئاۋام ـ پۇقرانىڭ نىجاتچىسى.

▲ ئاتا ـ ئانا ـ ئائىلە باغچىسىنىڭ باغۋىنى، پەرزەنت روھىنىڭ ئىنژېنېرى.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى بىزنىڭ روھىي ئىنكىئانىمىز.

▲ ياخشى كۆرۈش ـ شېرىن ئازاب، ياخشى كۆرۈشكە ئېرىشەلمەسلىك ـ ئېغىر ئازاب.

▲ ئەقىل ـ كۆزنىڭ يېغى، تەپەككۇر ـ ئەقىلنىڭ تېغى، كىتاب ـ كۆڭۈلنىڭ بېغى.

▲ بىلىم ـ ئادەمنىڭ كۆزى، ئەقىل ـ كۈچى، ئەدەب ـ يۈزى.

▲ ھېكمەتلىك سۆز ـ ئادەم ئۈچۈن يېقىنغا مىكروسكوپ، يىراققا دۇربۇن.

▲ ئەقىل ـ قول، تەدبىر ـ پۇت، بىلىم ـ كۈچ.

▲ ئوقۇتقۇچى كونسپېكتنى ئوقۇغۇچىنىڭ قەلبىگە يېزىشى كېرەك.

▲ ھەقىقەت، بۇلۇتلۇق ئاسماندىكى كۈنگە ئوخشايدۇ.

▲ تارىخ ـ قان بىلەن لاي ئېتىپ، كاللا بىلەن تىكلەنگەن ئابىدە.

▲ داغدام يولدا يولداش، پۇل بارچاغدا ئاداش سىنالمايدۇ.

▲ ھورۇن ئانا ئۇخلاپ تۈگىشەر، شاللاق قىز ئويناپ.

▲ تەبىئەتتە مۇھىت ئېكولوگىيىسىنىڭ بۇلغىنىشى، جەمئىيەتتە تىل ئېكولوگىيىسىنىڭ بۇزۇلۇشى ئېغىر.

▲ خەلقنى ئىنتىپاقلاشتۇرالىغانلار سىياسىيون، خەلقنى ئويغىتالىغانلار شائىر، خەلقنى سۆيۈندۈرەلىگەنلەر سەنئەتكار، خەلقنى باي قىلالىغانلار ئىسلاھاتچى ھېسابلىنىدۇ.

▲ تۈلكىنىڭ مويى، بۇغىنىڭ مۈڭگۈزى، قىزنىڭ ھۆسنى ئۆزىنىڭ دۈشمىنى.

▲ يامان ئادەت، ئەسكى ئىللەت، بولمىغۇر رەسمىيەتلەر خىروئىندەك زەھەر، ئەيدىزدەك مەرەز.

▲ كىتابىي بىلىم قۇمغا سىڭىلگەن سۇ، ئەمەلىي بىلىم مۇنبەت ئېتىزغا سىڭگەن سۇ.

▲ كىم ئەقىل ـ پاراسەتلىك، بىلىم ـ قابىلىيەتلىك، ھۈنەر ـ

ماھارەتلىك، قەيسەر ـ جاسارەتلىك بولسا، شۇ خوجايىن بولىدۇ، ئەكسى بولسا مالاي.

▲ چالا موللىنىڭ پەتىسى، شاللاق خوتۇننىڭ پەردىزى، ھاراقكەشنىڭ ۋەدىسى، ھورۇننىڭ ئەتىسى تولا.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئاقىللارنىڭ مۇنبىرى، ئەقىلنىڭ ئامبىرى.

▲ پۇلدارنىڭ دوستى، مەنسەپدارنىڭ تۇغقىنى، سەنئەتكارنىڭ تونۇشى تولا.

▲ مەنىۋى دۇنياسى تۇمان، ھايات يولى دەرگۇمان ئادەملەر «شىنجاڭ مەدەنىيىتى » ژۇرنىلىنى ئوقۇسۇن. بۇ ژۇرنال دىلىڭىزغا چىراغ، يولىڭىزغا مەشئەل، چاڭقىغانغا ئۇسسۇزلۇق، ئاچقانغا ئوزۇق بولغۇسى.

▲ ئادەمنىڭ كېسەلچان بولىشى ئۈچ ئىشتىن: كۆپ ئۇخلاش، كۆپ يېيىش، كۆپ غەم قىلىشتىن بولىدۇ.

▲ مېۋىلەرنىڭ مېغىزى، سۆگەكنىڭ يىلىكى ئەڭ تېتىشلىق، ئەڭ قۇۋۋەتلىك بولىدۇ. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر مېۋىلىرى» تەپەككۇرنىڭ مېغىزى، ئەقىلنىڭ يىلىكى، ئەقلىي قۇۋۋەتنىڭ ئۆزىكى.

▲ ھاراقكەشلەر سورۇنى كومېدىيە بىلەن باشلىنىپ، تراگېدىيە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

▲ ھاياتلىقنىڭ ھەر بىر كۈنى بىر مەيدان ئىمتىھان.

▲ ئىككى خىل ئۆچمەنلىك ئاسان ئۇنتۇلمايدۇ. بىرى، مۇھەببەت نەپرەتكە ئايلانغاندا، يەنە بىرى، قىساس.

▲ دۇنيادا ئۈچ ئىشنى قىلىش ئەڭ تەس: ئۆز نەپسىنى باشقۇرۇش، ئۆز خوتۇنىنى باشقۇرۇش، ئۆز بالىسىنى باشقۇرۇش.

ـ ياقۇپ ھەمدۇللا

---

ئاپتور: مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيە ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغىلى مىڭ يىلدىن ئاشتى. 24 يېشىمدا مەسچىتكە كىرسەم، ئىمام مىڭلىغان جامائەتكە تاھارەت ئېلىشتا پەرز تۆت، دەپ ئۆگەتكىلى تۇرۇپتۇ. ئويلاپ قالدىم: مىڭ يىلدىن بۇيان تاھارەت ئېلىشنى ئۆگىنەلمىگەن مىللەتنىڭ ئېتىقادى نەقەدەر تۆۋەن ـ ھە! ئەگەر مەن ئىمام بولسام جامائەتكە مۇنداق دەيتتىم: 21 ـ ئەسىردە مۇسۇلمانىنىڭ مەۋجۇد بولۇشىدا پەرز ئىككى: بىرىنچىسى، ئېتىقاد، ئىككىنچىسى، ئىلغار پەن ـ تېخنىكا.

ـ ئەكبەر ئۆمەر ئۇيغۇرىي

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن ئىنستىتۇتى سىياسىيشۇناسلىق 2001 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

**تەپەككۇر مېۋىلىرى**

▲ ئادەم ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى كۈچلۈك رەقىبى ئالدىدا ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي ياخشى كۆرگۈچىسى ئالدىدا ھېس قىلىدۇ.

▲ ئۆسۈملۈكنىڭ كۆپ ساندىكىسى ئۈچىدىن ئۆسىدۇ، ئادەم بولسا، بەدىنىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تەكشى ئۆسىدۇ؛ ئادەمنىڭ چېچى تۆۋىدىن ئۆسىدۇ. مانا بۇ ئۆسۈشتىكى پەرق.

▲ تۇرمۇش ھەددىدىن زىيادە مۇرەككەپ بوپكەتسە، بىر بولسا، ئىنساننى كاردىن چىقىرىدۇ، بىر بولسا، ئىنساننى پولاتتىن قاتتىق قىلىپ تاۋلايدۇ.

▲ ساختا مۇھەببەتنىڭ باشلىنىشىدىن ئاخىرلىشىشى تېز بولىدۇ.

▲ ھاياتىڭغا زور تەسىر كۆرسەتەلىگەن قىزنى قوغلاشتىن ۋاز كەچمە. لېكىن تەسىر كۆرسىتەلمىگەنلەرنى قوغلىغىنىڭ، چاقى يوق ھارۋا ئۈستىدە ئۇخلاپ قالغان بىلەن ئوخشاش.

▲ سۆيمىگۈچىگە نىسبەتەن سۆيۈلگۈچى ئەرزىمەس كاھىش پارچىسى، سۆيگۈچىگە نىسبەتەن سۆيۈلگۈچى تەڭداشسىز ـ بىباھا گۆھەردۇر.

▲ مېنى دورىغۇچە چۈمۈلىنى دورا.

▲ بىز قانچىكى كۆزگە ئىلمىغان ئىشلار بىزنى شۇنچە نەس باستۇرىدۇ.

▲ ئەينەككە قارىساڭ سۈرىتىڭنى كۆرۈسەن، تارىخقا قارىساڭ ئەسلىڭنى.

▲ ئۆزۈڭنى 21 ـ ئەسىرگە ماسلىشالايدىغان ئادەم قىلىپ چىقاي دېسەڭ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى كۆر.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىكى «تەپەككۇر مېۋىلىرى» ئەرلەرگە ئەرلىك، قىزلارغا قىزلىق غورۇر، ئەدەب ـ ئەخلاق ئاتا قىلىدۇ.

▲ قىزلارنىڭ يىگىتلەرگە ئالدىنىشى، ئۆزى يارىتىپ بەرگەن پۇرسەتتىن كەلسە، ياخشىلارنى تونۇماسلىقى، دۆتلىكىدىن كېلىدۇ.

ـ سىددىقجان يۈسۈپ

---

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى فىزىكا فاكۇلتېتى 2004 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ ئۆزىنى سىرلىق كۆرسىتىدىغانلار، سىزنىڭ ئاجىزلىقىڭىزنى تېزرەك بىلگۈچىلەردۇر.

▲ سېنىڭ ئەڭ جىددىي پەيتلەردە ئۆزۈڭنى كونترول قىلالىغىنىڭ، ئەڭ ئېغىر ئازابتىن قۇتۇلالىغىنىڭ ۋە ئۆزۈڭنى يەڭگەنلىكىڭ.

▲ ۋىسالىغا يېتەلمەسلىك ـ «سۆيۈپ تۇرۇپ نەپرەتلىنىش، نەپرەتلىنىپ تۇرۇپ سۆيۈش»نى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

▲ ھازىرقى زاماندا، سەن باشقىلارنىڭ نەزىرى بويىچە ئادەم بولمىساڭ، بىر بولسا دانىشمەن، بىر بولسا ساراڭ ھېسابلىنىسەن.

ـ خانقىز توختى

---

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تەبىئىي پەن 2005 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئۆزىگە ئىشىنىش، ھېچكىمدىن ھېچ نەرسە كۈتمەسلىكتۇر.

ـ ئابدۇرەھمجان ئابلىكىم

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكا فاكۇلتېتى 2004 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ياشلىق ـ سېنى ئالغا باستۇرىدىغان قىران مەزگىلىڭ ياكى سېنى نابۇت قىلىدىغان خائىن مەزگىلىڭ.

▲ ھەر قانداق نەرسە ئۆزىگە ئەڭ ئېھتىياجلىق ئادەمنىڭ قولىغا چىققاندىلا، ئۆزىنىڭ ئەڭ يۇقىرى چەكتىكى قىممىتىنى نامايان قىلالايدۇ.

▲ مەن ئەڭ سەگەكلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان كىشىلەر دەل

ئەڭ ئەقىللىق كىشىلەردۇر. چۈنكى ماڭا ئەڭ زور ياردەمنى بېرەلەيدىغان كىشىلەرمۇ دەل شۇلار؛ ھېچكىم ئويلاپ باقمىغان سۈيىقەستلەرنى پىلانلىيالايدىغان كىشىلەرمۇ نەق شۇلار.

ـ رەيھانگۇل يۇسۇپ

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماتېماتىكا ۋە سىستېما پەنلىرى ئىنستىتۇتى قوللىنىشچان ماتېماتىكا سىنىپى 2004 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ھەقىقىي ئانا سۈتى ئەمگەنلەر مال ـ مۈلكى دەپسەندە قىلىنسا سۈكۈت قىلىسمۇ، غۇرۇرى دەپسەندە قىلىنسا قاراپ تۇرمايدۇ.

▲ مەكتەپ قىرائەتخانىسى ئېچىۋېتىلسە كىتاب يىتتۈپ كېتىدىكەن. ئېچىلمىسا، مىللىتىمىزنىڭ ئىز باسارلىرى يىتتۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانمىدۇ؟

ـ ئەمەتجان سايىت

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە ئودانلىق يېزا ئودانلىق باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ ئۆم ـ ئىناق ئۆتمەيدىغان قوۋمنىڭ تەبىئىتى ئىتقا ئوخشايدۇ.

▲ بىلىمنى ھەر قانداق جايدا ئۆگەن، نەسىھەتنى خالىي جايدا قىل.

▲ كۆپ ئۇخلىساڭ جىسمىڭغا گۆش قوشۇلىدۇ، ئاز ئۇخلىساڭ مېڭەڭگە ئەقىل.

ـ ئامىرجان مۇھەممەت (شور)

---

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە يېڭىمەھەللە يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ سەن ئادەملەرنىڭ بىر قىسمىنىڭ ياخشى ئىشلارنى تاللايدىغانلىقى، يەنە بىر قىسمىنىڭ يامان ئىشلارنى تاللايدىغانلىقىغا قاراپ ھەيران قالما. چۈنكى ھەسەل ھەرىسى گۈلگە قونىدۇ، چىۋىن بولسا سېسىقچىلىققا.

▲ سەن باشقىلارغا ياخشى ئىش قىلىپ بېرىۋاتقان ۋاقتىڭدا قىلغان ئىشىڭ باشقىلار تەرىپىدىن توسالغۇغا ئۇچرىسا ئەجەبلەنمە. چۈنكى زېمىنغا سېخىي نۇرىنى چېچىپ كېلىۋاتقان قۇياشمۇ بىر پارچە قارا بۇلۇت تەرىپىدىن توسالغۇغا ئۇچرايدۇ.

ـ تۇراخۇن قادىر (قۇتتېكىن)

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەر نەزەرباغ يېزىسىدا، دېھقان

▲ بىلىمسىز ئادەم توكۇرغا ئوخشايدۇ، ئېتىقادسىز ئادەم ئەماغا.

▲ مېنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى سۆيۈپ ئوقۇشۇم، ئۇنىڭدىكى ئەقلىيلىق، پەلسەپىۋىلىك ۋە ئىزدىنىشنىڭ چوڭقۇرلۇقى بولۇپلا قالماستىن، يەنە مۇھىمى ئۇنىڭ ھەقىقەت ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىپ، ئىزدەنگۈچىلەرگە «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىدىن ئىبارەت ياخشى كېڭەش سورۇنىنى ھازىرلاپ بەرگەنلىكىدە.

ـ بەكرى يۇسۇپ

---

ئاپتور: پىچان ناھىيە لەمجىن يېزا غوجامئالدى كەنتىدە، دېھقان

▲ نائۇستىنىڭ قولىدىن چىققان ھۈنەر چالا بولغانغا ئوخشاش، ئىقتىدارسىز ئانىدىن تۇغۇلغان بالا «بالا» بولىدۇ.

▲ ئۆز ئەيىبىنى ئەمەس، باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى كۆپرەك ئىزدەيدىغان ئادەم، ئۆزىنى كېچىكىپ تونۇيدىغان ئادەمدۇر.

ـ رىزۋانگۇل مۇھەممەت

---

ئاپتور: شىنجاڭ سانائەت ئالىي تېخنىكومى سانائەت قۇرۇلۇشى فاكۇلتېتى 2003 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ «قۇللار قولدارلارنى يارىتىدۇ». دېمەك كىشىلەر ئۆز ـ ئۆزىنى قەدىرلىمەيدىكەن، ئۆزىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىنى يارىتىدۇ.

ـ نۇرنىسا ئەھمەت

---

ئاپتور: شىخو شەھىرىدە

▲ بىر سائەتلىك تارىخ دەرسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاش، بىر مەيدان مەشھۇر ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىشتۇر.

ـ نۇر مۇھەممەتجان تۈگمەن

---

ئاپتور: توقسۇ ناھىيە ئۇچقات يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

### دوستلارغا ئويلانما

▲ ئويقۇڭنى ئاچ، دوستۇم! ئۇخلاپ ياتقان ئاجىزنى چۈمۈلىمۇ دەسسەپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان رىقابەت كەسكىن زاماندا ياشىماقتىمىز.

▲ رىقابەت ئېيتىدۇ: كەل، يىقىلساڭ ئورنىڭدىن دەس تۇرالايدىغان بولۇپ كەل!

▲ ياشا! قەدىمىڭگە بويسۇنۇپ ئەمەس، قەلبىڭگە بويسۇنۇپ.

▲ ئەينەككە يۈزىدىكى قارىنى كۆلۈپ تۇرۇپ سۈرتۈۋېتەلەيدىغانلار قارىسۇن.

▲ يانچۇقۇم قۇرۇق دەپ ئويلىما، ئىككى قولۇڭ بار ئەمەسمۇ؟!

ـ ئىبراھىم ھاجى (زىيا)

---

ئاپتور: شىخو شەھىرى لەڭگەر مەھەللىسىدە

* * *

▲ توپلاشقان كىشىلەر ئارىسىدىن ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى بىلىسەم، كوچىدا ئۇرۇشۇۋاتقان ئاياللارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىدىن مىللەتنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىنى ھېس قىلسام، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىن مۇھىتى ساپ، ئىناق مەنىۋى ئائىلەمنىڭ بارلىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلدىم.

▲ بالامنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى تۆۋەنكەن، دەپ ھەرگىز گۇمانلانماڭ؛ بولۇپمۇ ئۇ سورىغان سوئاللار جاۋابسىز قالغاندا.

ـ ئابدۇجەلىل ئابدۇقادىر

---

ئاپتور: لوپ ناھىيە چاھارباغ يېزا چاھارباغ كەنتىدە، دېھقان

▲ باشقىلار تەرىپىدىن ئالدىنىش ئادەمنى ھوشيارلاشتۇرسا، ئۆزى تەرىپىدىن ئالدىنىش ئادەمنى بىخۇدلاشتۇرىدۇ. ھالبۇكى، ئىنسان ئۆزى تەرىپىدىن ئالدىنىشقا كۆنۈك.

▲ كىشىلىك ھاياتتا نۇرغۇن نەرسىنى ئۆگەنمەك تەس، تاشلىماق ئاسان؛ بىراق، ھاراق بىلەن تاماكىنى ئۆگەنمەك ئاسان، تاشلىماق ئىنتايىن تەس.

ـ ياسىنجان ئۆمەر

---

ئاپتور: پىچان ناھىيە تۈيۇق يېزا 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ ھازىر ئىشسىزلار ئىشقا ئورۇنلىشىشنىڭ، ئىشلەۋاتقانلار دەم ئېلىشقا چىقىشنىڭ كويىدا.

▲ دۈشمەننىڭ ياراتقان نەتىجىلىرىڭگە تەڭ كېلەلمىسە، باشقا ئاجىزلىقىڭنى ئىزدەپ ھۇجۇم قىلىشنى ئويلايدۇ.

- نۇرمۇھەممەتجان مېھمان

---

ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەت تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىنىڭ ئالىي لېكتورى

▲ شېرىن سۆز - ۋاقىتلىق ئېھتىياج.

▲ رەقىبىڭنى يېڭەي دېسەڭ، ئۇنىڭ روھىغا قول سال.

- ئوسمان ئەھمەتجان (ئوغلان)

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 - يىللىق 2 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر كۆزى

▲ قىزغىنلىق، چۆلدىكى تاسادىپىي ئۇچرىغان بۇلاققا ئوخشايدۇ.

▲ پاسقىلار ئارىسىدا ياشاش، پايانسىز سازلىقتا ماڭغانغا ئوخشايدۇ.

▲ پەقەت ئىنساندىن كەلگەن خۇشاللىقلا ھەقىقىي خۇشاللىق.

▲ ئىنسانلار ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋاناتلارنىڭ نەسلىنى غالجىرلارچە قۇرۇتۇشقا يۈزلەنمىگەن بولسا، داۋاسىز كېسەللىكلەرگە رېتسىپ تېپەلاتتى.

▲ يېزىلاردىكى ھەر بىر مەھەللىدىكى تاشلىنىپ قالغان كۆل ئورنىغا كۈتۈپخانا سېلىنغان بولسا، مەنىۋى تەشنالىق ھەقىقىي قانغان بولاتتى.

▲ مول ھوسۇللۇق يازغۇچى جالالىددىن بەھرامنىڭ «ناتىۋانلار» رومانىدا قوۋمىمىزدىكى يامان سۈپەتلىك ئۆسمە «يۇرتۋازلىق» ئەجەللىك قامچىلانغان. ئەسەردىكى ئەنزەر، گۈلبانۇمنىڭ پاجىئەسى «مىجەز - تەقدىر دېمەكتۇر» دېگەن ھەقىقەتنى يورۇتىدۇ.

▲ مېۋىلەر پارقىراپ تۇرغان، كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرۈپ، ئەمما ئىچى قۇرتلىغان؛ ئادەملەرنىڭ تېشى پال - پال، قارىسا ئەيمەنگۈدەك، لېكىن قەلبىگە قۇرت چۈشۈۋاتقان.

- مۇھەممەتتۇرسۇن مۇھەممەت

---

ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەتلىك دورا شىركىتىنىڭ خادىمى

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ بوھتان - يۈرىكىڭگە چۈشكەن يوقالماس داغ.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى «بىز كىم؟» دېگەن رىتورىك سوئالنىڭ ساداسى.

▲ ئاناڭنىڭ مۇلايىملىقى، مېھىر - مۇھەببىتى، ئىشچانلىقى، ئاتاڭنىڭ غەيرەت - شىجائىتى، ھالال مېھنىتى، ساڭا قالدۇرغان ئەڭ مۇقەددەس مىراسى ھېسابلىنىدۇ.

- نۇر مۇھەممەتجان ئەھمىدىي

---

ئاپتور: چەرچەن ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 - يىللىق 3 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ نوقتا سېلىۋالسا يولۋاسنىمۇ ئات قىلىپ مىنگىلى بولىدۇ.

▲ «مەن نېمە ئۈچۈن قىلالمايمەن؟» دېگەن سوئالنى ئۆزىگە دائىم قويۇپ تۇرىدىغانلار، باشقىلارغا ئېھتىياجى ئاز چۈشىدىغان كىشىلەردۇر.

- ئابدۇۋەھھاب جەلىل

---

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات كەسپى 2003 - يىللىق 3 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ساڭا ئازراقمۇ پىكرى يوق دوستۇڭنىڭ چوقۇم باشقا مۇددىئاسى بار.

- مۇيەسسەر ئابدۇسالام

---

ئاپتور: غۇلجا شەھەر 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 - يىللىق 3 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ھازىرقى ئوقۇغۇچىلار «قولىدىن كىتاب چۈشمەيدىغان»لىقى بىلەن ئەمەس، يانفون چۈشمەيدىغانلىقى بىلەن نام چىقىرىۋاتىدۇ.

- خالىدە غوپۇر

---

ئاپتور: ئۇلۇغچات ناھىيە 3 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇئەللىمى

## تەپەككۇر چاچراندىلىرى

▲ سېنىڭ يەيدىغان نېنىڭ ھەرگىزمۇ قورسىقىڭدىكى بىلىمىڭنىڭ سالمىقىدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ.

▲ باشقىلارنى ئالدىيالمايدىغانلار بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئۆزىنى ئالدىيالمايدىغانلار يوق؛ باشقىلارنى ئالداشتا ئادەم بەزىدە چانىدۇ، ئەمما ئۆزىنى ئالدىغاندا بولسا ئەكسىچە.

▲ سەن كۈندۈزى شۇنچە ئويلىنىپ، ئىزدەپمۇ تاپالمىغان نەرسەڭنى كېچىسى ئويغىنىپ تىنچ تۇرۇپ ئويلانساڭ، بىردەمدىلا تاپالىشىڭ مۇمكىن.

▲ جەمئىيەتتە تىلغا ئېلىنىۋاتقان «ئارقا ئىشىك»، پارىخورلىق ئۇرۇشىدىكى يەر ئاستى - لەخمىگە ئوخشايدۇ.

- ئالىمجان ھەمدۇللا

---

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە سىيەك يېزىسىدا، دېھقان

## تەپەككۇر تەرمەچلىرى

▲ ئالىم ئىككى ئاندىن تۇغۇلىدۇ. بىرى، ئۆز ئانىسىدىن، يەنە بىرى، تىرىشچانلىقىدىن.

▲ ھازىرقى ياشلارنىڭ مەدەنىيىتى، دۇنيانىڭ ئۆگزىسىدە ئېچىلغان ئاپتاپپەرەسكە ئوخشايدۇ.

▲ خۇشامەتچىنىڭ تەخسە ئاستىدىكى خەنجىرى، قان چىقارماي ئادەم ئۆلتۈرىدىغان جاللات.

▲ ئامراق ئەر - خوتۇنلار غەلىتە خىياللارنى كۆپىنچە كېچىسى سۆرىدۇ.

▲ چىرايىنى تاللاپ خوتۇن ئالغانلار، ھەسرەت بىلەن ئۆزىنىڭ ئەقلىدىن نەپرەتلىنىدۇ.

▲ نىكاھتىن ئاجراشقاندا خۇشاللىق بىلەن نەپرەت تويلىشىدۇ.

▲ ساز چالغانلارمۇ پەرىشتە. چۈنكى ئۇلار ياغاچ بىلەن تۆمۈردىن مۇڭ چىقىرىپ، ھېسسىيات دەرۋازىسىنى ئاچالايدۇ.

- ھۈسەنجان نامان

---

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە 3 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى

▲ شارائىت - ئۆزىنى يارىتالايدىغانلارغا داغدام يول.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى بىر يىل بۇرۇن قولۇمغا ئالغان بولسام، ئۆز قىممىتىمنى بالدۇرراق بايقىيالىغان بولاتتىم.

▲ جۈرئەتسىزلىك، ئادەمنى ھەممىدىن مەھرۇم قىلىدىغان خائىن.

▲ غۇرۇرسىز كىشى ـ ئۇستىخانسىز قۇرت.

▲ ئارتۇق بېسىلغان بىر قەدەم بىر بولسا مەغلۇبىيەتكە، بىر بولسا مۇۋەپپەقىيەتكە باشلايدۇ.

ـ گۈلشەن بىلال (سىرداش)، رىسالەت قۇربان

ئاپتورلار: چەرچەن ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 7 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى

## مەن ھېس قىلغان ھەقىقەتلەر

▲ يېتەرسىزلىكىڭدىن رەنجىسەڭمۇ مېھرى ئۈزۈلمەيدىغان دوست ـ پەقەتلا ئانا.

▲ ئىت كۆنمىگەن جايغا ئادەم كۆنىدۇ.

▲ ئاسان ئېرىشكەن بايلىق ـ ئوتقا يېقىن پاختا.

ـ ئوبۇلقاسىم ئابدۇكېرىم

ئاپتور: يەكەن ناھىيە ئەدلىيە ئىدارىسىنىڭ خادىمى

## تەپەككۇر ئۈنچىلىرى

▲ ھاسىغا تايىنىشقا بولىدۇكى، باشقىلارغا تايىنىشقا بولمايدۇ. چۈنكى ھاسىنى سەن تاشلىۋەتمىسەڭلا، ئۇ سېنى تاشلىۋەتمەيدۇ، بىراق باشقىلارغا يۆلەنسەڭ، ئۇلار سېنى تاشلىۋەتسە، سەن رۇسلىنىشقا ئۈلگۈرمەيلا يىقىلىشىڭ مۇمكىن.

▲ سىز ئۆزىڭىزدە يوق نەرسىلەرنىڭ باشقىلاردا بارلىقىغا قاراپ زارلىنىپ، ھەۋەس قىلىۋاتقىنىڭىزدا، بەلكىم باشقىلارمۇ ئۆزىدە يوق نەرسىلەرنىڭ سىزدە بارلىقىغا قاراپ ھەۋەس قىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

▲ ئىنسانلار تۆھپىنى تىلغا ئالغاندا، ئۆزى بىرىنچى بولۇپ ئېسىگە كېلىدۇ، ئەيىبنى سۆككەندە دەسلەپ باشقىلارنى ئويلايدۇ.

ـ بۇۋىخەلچەم ئابدۇكېرىم

ئاپتور: خوتەن شەھەر ئۇيغۇر تېبابىتى شىپاخانىسىدا پراكتىكانت سېستىرا

* * *

▲ ئەگەر ھەممىمىزدە قىلىۋاتقان ئىشىمىزغا نىسبەتەن كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولغان بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا ئۆزىمىزگە باشلىق سايلاپ ئولتۇرمىغان بولاتتۇق.

▲ ئۆتكۈزگەن خاتالىقىمىزنىڭ سەۋەبىنى ئىزدىمەستىن، ئۇنىڭغا باھانە ئىزدىگىنىمىز، كېيىنكى قېتىملىق سەۋەنلىك ئۈچۈن يول قويغانلىقىمىزدۇر، خالاس.

ـ ئابدۇشۈكۈر قاسىم

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە مائارىپ ـ تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ خادىمى

▲ ئاغزى بوش كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلارغا گەپ قىلىپ بېرىش، ئۆز قەبرىسىنى ئۆزى كولىغانغا باراۋەر.

▲ ئىنسان ۋۇجۇدى قان بىلەن گۆشنىڭ يۇغۇرۇلمىسى، ئۇنى پەقەت ئېتىقادلا پولاتقا ئايلاندۇرالايدۇ.

▲ ۋىجدان ـ نومۇس ئەينىكى، ئىنسان پاسپورتى.

ـ لەيلىگۈل ئەھەت

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 16 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى

▲ ئاياللارنىڭ تۈزۈلۈشى ـ ئەرلەرنىڭ سازلىقىدىن، بۇزۇلۇشى ـ ئەرلەرنىڭ مازلىقىدىن.

▲ ۋاقىت ـ ئىشچاننىڭ قولىدىكى ئاش، ھورۇننىڭ كۆزىدىكى ياش.

▲ جەمئىيەت بۇزۇلسا، ئەرلەر پۇل تېپىپلا قاش ئاتىدۇ، ئاياللار قاش ئېتىپلا پۇل تاپىدۇ.

▲ ئانىنىڭ كۆزىدىكى ياش ـ بالىنىڭ قولىدىكى تاش.

▲ دۇنيا ـ تاللا بازىرى.

▲ بەزى ئادەملەر كۆزدىن يىراق ئەمەس، كۆڭۈلدىن يىراق؛ بەزى ئادەملەر كۆڭۈلدىن يىراق ئەمەس، كۆزدىن يىراق.

▲ بىر قېتىم پۇشايمان قىلىش ـ بىر قەدەم ئالغا ئىلگىرىلىگەنلىك.

▲ ئاتا ـ ئانائ ياش ۋاقتىدا كۆزۈڭگە قاراپ باقىدۇ، قېرىغان ۋاقتىدا قولۇڭغا قاراپ ياتىدۇ.

▲ زىددىيەتنىڭ كېلىپ چىقىشىدا پەقەت بىرلا سەۋەب مەۋجۇد، ئۇ بولسىمۇ شەخسىيەتچىلىك.

▲ باشقىلارنى تېشىدا ماختاپ، ئىچىدە تىللاش، بىر بولسا قوۋلۇق، يەنە بىر بولسا قۇللۇقتۇر.

▲ ياخشى بولساڭ يات ئادەملەرمۇ سەن بىلەن تۇغقان، ئوسال بولساڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلارمۇ سەن بىلەن يات.

▲ ئادەم، دوستى كۆڭلىدىكىنى بىلمىگەندىن كېيىن ئازابلىنىدۇ، ياكى دۈشمىنى كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن ئازابلىنىدۇ.

▲ ئادەم بىلەن ئادەم تەڭ بولالمىغانلىقى ئۈچۈنلا بۇ جاھان ـ «تەڭشەلمىگەن جاھان».

▲ ئادەمنى رەزىل قىلىدىغان، ئېسىل قىلىدىغان نەرسىمۇ بايلىق.

▲ ياخشى ئادەمنىڭلا باشقىلاردىن خاپا بولۇشقا ھەققى بار.

▲ ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىگە قاراپ «موللامنىڭ دېگىنىنى قىل، قىلغىنىنى قىلما» دەپ قالمىسۇن.

▲ بۈگۈننى چىڭ تۇتمىغان ئادەم ئەتىنى ئەڭ كۆپ تىلغا ئالىدۇ.

▲ ئادەم نېمىگە موھتاج بولسا، شۇنى بەخت دەپ قارايدۇ.

▲ نامرات ئادەم يۈز ياشتا، باي ئادەم مىڭ ياشتا ئالەمدىن ئۆتسىمۇ، نامرات ئادەمنىڭ ئۆمرى ئۇزۇنىدەك، باي ئادەمنىڭ ئۆمرى قىسقىدەك.

▲ ئادەمنىڭ تۇغۇلۇشى ئەدەبىي ئەسەردىكى تۈگۈن، بالىلىق دەۋرى ـ راۋاج، ياشلىق دەۋرى ـ كولمىناتسىيە، قېرىلىق دەۋرى ـ يېشىمدۇر.

▲ ئەجدادلاردىن ئەۋلادلارغا ئالتۇن ـ تىللادىنمۇ قىممەتلىك بىر مىراس قالغان: قانداق ياشاشنى بىلىش.

▲ دوستى كۆپ ئادەمنىڭ دۈشمىنىمۇ كۆپ.

▲ ئۆزۈڭنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئەينەن سۆزلىسەڭمۇ سەن ـ پوچى، ئۆزۈڭنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئەينەن كۆرسىتىپ قويدۇڭمۇ، سەن ـ نوچى.

▲ ياش چوڭايغانسېرى باش چوڭىيىدۇ.

▲ غالچىلار ۋىجدانلىق بولۇشتىن ئەڭ بۇرۇن ۋاز كەچكەن.

▲ ئادەم ھەممە ئىشنى بىر ـ بىرىدىن ئۆگەنگەن.

▲ باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ياشىغانلار ئۆلپەتلىك، باشقىلارنىڭ كۆچىگە تايىنىپ ياشىغانلار كۆلپەتلىك.

▲ باشلىقنىڭ بىر قولى تونۇردەك ئىسسىق، يەنە بىر قولى مۇزدەك سوغۇق بولۇشى كېرەك.

▲ سۆيگىنىدىن ئايرىلىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان قىز ـ يىگىتلەرنى كۆردۈم، ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان قىز ـ يىگىتلەرنى كۆرمىدىم.

ـ ئابدۇقەييۇم ئىيسا

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە ئارال يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر چۇقانلىرى

▲ ئۆزۈڭدىن باشلاپ سورالمىغان «نېمە ئۈچۈن» گە مەڭگۈ جاۋاب تاپالمايسەن.

▲ كېرەكسىز ئادەم بار، لېكىن كېرەكسىز ۋاقىت يوق.

▲ ۋاقىت، قەدرىگە يەتكەنلەرنىڭ ئىززىتىنى قىلىدىغان، قەدرىگە يەتمىگەنلەرنىڭ يۈزىگە ئىشىك ياپىدىغان ساھىبجامالغا ئوخشايدۇ.

ـ ئابدۇخەلىل سەييارە

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر كاتتايايلاق يېزا تىجەن كەنتىدە، دېھقان

* * *

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى يامان ئىللەتلەردىن ئىبرەت ئېلىپ ئۆزىنى تونۇغۇچىلار ئۈچۈن ياخشى دوست، رەزىل ـ پەسكەشلەر ئۈچۈن دۈشمەن، ئۇلارنىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلايدىغان بىر ئەينەك.

ـ مۇھەممەتجان تۇرسۇن (شەمئىي)

ئاپتور: جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى مەلۇم قىسمىنىڭ جەڭچىسى

▲ «تۈنۈگۈن» تارىخ، «بۈگۈن» ھەقىقەت، «ئەتە» مەنزىل.

ـ نىجاتجان ئادىل

ئاپتور: كەلپىن ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ «توۋا قىلدىم!» دېگەن كىشى بىر بولسا راست توۋا قىلغىنى، بىر بولسا ساختا توۋا قىلغىنى ياكى بولمىسا ھەيران قالغىنى.

▲ تۇرمۇش گويا بىر «پېچ»، ئۇ نۆۋەتى كەلگەندە سىزنى يا تاۋلاپ پىشۇرۇپ چىقىرىدۇ ياكى بولمىسا كۆيدۈرۈپ كۆل قىلىۋېتىدۇ.

▲ چىراي ـ ھەممىنى ئاشكارىلاپ قويىدىغان كىچىك بالا.

▲ ئىللىق قۇياش قار ـ مۇزنى ئېرىتسە، تەبەسسۇم ـ كۆلكە دىلنى ئېرىتىدۇ.

▲ مائاشلىقلار تەمەخور بولغان يەردە، موللاملارنىڭ تەمەخور بوپقېلىشىغا ئەجەبلىنىش بىھاجەت.

▲ سائەتكە تولا قارايدىغان ئادەم بىر بولسا ۋاقىتنى ئۆتكۈزەلمەي قالغان ئادەم، بىر بولسا ۋاقىتنى چىڭ تۇتىۋاتقان ئادەم.

ـ مەتتۇرسۇن ئىمىن

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە سۇچىلىق ئىدارىسى ئاقساراي يېزا سۇ باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ بوغالتىرى

▲ يەھۇدىيلار بالىلىرىغا كىچىك چېغىدىلا كىتابقا ھەسەل سۈرتۈپ يالاتقۇزۇپ، ئۇلارنىڭ يۇمران قەلبىدە «كىتاب تاتلىق» دېگەن ئاڭنى شەكىللەندۈرسە، بىزنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىمىز بالىلىرىغا ئويۇنچۇق ئېلىپ بېرىپ «ئويۇن تاتلىق» دېگەن ئاڭنى شەكىللەندۈرىدۇ. مانا بۈگۈنكى ئويۇنخۇمارلىقىمىز دەل شۇنىڭ مەھسۇلى بولسا كېرەك.

ـ گۈلبەھرە مۇھەت

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى تارىخ كەسپى 2002 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر ھېسلىرى

▲ پۇرسەت كۈتۈش ـ بىر بولسا ئاقىللىقنىڭ، بىر بولسا تەييار تاپلىقنىڭ ئىپادىسى.

▲ «ئادەم خام سۈت ئەمگەن بەندە» دەپ خاتالىققا چاپان يېپىش ـ ئادەملەرگە قىلىنغان ھاقارەت ۋە شۇنداقلا جاۋابكارلىقتىن قاچقانلىق.

▲ ھېسسىيات بىلەن ئەقىلنىڭ مۇناسىۋىتىنى پەرقلەندۈرەلمىگەن كىشى مەڭگۈ ئازابتىن قۇتۇلالمايدۇ.

▲ «سىڭگەن نېنىڭنى يە» دېيىش، پەقەت قاتتىق نانغا كۆنۈپ قالغانلارنىڭلا سۆزىدۇر.

▲ دۇنيا تارىخىدىن ساۋاق شۇكى، نادان خائىن بىرنى ساتسا، ئەقىللىق خائىن ئەلنى، ۋەتەننى سېتىۋېتىدۇ.

▲ قەھرىمان بولمىغان دەيدىكەنسەن، ئاۋۋال روھىڭنى، ئاندىن تېنىڭنى تاۋلا.

▲ دائىم قاقاقلاپ كۈلگەنلەرنىڭ يىغىسى ئەڭ ئېچىنىشلىق بولىدۇ.

▲ تەڭرى ئىنساننى سىناش ئۈچۈن پەرزەنت بىلەن بايلىق ئاتا قىلىدۇ.

▲ ئۆز ئاجىزلىقىنى كىشىگە بىلدۈرمەيدىغان كىشى باتۇر ئاتىلىدۇ.

▲ قۇللۇق، روھ ئازابىنى ھېس قىلمايدىغانلارغا ئامراق.

▲ نادانلار كىچىك ئىشلارغا ئاچچىقلىنىپ، خاتىرجەمسىز ياشايدۇ؛ دانالار چوڭ خاتالىقلارغا ئاچچىقلىنىپ، مەنىلىك ياشايدۇ.

▲ بىر ئۇگۇشسىزلىقتىن بىر ئەقىل تاپالمىغان ئىنسان، ھاياتنىڭ ھەر بىر دوقمۇشىدا بىر زەربە يەيدۇ.

▲ خاتالىق ئۆتكۈزگەن ۋاقتىڭدا ساڭا تەربىيە بەرگەن كىشى، ساڭا ئەڭ كۆيۈنىدىغان كىشىدۇر؛ سۈكۈتتە تۇرۇۋالغان كىشى رەقىبىڭ بولىدۇ.

▲ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگىچە ئوقۇپ، ھاياتنى چۈشەنمىگەنىدىم. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى قولغا ئالغىنىمدىن باشلاپ، ھاياتنى چۈشىنىشكە باشلىدىم.

▲ تانسىخانىلاردىكى لاپ ـ لاپ چىراغ، نەق شەيتاننىڭ لاپ ـ لاپ كۆزلىرىدۇر.

▲ بايلىق، ھوقۇق ـ ئىنسان خاراكتېرىنى سىنايدىغان ئىمتىھان.

▲ روھى زەئىپلەشكەن قوۋم تەن راھىتىگە ئامراق كېلىدۇ.

▲ چېگرا، مىللەت، دىن ـ دۇنيا زىددىيەتلىرىنىڭ مەنبەسى.

▲ قەرز ـ ھەم قەرز بەرگۈچىنى، ھەم قەرز قايتۇرغۇچىنى سىنايدىغان سىناق.

▲ قىلىچ ئالدىدا ئېگىلمىگەن بويۇننى يوقسۇزچىلىق باش ئەگدۈرەلەيدۇ.

▲ دۇنيا تارىخىدىن ساۋاق شۇكى، خائىن ۋە تەجرىبىسىز قوماندان تەرىپىدىن مەغلۇب بولغان ئىنقىلاب، بىھۇدە قان تۆكۈلگەن

ئىنقىلابتۇر.

▲ ئەتىگەندە كەلگەن خەۋەردار بىلەن كەچتە كەلگەن مېھمانغا ئوچۇق چىراي بول.

▲ خۇشاللىقىڭىزمۇ ئەڭ پەسكەشلىرى بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ باشقىلار قايغۇسىغا خۇشاللىنىش.

▲ مېھماندوستلۇقنىڭ داستىخاندىكى نازۇ ـ نېمەتلىرىنىڭ بىلەن ئەمەس، مۇئامىلەڭ بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

▲ ئاتىنىڭ ياخشىسى سەپەردە سىنىلار، دوستىنىڭ ياخشىسى خەتەردە.

▲ دۇنيا تارىخىدىن مەلۇمكى، ھەقىقەت ۋە ئادالەت بولمىغان زاماندا ئەڭ ئېغىر ئازاب چېكىدىغىنى، دەل ئۇنى ھېس قىلالايدىغانلاردۇر.

▲ ئەقىلسىزلەر تۇرمۇش زەربىسىدىن زارلانسا، ئەقىللىقلار «سىياسىي مەدەنىيلىك»، «ئىجتىمائىي ئادىللىق» بولمىغان نامۇۋاپىق تۈزۈم ـ تۈزۈلمىدىن زارلىنىدۇ.

ـئەسقەر ھوشۇر

---

ئاپتور: بورتالا شەھىرى چىندىل يېزا رادىئو ـ تېلېۋىزىيە پونكىتىنىڭ مەسئۇلى

* * *

▲ خورلۇققا ئۇچرىغان ئادەم بىر بولسا ئەڭ ئاجىز، يەنە بىر بولسا ئەڭ كۈچلۈك ئىنسانغا ئايلىنىشى مۇمكىن.

▲ خىيالدىكى ئادەم بىلەن خىيالدا ياشاش ئەڭ لەززەتلىك.

▲ قىزىققان نەرسەڭنى چۈشەنگەندىن كېيىن يا ئۆزۈڭنى ئۇنىڭغا ئاتىۋېتىسەن، يا ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىسەن.

▲ مەكتەپتىكى ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش مائارىپنىڭ يۈرىكى، ئائىلىدىكى تەربىيە مائارىپنىڭ قېنى، جەمئىيەتتىكى تەربىيە مائارىپنىڭ مېڭىسى، بۇ ئۈچى تەبىئىي بىرىككەندىلا، مۇكەممەل بىر گەۋدە دۇنياغا كۆز ئاچىدۇ.

▲ بەزى نەرسىلەردىن يۈرەك كەچسىمۇ، كۆز كەچمەيدۇ؛
يەنە بەزى نەرسىلەردىن كۆز كەچسىمۇ، يۈرەك كېچەلمەيدۇ.

▲ بىرسىنىڭ سېنى تاشلاپ كېتىشى بىر بولسا ۋىجدانسىزلىقتىن، يەنە بىر بولسا ئامالسىزلىقتىن.

▲ بىرگە بەك ھېسسىياتسىز ئادەم بىلەن، يەنە بىرگە بەك رومانتىك ئادەم بىلەن بىرگە بولۇش ئادەمنى ئوخشاشلا قىيناپ قويىدۇ.

▲ خۇشاللىققا بىرگە بولغىلى بولىدۇ، ئازابقا ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، جار سېلىپ توۋلانغان نەرسىلەر كۆپىنچە شەكىلدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

▲ ئەرلەرنىڭ زىيادە ئەقىللىقلىقى ئۇلارنى ئازابتىن قۇتقۇزسا، ئاياللارنىڭ زىيادە ئەقىللىقلىقى ئۇلارنى ئازابقا تاشلايدۇ.

▲ مەغلۇبىيەتچىلەرنىڭ ئېرىشىدىغىنى ھېسداشلىق ياكى زۇلۇم.

▲ كۆزنى تېڭىپ قويسىمۇ سېنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان بىر ئىنسان بار، ئۇ بولسىمۇ ئانا.

▲ مەدەنىيەتنى ياراتقانلار ئۇلۇغ، ساقلىغانلار شەرەپلىك، يوقاتقانلار (ئۇنتۇغانلار) مەھكۇملاردۇر.

▲ دۇنيانى ياراتقۇچىلار، دەل ئۆزىگە ئىشەنگۈچىلەردۇر.

▲ ئىشەنچنىڭ بولغىنى يېرىم «ئېرىشكەن»گە تەڭ، كېيىنكى يېرىمى توغرا ئۇسۇل ۋە ئىزچىللىقتىن قولغا كېلىدۇ.

▲ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلار بىلەن مەغلۇپ بولغانلارنىڭ تۈپ پەرقى شۇ يەردىكى، ئالدىنقىسى ئوگۇشسىزلىقنى ئۆزى ئۈچۈن پۇرسەت، تەقدىرنىڭ سىنىقى، دەپ بىلىدۇ؛ كېيىنكىسى تەقدىرنىڭ ئۆزىنى يەكلىگىنى، ئۆزىنى تاشلىۋەتكىنى، دەپ بىلىدۇ.

▲ تونۇشنىڭ قانداق بولۇشى، نەتىجىنىڭ قانداق بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

▲ ئادەم پەقەت ئېرىشەلمىگەن نەرسىلەرگە بىر بولسا چۈشىدە، يەنە بىر بولسا خىيالىدا ئېرىشەلەيدۇ.

▲ ساڭا كۆرسىتىپ تۇرۇپ تۆكۈلگەن ياشنىڭ كەينىدە بىر ھىيلە ـ مىكىر بولۇشى مۇمكىن.

ـلۇتپۇللا مۇھەممەتئىمىن

---

ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەتلىك تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

سەگەك تەپەككۇرلىرى

▲ دۇنيا تارىخىدىن ساۋاق شۇكى، سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي كرىزىس ۋە مەسىلىلەر يوشۇرۇلۇپ، ماختاشقا تولغان جەمئىيەت بۆشۈككە بۆلەنگەن بوۋاقتۇر؛ بۇ كرىزىس ۋە مەسىلىلەر تەنقىدلىنىپ تۇرۇۋاتقان جەمئىيەت، دولقۇن يېرىپ راۋان ئۈزۈۋاتقان قولۋاقتۇر.

▲ سېنىڭ مەغلۇبىيىتىڭنى ئەڭ كۆپ كۈتىدىغانلار، سەن بىلەن تەڭ دېمەتلىكلەردۇر.

▲ بايلار يىغىش بىلەن، نامراتلار چېچىش بىلەن ئۆتىدۇ.

ـغوپۇرجان ياقۇپ (سەگەك)

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يېڭىئېرىق يېزا قۇملۇق مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

ئىجادىيەت سەپىرى ـ مەڭگۈ بېسىپ بولالمايدىغان يول.

ـمەتتۇرسۇن

---

ئاپتور: چىرا ناھىيە چىرا يېزا توغراقئېغىل كەنتىدە، دېھقان

تەپەككۇر ھېسلىرىم

▲ تۇرمۇش ھەم ئۆگىتىدۇ، ھەم تۈگىتىدۇ.

▲ دېھقاننىڭ تارتقان جاپاسىنى ئانىنىڭ تۇغۇت ئالدىدىكى تارتقان جاپاسىغا ئوخشىتىمەن.

▲ ئىنسانلار پاكلانماي تۇرۇپ، زېمىن پاكلانمايدۇ.

ـئىمام بارات

---

ئاپتور: غۇلجا شەھەر كېپەكيۈزى يېزىسىدا، دېھقان

* * *

▲ كىشىلەرنىڭ بىر نەرسە دېيىشىدىن قورققان كىشىنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ.

▲ بالىلىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن قاقشايدىغان ئاتا ـ ئانىلارنى ھۇۋقۇشقا ئوخشاتقۇم كېلىدۇ.

ـئوبۇل ئابدۇللا (جان پىدا)

---

ئاپتور: شايار ناھىيە مازارغوجام يېزا ئۆستەڭبويى مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## مالارىپقا نەزەر

▲ بىراۋنىڭ قەغەزدىكى نەتىجىسىگە قاراپ باھا بېرىش، قاپاقنى ماختاپ، ياڭاقنى سۆككەندەكلا ئىش.

▲ ئوقۇتقۇچى ۋاقىت قوغلاشسا، ئوقۇغۇچى ئويۇن قوغلىشىدۇ؛ ئوقۇتقۇچى ئۇنۇم قوغلاشسا، ئوقۇغۇچى ئالىمغا ئايلىنىدۇ.

▲ دەرسنى نەزەرىيە پېتى ئوقۇغۇچىغا يەتكۈزۈش، خام تاماق بەرگەنگە ئوخشىسا، ئەمەلىيەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ يەتكۈزۈش، پىششىق ئاش بەرگەنگە ئوخشايدۇ.

▲ ئوقۇتقۇچىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكەن دەرسى، ئوقۇغۇچىنىڭ «ۋاقىت ئەجەب تېز توشۇپ كەتتى» دېگەن باھاسىغا ئېرىشىدۇ.

—غۇنچەم ئابا

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيەياندۇرما يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمەسى

* * *

▲ ھۇرۇنلۇق چىرىش جۇملىسىدىندۇر، ئېزىلەڭگۈلۈك يوقلىش جۇملىسىدىن.

—بۇۋىھەجەرگۈل ئابا

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە ياندۇرما يېزا ساڭ كەنتىدە، تىجارەتچى

▲ ھازىرقى مىللەت بىلەن مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئىرقىي پەرق بولماستىن، بەلكى مەدەنىيەت ۋە ساپا پەرقىدۇر.

—ئابلىكىم رازىق

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە بازىرى باغچىئالدى مەھەللىسىدە

▲ ھايات كەچمىشى بوياق ئەمەس كىشىنى زىنىنەتلەيدىغان. ئۇ گويا بىر قېلىن كىتابدۇركى، ئۇنى ۋاراقلىغانسېرى كىشى ئۆزىنىڭ ساۋابى ۋە ياكى رەزىل ئەپتى - بەشىرىسىنى كۆرۈپ يېتىدىغان.

▲ ئىنسانلار سۆھبەتداش بولغانلىقى ئۈچۈن سەن ئۇنى چۈشەنەلەيسەن. لېكىن ئالدىراپ سۆھبەتدىشىڭگە ئىشەنمە، چۈنكى سەن ئۇ ئىنساننىڭ دەل ئۆزى ئەمەستۇرسەن، خالاس.

—مەردان مۇھەممەتئېلى

---

ئاپتور: قورغاس ناھىيە ساندىخوزا يېزا سامىڭزا كەنتىدە، دېھقان

▲ تەپەككۇر - ھاياتتىن مەنا ئىزدەش سەپىرى.

▲ مۇئەللىم تاپشۇرۇق دەپتىرىلا ئەمەس، مىللەت تەقدىرىنىمۇ سىزنىڭ قولىڭىزدا.

—ياقۇپجان ئەھمەت (مۇڭداش)

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە پۇرچاقچى يېزا ئوتتۇرا ياغاچچى كەنت چۈجە مەھەللىسىدە، دېھقان

▲ بىزدە ساقلىنىۋاتقان ئەڭ چوڭ خاتالىق، غەلبىنى تەدبىردىن، مەغلۇبىيەتنى بولسا تەقدىردىن كۆرۈپ كەلگەنلىكىمىزدە.

▲ نان تونۇردا پىشىدۇ، ئەر خوتۇندا.

—ئابدۇللا ياقۇپ

---

ئاپتور: جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسىملىرى موڭغۇلكۈرە ناھىيە خۇنخاي چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسىدا

## تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى

▲ ئىنسانلار مەدەنىيىتىدىكى ئۈچ چوڭ پىشاڭ - بىلىم، ئەخلاق، غۇرۇر.

▲ ئەگەر ئىنسانلارنىڭ ياراتقان تۆھپىسىنى ھەقىقىي باھالاشقا توغرا كەلسە ئەڭ يۇقىرى باھاغا ئېرىشىشكە تېگىشلىكى، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي تونۇپ، ئادا قىلالايدىغان ئانىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار بولۇشى كېرەك.

▲ ئادىمىيلىككە يات بولغان خۇمارنىڭ ھەممىسى، گويا ئېگىز تاغ يولىدىن چۈشۈۋاتقان تورمۇزى يوق ماشىنىغا ئوخشايدۇ.

—ئابلەتجان تۇراپ

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە جامالئېرەك يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ يامغۇر ياغقان كۈنلەردە كۈنلۈك قەدرى بىلىنەر؛ بىلىمسىز - نادانلىقىمىزدا ئىلغار پىكىرلىك قەلەم ساھىبلىرى تەپەككۇرىنىڭ جۇغلانمىسى بولغان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ قەدرى ئۆتتۇلەر.

—مۇھەممەتئېلىجان ئەزىز

---

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە مىللىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 - يىللىق 7 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر تەرمەچلىرى

▲ قۇم بارخانلىرى - ئىنسانىيەتنىڭ چۈۋالچاق روھىي دۇنياسىدىن ھاسىل بولغان ئىبرەت ئەينىكى.

▲ باشقىلاردىن قۇسۇر ئىزدەش - بىر بولسا باشقىلارغا زىيادە كۆيۈنۈشتىن كېلىپ چىقىدۇ، بىر بولسا باشقىلارنى ئازابلاش بەدىلىگە ئېرىشىدىغان روھىي تەسەللىدىن بولىدۇ.

▲ پەرزەنتلەر - ئاتا - ئانىلارنىڭ روھىيەت ئەينىكى.

▲ پەرزەنتلەر - ئەجدادلار بىلەن ئەۋلادلارنى بىر - بىرىگە باغلاپ تۇرىدىغان ھالقا. بۇ ھالقىنىڭ قانداق سوقۇلۇشى، ئەجدادلارنىڭ ھۈنىرىگە باغلىق.

▲ ئەمەلگە ئاشمىغان ۋەدە، ئۆتۈپ كەتكەن لەۋسۇرۇختەك ئەھمىيەتسىز نەرسىدىن ئىبارەت.

▲ ئاسمانغا قاراپ تىك ئۆسكەن تېرەكنىڭ ئۆزىنىڭ غولىدىن باشقا يەرگە شولىسى چۈشمەيدۇ.

▲ قولدىن بېرىپ قويغان پۇرسەت ئادەمنى مەسخىرە قىلىدۇ. پۇرسەتنىڭ مەسخىرىسى ئەقىل شاملىرىغا يېقىلغان بىر پارچە ئوت.

▲ ئائىلە جاراھىتى شېرىن ۋە ئازابلىق بولىدۇ.

▲ بىلىم، ئىنساننىڭ قىممىتىنى ئۆلچەيدىغان تارازا.

▲ ساختا نوپۇز، ساختا شۆھرەت، ساختا ھۆرمەت - ئاسىي روھلارنىڭ سىقىلىشىدىن ھاسىل بولغان رەڭلىك ماغزاپ.

▲ ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ دۆتلۈكىنى قېرىغاندا چۈشىنىدۇ.

▲ «تىرىكلەرنى قەستلەش، ئۆلگەنلەرنى ئەسلەش» - ئاۋامنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتىغا ئايلانغان ئەلدە، ھاياتلىق ياراتقۇچىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا داۋام قىلىدۇ.

▲ «تەنقىد - شىپالىق دورا» دەيدۇ كونىلار. دورىلا بولسا يېگىلى بولمىغاندەك، تەنقىدلا بولسا ئاڭلىغىلى بولمايدۇ.

▲ «تەنقىد ـ شىپالىق دورا». دورا ياساش زاۋۇتلىرىنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسى ئوخشاش بولمىغاندەك، «تەنقىدتىن ئىبارەت شىپالىق دورا»نى كىمنىڭ ياسىغانلىقىغا قاراش كېرەك.

ـتۇرسۇنجان ھەسەن

---

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

**ھەزىل**

▲ ھازىرقى ئوغۇللىرىمىز چاچلىرىنى ئۆستۈرۈپ گەدىنىگىچە چۈشۈرۈۋالغاچقا، ئۇلاردىن پەرقلىنىپ تۇرۇش ئۈچۈن قىزلىرىمىز چاچلىرىنى قىسقا قىلىۋالماي نېمە ئامال؟!

* * *

▲ دۇنيادىكى ئەڭ ئەخمەق ئادەم، سىرىنى باشقىلارغا دەپ بېرىپ، كەينىدىن ئۇنىڭغا «ھېچكىمگە دېمە» دېگۈچىدۇر.

ـمەرھابا سەيپىددىن (دىلكەش)

---

ئاپتور: گۇچۇڭ ناھىيە 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ھەسەت ـ دىئاگنوز قويۇپ تاپقىلى بولمايدىغان كېسەللىك.

ـئىبراھىمجان ئىرپانى

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەر «ھېيتگاھ» كاتتا بازىرى ئالتۇن زىبۇ زىننەت كوچىسى «تەبەسسۇم» زىبۇ زىننەت دۇكىنىدا

▲ ئاتا ـ ئانىسىدىن كىچىك قالغانلار مېھىر ـ مۇھەببەت، غەزەپ ـ نەپرەتنى ھەممىدىن بەك بىلىدۇ.

ـسەئىد قاسىم (قۇتلۇق)

---

ئاپتور: كونىشەھەر ناھىيە ئوپال يېزا يارغۇ كەنتىدە، دېھقان

▲ ئاخىرىغىچە بەرداشلىق بېرىش ـ يېرىم مۇۋەپپەقىيەت.

▲ سىر ـ ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى پاسىل تام.

ـمەلىكە ئابابەكرى

---

ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەت 6 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇقسىز 3 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئادەم قايتا تىرىلەلمىگىنى بىلەن، مەڭگۈ ياشاش ئۈچۈن يول ئاچالايدۇ.

ـئەزىز ئەھمەت

---

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە مىشا يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

**تەپەككۇر چاچراندىلىرى**

▲ سۇنىڭ سۈزۈكلۈكى سوغۇققا باغلىق ئەمەس، بەلكى ئېرىققا باغلىق. ئېرىقتا ھېچقانداق لاي بولمىسا، باشتا سۈزۈك ئاققان سۇ قانداقمۇ لېيىپ كەتسۇن؟!

▲ ئادەمنىڭ تاشقى چىرايى بىلەن ئىچكى چىرايى ـ قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن ئالقىنىغا ئوخشايدۇ.

▲ ئاچچىقتا ئۇرغان يۈز شاپىلاقتىن، ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ قىلغان بىر ئېغىز سۆز قاتتىقراق تېگىدۇ.

▲ شەھەر بىلەن يېزىنىڭ پەرقى شۇكى، بىرىدە ھەيۋەتلىك تاش ئورمان، بىرىدە ياپيېشىل تەبىئىي ئورمان؛ بىرىنىڭ قەلبى تاشتەك قاتقان، بىرىنىڭ قەلبى سەمىمىيلىك بىلەن تولغان.

▲ ئاڭلىغان ـ كۆرگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى باشقىلارغا تەپسىلىي دەپ يۈرىدىغان ئادەم ـ سۇ تۇرمايدىغان تۆشۈك چېلەككە ئوخشايدۇ.

▲ بۇرۇنلاردا ئۆزىنى كۆرستىشكە تىرىشىپ كەلگەن كىشىلەر ـ ئالىم بىلەن زالىم بولغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە ئۆزىنى كۆرستىشكە تىرىشۋاتقانلار دۆلەتۋاز بىلەن سۆلەتۋاز بولماقتا.

▲ پۇشايمان پېشمىغانلىقتىن، ھەسرەت ھەسەتتىن، ئەخمەقلىق ئەقلسىزلىقتىن، نادامەت نادانلىقتىن، دۈشمەن پايدا ـ مەنپەئەتتىن كېلىپ چىقىدۇ.

▲ ئۆزىمىزگە بولغان ئىشەنچىمىز ئاشقانسېرى، باشقىلارغا بولغان گۇمانىمىز شۇنچە كۈچىيىدۇ.

▲ پۇتۇڭ قىچىشسا يول، قولۇڭ قىچىشسا پۇل (ئىش)تاپىدۇ.

▲ ئۆزىنى كۆزىتىپ تۇرغان ئادەم ئاقىل بولىدۇ، دۇنيا (جەمئىيەت)نى كۆزىتىپ تۇرغان ئادەم قابىل بولىدۇ.

▲ ئۆزىنىڭ گېپىنىلا راست دەپ يۈرىدىغان ئادەم باشقىلارغا پادىشاھ (باشلىق) بولۇپ باققۇسى بار ئادەمدۇر.

▲ تەرەققىيات، يوقىتىپ ئېرىشىش دېمەكلىكتۇر.

▲ تۈنۈگۈنگە قايغۇرغان ناداندۇر، بۈگۈننى چىڭ تۇتقان دانادۇر، ئەتىنى كۈتكەن ئەخمەقتۇر.

▲ ئاچچىقنى كەلتۈرۈش ـ بىر خىل قوزغاتقۇچ دورا.

▲ ئۆزىگە زىيادە ئىشىنىش ـ قارىغۇلارچە تەۋەككۇلچىلىك.

▲ ئىناقلىقتىن چىڭ تۈزۈم يوق، ئىناقسىزلىقتىن دەھشەت ئۇرۇش يوق.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» دەرىخى (ژۇرنىلى)نىڭ «تەپەككۇر مېۋىلىرى» شۇنداق ئوخشاپ كېتىپتۇ. سەن ئۇنى ئۆتكۈر پەلسەپۋى كۆزلىرىڭ بىلەن كۆرۈپ، ئەقىل چىشلىرىڭ بىلەن چايناپ، تەپەككۇر ئاشقازىنىڭدا ھەزىم قىلىپ روھىڭنى تويغۇزمىساڭ، سەندە نە قۇۋۋەت، نە جان بولسۇن.

▲ ئادەم ئىككى يەردە ئۆزىنىڭ خار ۋە ئەزىز ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدۇ: بىرى، قىز ـ ئاياللار ئالدىدا، يەنە بىرى، كۆپ جامائەت سورۇنلىرىدا.

▲ ھايا ـ نومۇس (ئىپپەت)نى قوغدىغان ئايال پەرىشتە بولسا، ۋىجدان ـ غۇرۇر، ئىمان ـ ئېتىقادىنى قوغدىغان ئەر خىزىردۇر.

▲ دۈشمەن ئۆزۈڭدىن چىقىدۇ، دوست ياتتىن.

▲ دۈشمىنىڭ كۆپ بولسا يىقىلغان يېرىڭدىن قوپمىقىڭ تەس، دوستۇڭ كۆپ بولسا ئۇچقان يېرىڭدىن چۈشمىكىڭ تەس.

▲ باشقىلار بىلەن دائىم كۆرۈشۈپ تۇرساڭمۇ، لېكىن بۇ قەلبىڭنىڭ ئۇلار بىلەن يېقىن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەرمەيدۇ؛ باشقىلار بىلەن كۆرۈشمەي، ئىزدەشمەي يىراق تۇرساڭمۇ، لېكىن بۇ قەلبىڭنىڭ ئۇلار بىلەن يىراق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەرمەيدۇ. دەل مۇشۇ يەردىن دوستلۇق ـ مۇھەببەتنىڭ چېگرىسى ئايرىلىدۇ.

▲ كۆڭۈلدىكىدەك كىشىسى بىلەن بىللە تۇرمۇش قۇرالىغان كىشى، كۆڭۈل دۇنياسىغا ئىمپېرىيە (دۆلەت) قۇرالىغان كىشىدۇر.

▲ ئايال زاتى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ـ ئۆزىنىڭ ھېسسىياتى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتۇر.

▲ قىزلار ھېسسىياتىنىڭ، ئوغۇللار باتۇرلۇقىنىڭ قۇربانى.

▲ باتۇرلىقىمىزنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى كۆرەي دېسەڭ، كوچىدىكى لۈكچەكلىشىپ كەتكەن ئەرلەرگە قارا؛ ئەخلاقىمىزنىڭ قايسى دەرىجىدە چۈشكۈنلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەي دېسەڭ، كوچىدىكى يېرىم يالىڭاچ ئاياللارغا قارا.

▲ قىزلار ئەرگە تەگكەندىن كېيىن داتلىشىدۇ (قېلىنلىشىدۇ)، ئوغۇللار كۆپ سورۇن كۆرگەندىن كېيىن.

▲ مەن شۇنداق ئويلاپ قالدىمكى، بىز مۇھەببەتنى چۈشەنگەن بولساق بىر - بىرىمىزنى ھەرگىزمۇ ئالداپ يۈرمەيتتۇق؛ نىكاھنى چۈشەنگەن بولساق كوچىغا قاراپ (چىقىپ) قالمايتتۇق؛ ھاياتنى چۈشەنگەن بولساق ئۆزىمىزنى ھەم ئۆمرىمىزنى خار قىلمايتتۇق. پەقەت ھەممىنى چۈشىنىش بىر بەخت بولسا كېرەك.

▲ يوقىتىپ ئېرىشىش - ئىشتان - چاپان، كۆڭلەكلىرىنى يوقىتىۋېتىپ، كۇسار - مايكىغا تەسلىكتە ئېرىشىپ، بۇنىڭدىن پەخىرلىنىش دېگەنلىك بولسا كېرەك.

▲ ئەر ۋىجدانسىز بولسا ئايال قىلىق (ئويۇن) چىقىرىدۇ، ئايال ۋىجدانسىز بولسا ئەر مۈشت چىقىرىدۇ.

▲ ئوغۇللاردىن تەستەك يېگەن قىزلار ئەقىل تاپىدۇ، قىزلاردىن تەستەك يېگەن ئوغۇللار نومۇس تاپىدۇ.

▲ قىزلار پۇلى بار ئوغۇللارنى قوغلاشسا خورلۇققا قالىدۇ، ئوغۇللار چىرايى بار قىزلارنى قوغلاشسا نادامەت - ھەسرەتتە قالىدۇ.

▲ «ۋاقىت - ئالتۇن ئوق». قەدىرلىمىگەنلەر شۇ ئوقتا ئۆلگۈچى، قەدىرلىگەنلەر ۋاقىت ئوغرىلىرىنى ئۆلتۈرگۈچىدۇر.

▲ ھايۋاننىڭ گۆشى كۈچلۈك، ئادەمنىڭ ئەقلى.

▲ كالىندار - يىل خەرىتىسى.

▲ ئەقلىڭنى تېپىپ سۆزلە، نىشانىڭنى تېپىپ كۆزلە.

▲ پىكرى بىر يەردىن چىققان (چىقىدىغان) ئادەم كېڭەشلىك ئادەم، نىشانى بىر يەردىن چىققان ئادەم - تېپىشلىك (رىقابەتلىك) ئادەم.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى - ھازىر - 21 - ئەسىردىكى ماقال - تەمسىل ئويغىنىشىغا كىرىپ كەلدى.

▲ پۇل يانچۇقتىكى چاغدا بىز باشقۇرغان بىلەن، يانچۇقتىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بىزنى باشقۇرىدۇ.

–مەھمۇتجان ئابدۇۋەلى داۋۇد

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە بارىن يېزا قىزىلئۆستەڭ كەنت لەڭگەر مەھەللىسىدە، دېھقان

# پارچىلار

## نامراتلىق جىنايەت

دۇنيا تارىخىدىن شۇنداق بىر قانۇنىيەت داۋام قىلىپ كەلگەنكى، كەمبەغەللەر ھەققى سۆزلىسە جىنايەتچىگە ئايلانغان، پۇلدارلار ھەققى سۆزلىسە داھىيغا.

## قانۇنىيەت

زامان - زامانلاردىن باشلاپ شۇنداقكى، ئىقتىدارلىقلار ئىقتىدارسىزلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كەلگەن. بۇ، تارىخنىڭ قانۇنىيىتى.

## تاۋار ئىگىلىكىدە

پۇل ھەممىگە قادىر ئەمەس، پۇل بولمىسا ئادەم ھېچنېمىگە قادىر ئەمەس.

## ئىللىقلىق ۋە ۋەھىمە

تەگرى بەندىلىرىنى توڭلاپ قالمىسۇن، دەپ ئوتنىڭ ئىللىقلىقىنى يەتكۈزدى. ئەمما ئۇنىڭ ۋەھىمىسى ئارقىلىق يامان ئىش قىلىشتىن توستى.

## مەۋجۇدلۇق دېگەن نېمە؟

پۈتۈنلەي قارىمۇقارشىلىق ئىچىدە ئالغا ئىلگىرىلەش.

## ئەسلىي ھۆكۈمران

جاھانغا ھۆكۈمران نەرسە نېمە؟

ئىدىيە.

## كېچىكىپ كەلگەن بايلىق نېمىگە ئوخشايدۇ؟

زاغرا يەپ تويغاندىن كېيىن كەلتۈرۈلگەن تائامغا ئوخشايدۇ.

– ئابلەت ئابدۇللا زوقىي

---

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە ئايباغ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر بىخلىرى

▲ ئۆز رەقىبىنى چۈشەنگەنلىك - غەلىبە قىلىشنىڭ يېرىم پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىك.

▲ توشقان بىلەن تاشپاقا مۇسابىقىسىدە، توشقان ئۇخلاپ قالغاچقىلا تاشپاقا يېڭىۋالغان. دېمەك رەقىبىگە سەل قاراش - يېڭىلىش بىلەن باراۋەر.

▲ تەرەققىيات دەۋرىدە، تۈنۈگۈن شەكىللەنگەن ئىدىيەڭ بىلەن بالاڭنىڭ ئەتىكى ئارزۇسىنى توسما، بولمىسا ئۇنىڭ بۈگۈننى قۇربان قىلىسەن.

▲ ئۆز بىلىمىڭنى ئىشلىتىدىغان ئورۇن ۋە ۋاقىتنى ياخشى تاللىيالمىساڭ، ئۇ سەن ئۈچۈن بىر بولسا كېرەكسىز نەرسە، بىر بولسا ئۆز تېنىڭگە باغلانغان بومبىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

▲ ئۆزۈڭگە ئاگاھ بول، شۇندىلا دۈشمىنىڭنىڭ سۇيىقەستىگە پۇرسەت بەرمەيسەن؛ ئۆزۈڭنى خۇشھال تۇت، شۇندىلا دۈشمىنىڭنىڭ چىرايىغا كۈلكە بەرمەيسەن.

▲ تۈنۈگۈنىڭنى ئەسلەپ، ئەتەڭ ئۈچۈن تىرىشقىن، شۇندىلا بۈگۈنىڭ مەنىلىك ئۆتىدۇ.

▲ ئۆز خىزمىتىدىن نارازى بولىدىغانلار، بىر بولسا، شۇ ئىشتا نەتىجە قازىنالمىغانلار، بىر بولسا، شۇ ئىشتا ناھەقچىلىككە ئۇچرىغانلار.

▲ ئېرىشكەن نەرسىلەرنى قەدىرلىمەسلىك - قايتا ئېرىشمەسلىكنىڭ مۇقەددىمىسى.

– ئابدۇقەييۇمجان ئابدۇرەھمان

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە جامالتېرەك يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ باشقىلارغا مۇئامىلە قىلغاندا ئۇلارنىڭ ھېسداشلىقىنى ئەمەس، ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈر.

– سەلىمە تۇرسۇن (ئىنتىزار)

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى تىل - ئەدەبىيات كەسپى 2004 - يىللىق 1 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ جاھاندىكى بارلىق ھاكىمىيەت، بارلىق شەخس ئېتىراپ قىلىدىغان ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى قاچان مەيدانغا كېلىدىكەن، شۇ چاغدا دۇنياۋى تىنچلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ـ مەھمۇت سەمەت

---

ئاپتور: شايار ناھىيە بازىرى خەلق جەنۇبىي يولى 14 ـ قوروْدا

### تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى

▲ «ئالدىرىغان يولدا قالىدۇ». ئەمما ئالدىرىمىغانلارنىڭ پەللىگە بالدۇر يەتكىنىنى كىم كۆرۈپتۇ!؟

▲ باتۇرلارنىڭ جاسارىتى جەڭ مەيدانىدا، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مۇقەددەسلىكى ئىلىم مۇنبىرىدە، يازغۇچىلارنىڭ خەلقپەرۋەرلىكى مەتبۇئات يۈزىدە ئەكس ئېتىدۇ.

▲ يالغاننى يازغانغا مىڭنىڭ لەنىتى، ھەقنى يازغانغا مىليوننىڭ رەھمىتى نېسىپ بولىدۇ.

▲ تەپەككۇر كىتاب بىلەن ئەمەلىيەت ئارىسىدىكى ئۇزۇن مەن-زىلنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان رىشتە.

▲ ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن تەسىرلەندۈرگىلى بولار، بىراق باش ئەگدۈرگىلى بولمايدۇ.

▲ ئاجىزلارنىڭ كۆز يېشىغا ئۇلارنىڭ ئارزۇ ـ ئارمىنى يوشۇرۇن-غان بولىدۇ. ئۇلار قاچانكى كۈچكە ئىگە بولىدىكەن، ئۇ ھەقىقەت بولۇپ ئۆزىنى نامايان قىلىدۇ.

ـ شىرمۇھەممەت تۇردى

---

ئاپتور: غۇلجا ناھىيە ئۈچئون خويزۇ يېزا تۆۋەن بەشئون كەنتىدە، دېھقان

### ھايات ھېكمەتلىرى

▲ تارىخ ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتى شۇكى، ئۆلۈكلەر ئۈستىدە تۇغرا يەكۈن چىقارماي تۇرۇپ، تىرىكلەرنىڭ ھايات يولىنى يورۇتقىلى بول-مايدۇ.

▲ ئاتا ـ ئانىنىڭ قەرزىگە پەرزەنت مەسئۇل بولغىنى بىلەن، ئەجدادلارنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتاسىغا ئەۋلاد مەسئۇل بولالمايدۇ.

▲ تارىخ ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى بىلەن ئەمەس، ھېكمەت ۋە ئىب-رەتكە تولغانلىقى بىلەن قىممەتلىكتۇر.

▲ تارىخنى ئىبرەت ئەينىكى دەپ بىلگىنىڭدە ئۇ سېنى خاتالىقتىن ساقلايدۇ، ئىلمىي ـ ھېكمەت دەپ بىلگىنىڭدە دانالىققا باشلايدۇ.

▲ دۇنيادا ئەڭ كۆپ ماختالغۇچى ھەم لەنەتلەنگۈچى تارىخشۇ-ناستۇر. ئۇنىڭ پاكىتنى يېزىشى مەدھىيىگە ئىگە قىلسا، پاكىتنى بۇر-مىلىشى لەنەتكە دۇچار قىلىدۇ.

▲ كىچىك ئىشنى پايدىلىق بىلىپ قىلغانلار ئالىم بولۇر، يامان ئىشنى كىچىك بىلىپ قىلغانلار زالىم بولۇر.

▲ تەبىئىي پەنى يوق مىللەت، ئۈستىخىنى يوق تەنگە ئوخشايدۇ.

▲ كەلگۈسىدىن ئۈمىد كۈتكەن مىللەت، ئۆتمۈشىگە ئوبيېكتىپ باھا بەرگەن مىللەتتۇر.

▲ تارىختىن ئىبرەت ئالمىغانلىق، ئەجداد خاتاسىنى ئەۋلاد تەك-رارلىغانلىق.

▲ دۇنيا بىر مىللەتنى بىر بولسا ئالىملىرى بىلەن، بىر بولسا زا-لىملىرى بىلەن تونۇيدۇ.

▲ رىقابەت ئاقىللارغا پۇرسەت، نادانلارغا ھەسرەت ئەكېلىدۇ.

ـ ئەھمەتجان قاسىم

---

ئاپتور: مەكىت ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تارىخ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ مۇۋەپپەقىيەت، باشقىلار بېسىپ باقمىغان يولنى باسقانلارغا بېرىلگەن ئىنئام.

ـ رەھمىتۇللا تەۋەككۈل

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەييارلىق بۆلۈمىنىڭ ئوقۇغۇچى-سى

▲ جىسمانىي ئەمگەكتىن بىر ئادەمنىڭ قولى قاپارسا، ئەقلىي ئەمگەكتىن نەچچە مىڭ ئادەمنىڭ قەلبى ياشىرىدۇ.

▲ دورا كېسەللەرنى جىسمانىي جەھەتتىن داۋالىسا، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسى روھىي جەھەتتىن داۋالايدۇ.

▲ ھەرقانداق ئىشتا غەلىبە قىلىشنى ئويلايدىغان ئادەم، ئالدى بىلەن ئۆزى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى كېرەك.

▲ ۋاقىتنىڭ بىھۇدە ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئېچىنىپ، ئۇنى تۇ-تۇشنى بىلمىگەنلەر ـ ئۆيىگە ئوغرى چۈشكىنىنى كۆرۈپ تۇرۇپ تۇتمىغانلار.

▲ تەبىئەت ئىنسانلارغا قانداق ياشاشنى ئۆگەتسە، ئەدەبىيات ئادىمىيلىكنى ئۆگىتىدۇ.

▲ ئانا ئائىلىدە بىر نەچچە بالىنى تەربىيىلىسە، ئەدەبىيات پۈت-كۈل ئىنسانىيەتنى تەربىيىلەيدىغان ئانا.

▲ كۆڭۈلگە سىغمىغان، كۆزگە سىغماس.

ـ ئەھمەتجان جاپپار

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2003 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

### روھ تۈۋشلىرى

▲ خالتا كوچا دەسلەپ گاڭگىرىتىپ، كېيىن تەۋەككۈل قىلدۇرىدۇ.

▲ كۆز ـ ئەڭ بىغەم، ئەڭ بىمالال ئوغرى.

▲ ساۋاق ئاچچىق بولغاندا، ئەقىل ھوشنى تاپىدۇ.

▲ كەمستىش ـ ئىنتىلىش روھىغا سېلىنغان كىشەن.

▲ بۇرنىغا يېگەندە كەلگەن ئەقىل، مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدۇ.

▲ ھەر بىر كېلىشمەسلىك، ئەقىل كېلىۋاتقانىنىڭ شەپىسى.

▲ بەزىبىر رېئاللىقنى زورمۇزور قوبۇل قىلماي بولمايدۇ.

ـ ئابلەت مۇھەممەت كۈيزار

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ خەنزۇ تىلى سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ بالىلار تەربىيىسىدە ئانىنىڭ رولىنىلا تەكىتلەپ، دادىنىڭ رولىغا سەل قارىغانلىق، خۇددى زىرائەت تېرىشتا يەرنىڭ سۈپىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇرۇققا ئەھمىيەت بەرمىگەنگە ئوخشاش.

ـ ئەلاگۈل سەمەت

---

ئاپتور: بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى 1 ـ ئوتتۇرا مەك-تەپنىڭ ئەدەبىيات مۇئەللىمەسى

▲ يىگىتلەرنى تولۇق چۈشەنگەن قىزلار قېرى قىز بوپقالىدۇ؛ قىزلارنى تولۇق چۈشەنگەن يىگىتلەر ئالدامچى ـ ساختىپەز بولىدۇ.

ـ ئابدۇكېرىم ئابدۇخالىق

---

ئاپتور: قۇمۇل شەھەر قارادۆۋە ـ لاپچۇق يېزىدا، دېھقان

**تەسرات دېڭىزىدىن لۈنچىلەر**

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى كىتاب ئوقۇشنى ياقتۇرمايدىغان دوستۇمنى كىتابخۇمار قىلىپ تەربىيىلەپ چىقتى.

▲ ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەددىدىن زىيادە قاتتىق قوللۇق قىلىشى بالىسىغا نىسبەتەن مۇنداق ئىككى خىل «ئۈنۈم» بېرىدۇ: بىرى، بالىسىنىڭ «قۇدۇقنىڭ ئىچىدىكى پاقىدەك» چوڭ بوپقېلىشى؛ يەنە بىرى، ئۆيدىن قاچىدىغان «قاچقۇن» بوپقېلىشى.

▲ باشقىلارغا زىيادە كۆيۈنگەن كىشىلەر بىر بولسا ئاق كۆڭۈل ھەم كۆيۈمچان كىشىلەر؛ بىر بولسا، باشقىلارغا «ئورا كولايدىغان» كىشىلەردۇر.

▲ مەن ھەر قېتىم ئانامنىڭ كۈلۈمسىرىگەن چىرايىنى كۆرگىنىمدە، خۇددى دۇنيادىكى بارلىق ئانىلار كۈلۈمسىرەۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن.

ـ رىزۋانگۈل مجىت

---

ئاپتور: پىچان ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ قىلغان يامان ئىشىڭنىڭ تېزدۇر جاھانغا پۇر كەتمىكى،
لېكىن قىلغان ياخشى ئىشنىڭ تەستۇر بوسۇقتىن چىقمىقى.

ـ يۈسۈپجان ئابدۇرەھمان

ئاپتور: پىچان ناھىيە تۇيۇق يېزا مەزىنكارىز كەنتىدە، دېھقان

▲ تەجرىبە ئەڭ ياخشى ئۇستازدۇر.

ـ مجىت ساۋۇت لاچىن

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە زاۋا يېزا تۆگە توغراق كەنتىدە، دېھقان

**قانلىق قاداقلار**

▲ ئەقلىنىڭ خاسىيىتى ھەرىكەت ۋە تىلدا كۆرۈلىدۇ.

▲ ئەخلاق بىلەن بىلىمنىڭ مۇناسىۋىتى، خۇددى كىرىشكەن چىشلىق چاقنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ.

▲ ئەرلەرنى ۋەيران قىلىدىغان ئاياللار خىيانەتچىدۇر؛ ئاياللارنى ۋەيران قىلىدىغان ئەرلەر جىنايەتچىدۇر.

▲ پەزىلەتسىز ئىلىم ئەھلى سۇنىي گۈلگە ئوخشايدۇ.

▲ پۇرسەت بىزدىن ھەممىنى ئالىدىغان ۋە ھەممىنى بېرىدىغان ماھىر تەدبىركاردۇر.

▲ مەدەنىيىتى خىرىسقا دۇچ كەلگەن ئەل ئاچا يولدىكى تەمتىرىگۈچىدۇر.

▲ ئائىلە مۇھىتىنىڭ بۇلغىنىشى مۇنداق ئۈچ خىل سەۋەبتىن بولىدۇ: بىرى، ئاتىنىڭ بۇزۇلۇشى، يەنە بىرى ئانىنىڭ يولدىن چىقىشى، ئۈچىنچىسى، پەرزەنتلەرنىڭ ۋاپاسىز چىقىپ قېلىشى.

▲ ناكەسلەر بىراۋنىڭ ئاجىزلىقىنى دەسمى ۋە دەستەك قىلىپ ياشايدۇ.

▲ ئەدەبىياتنىڭ پۈچەكلىشىشى، روھنىڭ ئۆچۈشى ۋە ئېتىقادنىڭ سۇسلىشىشىدىن بولىدۇ.

▲ تەبىئەتنىڭ ئەنئەنىسى، بويسۇندۇرغۇچىلارنى بويسۇندۇرۇشتۇر.

▲ مەغلۇب بولغان چېغىڭدا پۇشايمان ۋە ئەخمەقلىق ھەققىدە ئويلىنىسەن.

▲ روھىي كىشەننىڭ ساڭا سېلىنىشى بىر بولسا بەكلا دۆتلىكىڭدىن، يەنە بىر بولسا بەكلا دانالىقىڭدىن بولىدۇ.

▲ ئۆز يۇرتىنى باشقىلارغا بېرىش، خۇددى ئايىغىنى باشقىلارغا سېلىپ بېرىپ، تىكەنلىكتە ئۆزى يالاڭ ئاياغ ماڭغانغا ئوخشايدۇ.

▲ ئەترابىڭدا نادانلار قانچە كۆپ بولسا، سەن يولۇققان قىسمەتلەر شۇنچە پاجىئەلىك بولىدۇ.

▲ مىڭ قېتىم ئۇچراشقىنىڭدىن، يۈرىكىڭ بىر قېتىم ئۇچراشسىلا كۇپايە.

▲ ئۇنىڭ ماڭا ئۇنتۇلمۇك ۋارقىرىيالىشى، ئەينى ۋاقىتتا ماڭا ھېچقانداق گېپىنى دەپ بەرمىگىنى ئۈچۈندۇر.

▲ ئەمەلىيىتى يوق نەسىھەتچى خۇددى ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا ساتار چالغۇچىغا ئوخشايدۇ.

▲ پۇشايمان بىر بولسا ئىبرەت، بىر بولسا ئازاب ئەكېلىدۇ.

▲ مەغلۇب بولماي قەھرىمان بولغانلار يوق؛ يىقىلىپ باقماي دەس تۇرۇشنى ئۆگەنگەنلەرمۇ ھەم يوق.

▲ جەننەت ھەر كىمنىڭ دىلىدا، دوزاخ ھەر كىمنىڭ تىلىدا يارىتىلىدۇ.

▲ تۇغۇلۇش مۆجىزىدۇر، ياشاش سىناقتۇر، ئۆلۈش قانۇنىيەتتۇر.

▲ مەسئۇلىيەتچان بولساڭ يۈكىڭ ئېغىرلايدۇ، يۈرىكىڭ يېنىكلەيدۇ.

ـ مەھمۇتجان يانتاق

---

ئاپتور: يېڭىشەر ناھىيە يامانيار يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

**تەپەككۇر دېڭىزىدىن كۆمۈش قەترىلەر**

▲ كىشى ئۆز ئۆيىدىلا ھەر كۈنى مېھمان.

▲ سەن نېمىنى ئەڭ ئارزۇ قىلساڭ، شۇنىڭغا بەك كېچىكىپ ئېرىشىسەن.

▲ كىبىر، ئۇ، كىشىنىڭ ھالاكەتلىك كەلگۈسىنىڭ تاشقى ئىپادىسىدۇر.

▲ ئەگەر ئابىھايات مەۋجۇد دېيىلسە، ئۇ، دېھقانلارنىڭ قان ـ تەرىدۇر.

▲ ھايۋان چۆپ يەيدۇ، شۇڭا كۆپ يەيدۇ.

▲ ئەخلاق ـ مەڭگۈ ئىپپىتىنى يوقاتمايدىغان تەڭداشسىز ساھىبجامال.

▲ مۇھەببەت ئەڭ قۇدرەتلىك شۇنداقلا ئەڭ نازۇك جەۋھەركى، تېرىقەك كىبىر ئالدىدا مەۋجۇدلۇقىنى يوقاتقۇچى.

ـ ئابلەت مۇھەممەت سادائىي

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئارمىيىسى يېزا ئىگىلىك 14 ـ دىۋىزىيە گۇما دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىشچىسى

**تەپەككۇر تامچىلىرى**

▲ باشقىلارنى دوراپ ياشىغىنىڭ، سېنىڭ مەۋجۇد ئەمەسلىكىڭنىڭ

دەلىلى.

▲ كىر قەيەر پاكىز بولسا، شۇ يەرگە ئاسان يۇقىدۇ.

▲ سەھەردە تارتىلغان خورەك ـ شۇ بىر كۈننىڭ مەغلۇبىيەت مارشى.

▲ تۈنۈگۈن ـ ئەسلىمە، ئەتە ـ غەم، بۈگۈن ـ پۇرسەت.

▲ ئۇيغۇر تىلى چەت تىل مەستانىلىرى تەرىپىدىن خارلىنىدۇ، ئانا تىلغا مۇھەببەت قويغانلار تەرىپىدىن تۈزىلىدۇ، قوغدىلىدۇ. ئاخىر بېرىپ دېھقانلىرىمىز ئارىسىدا ساقلىنىدۇ.

ـ قەلەمشاھ

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئارمىيىسى يېزا ئە-كىلىك 14 ـ دىۋىزىيە گۇما دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىشچىسى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ ئۆيلىماي دەپ سالغان بىر ئېغىز سۆزۈڭ، سېنى باشقىلارغا بىر ئۆمۈر قەرزدار قىلىپ قويۇشى مۇمكىن.

▲ مىراس ـ كۆيۈۋاتقان ئوت.

▲ نادان ئادەملەر ئارىسىدا ئالىملارنىڭ رولى، دىندارلار ۋەز ـ نەسىھەتنىڭ پايدىسى، ئاتا ـ ئانىنىڭ ھۆرمىتى بولمايدۇ.

▲ مائارىپىمىزدىكى ساختىپەزلىكنى كۆرۈپ، ساختىپەزلەرنىڭ نە-دىن پەيدا بولىدىغانلىقىنى بىلدىم.

ـ تۇرامەت مۇھەممەتئىمىن

---

ئاپتور: گۇما ناھىيە كۆكتېرەك يېزا تۇغىبېشى كەنتىدە، دېھقان

▲ ئىشرەت كوچىسىدا ئەرلەر ئاياللارنىڭ رومكىسىدىكى بېلىق.

▲ رەقىبىڭ ئاقىل بولسا، ۋاستىسى يۇمشاق كېلەر.

▲ تىل ـ مىللەتنىڭ تىنىقى.

▲ سورۇندارچىلىقنىڭ كۆپلۈكى دوستلىقىمىزنىڭ قويۇقلۇقىنى ئەمەس، يولىمىزنىڭ تۈيۈقلۇقىنى بىلدۈردى.

▲ نادانغا پىكىر قىلغىچە سۈكۈت قىل، داناغا سۈكۈت قىلغىچە پىكىر قىل.

▲ ئەركەكلىكنىڭ ئىپادىسى شەكلىنى يوقاتقانلىقتىن، مەزمۇنىنى شەرھلەشكە توغرا كەلدى.

▲ روھىي مىللىي روھتىن يۇغۇرۇلمىغان ئوقۇتقۇچىدىن ھاياتنى ئارىيەتكە بەرگەن سادىقلار چىقىدۇ.

▲ ئادا قىلىنمىغان مەسئۇلىيەت، ئىگىسىگە كىشەندۇر.

▲ ئوقۇتقۇچىنىڭ سوئالى ئوقۇغۇچى ئۈچۈن ياردەمگە سۇنۇلغان قول، ئوقۇغۇچىنىڭ سوئالى ئۆزى ئۈچۈن يېڭى بىر يول.

ـ ئالىم مۇھەممەت

---

ئاپتور: پىچان ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تاش گىياھلار

▲ ۋاقىتنى ئىجادكارلار ھەقىي قىممەتكە ئىگە قىلالايدۇ.

▲ زالىم پادىشاھنىڭ سىرىنى ۋەزىرى ئاشكارىلىغاندەك، زالىم ئەرنىڭ سىرىنى ئايالى ئاشكارىلايدۇ.

▲ نامرات، نادان ئەلنىڭ دىنىي ئېتىقادى جەھەتتىكى ئىختىلاپلە-رى كۆپ بولىدۇ. ئۇلار ئۆز ئەركىنلىكىنى ئۆزى بوغۇپ ياشايدۇ.

▲ ئازابنى يوشۇرۇشنى بىلگەن ئادەم ئىرادىلىك، مۇھەببەتنى يوشۇرالىغان ئادەم ئالىيجاناب، باشقىلارنىڭ سىرىنى ساقلىيالىغان ئادەم ئىشەنچلىك كېلىدۇ.

▲ خاراكتېرى زىددىيەتلىك ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشى چېچىلاڭغۇ، قىلغان ئىشىغا مىننەت قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ خىزمىتى نەتىجىسىز بولىدۇ.

▲ ئۆزىنى ماختاپ سۆزلەيدىغانلار ئىشەنچسىز، باشقىلارنى ماختاپ سۆزلەيدىغانلار ساختىپەز كېلىدۇ.

▲ گۈزەل نەرسىلەرگە يېقىندىن تۇرۇپ قارىساڭ، ئۇ سېنىڭ مەيلىڭنى ئانچە تارتمايدۇ.

▲ مەنپەئەتپەرەسلىك، ئادەمنىڭ تەبىئىتىنى ئەڭ روشەن ئېچىپ بېرىدۇ.

▲ بەختلىك تۇرمۇشقا ئىنتىلىش ئىنسانلاردىكى ئورتاق ئارزۇ. بىراق ھەر كىمنىڭ بەخت قارىشى ھەر خىل بولغاچقا، ھەر كىمنىڭ تەقدىرى ھەر خىل بولىدۇ.

▲ پەزىلەتسىز ئايالنىڭ ئېرى بىچارە، پاراسەتسىز ئەرنىڭ ئايالى ئۈمىدسىز ياشايدۇ.

▲ مېھىر ـ مۇھەببەت قۇربان بېرىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەت-كەندە ئاندىن ئادەم ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىلىدۇ.

▲ ئەخلاق بارلىق كىشىلەرنىڭ ئادەمگە باھا بېرىشتىكى ئاساسىي ئۆلچىمىگە ئايلانغاندا، جەمئىيەتتىكى بۇزۇقچىلىقلار پەسكويغا چۈشىدۇ.

▲ تەپەككۇر يېڭىلىقى بولمىغان ئىجادىيەت، ئىجادىيەت بولماس-تىن، پەقەت بىر خىل ھەۋەستىنلا ئىبارەت.

▲ ھىيلە ـ مىكىر، قان چىقارماي جان ئالىدىغان ھۆكۈمدارلارنىڭ قاتىللىق قورالى.

▲ بىشەم ئايال سېنى ئەڭ ئاۋۋال دوستلىرىڭدىن، ئاندىن كېيىن قېرىنداشلىرىڭدىن ئايرىدۇ.

▲ بىر ئادەمنىڭ ئېتىقادى شۇ ئادەمنىڭ پەزىلىتىنى، قىممەت قارىشى ئوبرازىنى، ھەرىكىتى تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ.

▲ مۇستەقىل ئىش قىلالمايدىغانلار، باشقىلاردىن ئاسانلا رەن-جىيدۇ.

ـ قۇربان ئابلىمىت

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئو-قۇتقۇچىسى

* * *

▲ ئايال ناخشىچىلارنىڭ قىزلارغا بېغىشلانغان مۇھەببەت تېمى-سىدىكى ئاتاقلىق خەلق ناخشىلىرىنى زوق ـ شوخ بىلەن ئېيتىۋاتقى-نىنى ھەر ئاڭلىغىنىمدا، گويا «ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببەتلىشى-ۋاتقان» دەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىمەن.

ـ ئەزىز تۇردى ئاق ھون

---

ئاپتور: خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى

# ئادەم — ئۆزىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ قۇتقۇزغۇچىسى

ئەزىز ھېيت كۆن




ئادەم ئەزەلدىن ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن يارالغان. باشقىلار ياكى تاشقى كۈچنىڭ ئادەمنى قۇتقۇزۇشى قوشۇمچە ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزۇش ـ ئۆزىگە تايىنىش، بولۇپمۇ ئۆزىدە بار بولغان ئەۋزەللىكلەرگە تايىنىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ئەڭ ئىپتىدائىي دەۋردە زۆرۈر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يۈكسەك دەرىجىدە ئىجتىمائىيلاشقان بۈگۈنكى جەمئىيەتتە ھەممىدىن زۆرۈردۇر. ئىپتىدائىي دەۋردىكى ئۆزىنى قۇتقۇزۇشنىڭ ئالاھىدىلىكى جان بېقىش ئۈچۈن جان ـ جەھلى بىلەن ئىشلىشتۇر. يۈكسەك ئىجتىمائىيلاشقان جەمئىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكى بولسا، ياشاش ئۈچۈن جان تىكىشتۇر. ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزۇش ـ ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنىڭ ئاساسلىق يولى. كۈچلۈكلەر تاللىنىدۇ، ئاجىزلار شاللىنىدۇ، بۇ تەبىئىي قانۇنىيەت ۋە ئىجتىمائىي قانۇنىيەت. ئادەمدە ياشاش رىقابىتىگە نىسبەتەن خەۋپسىرەش ئېڭى بولۇش بىلەن بىرگە، كۈچلۈك تاقابىل تۇرۇش ئېڭىنىڭ بولۇشى ئەڭ مۇھىم. ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزۇش ـ ئەڭ زور تاقابىل تۇرۇش كۈچىدۇر. «ئۆزۈمگە تايىنىمەن» دېيىش تومتاق گەپ بوپقالىدۇ. «نېمەمگە تايىنىمەن؟» دېگەن سوئال ئۆزىنى ئەمەلىي قۇتقۇزۇشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئۆزىنى قۇتقۇزۇشنىڭ ئامال ـ چارىلىرى ناھايىتى كۆپ. ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئاچقۇچلۇق پەيتتە ئادەمنىڭ ئۈستۈنلۈك ئورنىغا ئۆتۈشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ئۇلارنى يىغىنچاقلاپ كونكرېت تىلغا ئېلىش زۆرۈر.

ئادەم چىن پىكرىنى ئەينەن يەتكۈزۈشتە ئۆز ئېغىزىغا، ناتونۇش جايىنى، ئادەمنى، ئەھۋالنى ھەقىقىي بىلىشتە ئۆز كۆزىگە، سۆزنىڭ توغرا ـ خاتالىقىنى ئايرىشتا ئۆز قۇلىقىغا، ئەل قاتارى ياشاشتا ئىككى قولىغا، نىشان ـ مەنزىلگە بېرىشتا ئىككى پۇتىغا، مۇستەقىل ياشاشتا ئۆز مېڭىسىگە، رېئاللىققا دادىل يۈزلىنىشتە يۈرەكلىكىگە، پاك بولۇشتا ئۆز گېلى، قولىنىڭ پاكلىقىغا، كۆلپەتلىك تەقدىرنى ئۆزگەرتىشتە جىگەرلىكلىكىگە، باشقىلارنى ئەپۇ قىلىپ خۇشھال ئۆتۈشتە كەڭ قورساقلىقىغا، ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا بىلىنى مەھكەم باغلاشقا، ھالال ياشاشتا ئۆز قان ـ تەرىگە، باشقىلارغا ئىللىقلىق، مۇھەببەت بېرىشتە ئۆز قۇچىقىغا، خەتەرلىك پەيتلەرنى ئۆتكۈزۈۋېتىشتە لېۋىنى چىڭ چىشلەشكە، زور مەسئۇلىيەتنى كۆتۈرۈشتە ئۆز يەلكىسىگە، ئىزدىنىش ئۈچۈن ئۇزۇن كېچىلەرنى ئۆتكۈزۈشتە كىرپىك قاقماسلىققا، ئادەملىك سۈپىتى بىلەن ياشاشتا يۈز ـ ئابرۇيىغا، پايدىلىق ياكى زىيانلىق ئامىللارنى ئالدىن سېزىشتە ئۆز تۇيغۇسىغا، خەۋپ ـ خەتەر ئۈستىدىن غالىب كېلىشتە كۆكرەك كېرىشكە، غۇرۇر ـ ۋىجدانى بىلەن ياشاشتا قەددىنى رۇس تۇتۇشقا، غالىبلىقى، جەسۇرلۇقىنى ئىپادىلەشتە بېشىنى تىك تۇتۇپ يۈرۈشكە تايىنىدۇ.

ئادەم ھېسسىياتىنىڭ ئازدۇرۇشىغا تاقابىل تۇرۇشتا ئۆز ئەقلىگە، ئۇلۇغ روھقا ئىگە بولۇشتا يۈكسەك غايىسىگە، ھاياتنى مەنىگە ئىگە قىلىشتا ئۆز ئارزۇ ـ ئارمانلىرىغا، ئاراش ۋاقىتلىرىنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشتە ئۆز ھەۋەس ـ قىزىقىشلىرىغا، بىلىم ئېلىشتا ئەستايىدىللىقىغا، ئىشقا پۇختا ئاساس يارىتىشتا مۇكەممەل پىلان ـ لايىھىسىگە، يېڭىلىق يارىتىشتا ئىجادچانلىقىغا، نىشاندىن ئاداشماسلىقتا ئۆز يولىغا، مەسىلىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىشتا ئۆز ئۇسۇلىغا، دۇنيانى چۈشىنىشتە ئۆز كۆز قارىشىغا، ھاياتنى چۈشىنىشتە كىشىلىك قارىشىغا، شەيئىلەر قىممىتىنى توغرا مۆلچەرلەشتە ئۆز قىممەت قارىشىغا، ئىشتا كەتكۈزۈپ قويماسلىقتا پۇختىلىقىغا، ئادەملەرنى ۋە رېئال ئەھۋالنى توغرا مۆلچەرلەشتە پاراسەتلىكلىكىگە، پەم ـ پاراسىتىنى ئىپادىلەشتە ئۆز دىتىغا، ئوڭۇشسىزلىقلارنى تەكرارلىماسلىقتا تەدبىرلىكلىكىگە، مەسىلىلەرنى توغرا يەكۈنلەشتە پىكرىنىڭ مۇكەممەللىكىگە، كەلگۈسىنى توغرا قىياس قىلىشتا ئالدىن كۆرەرلىكىگە، ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى توغرا، ئەمەلىي مۆلچەرلەشتە سالماق ـ ۋەزمىنلىكىگە تايىنىدۇ.

## تەقدىرنىڭ تەدبىرىگە

ئادەم هۆرمەتكە ئېرىشىشتە ئۆز ئەخلاقىغا، كىشىلەرنى هۆرمەتلەشتە سالامى ـ ئېكرامىغا، كىشىلەر بىلەن ئەپ ئۆتۈشتە ئۆز پەزىلىتىگە، ناتونۇشلارغا تۇنجى ياخشى تەسىر بېرىشتە تەبەسسۇمى، ئىللىق چىرايىغا، سۆزىنىڭ راستلىقىنى ئىپادىلەشتە ئۆز لەۋزىگە، باشقىلار بىلەن كېلىشىشتە ئۆز ۋەدىسى، توختامىغا، باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىشتە ئۆز سەممىيلىكىگە، باشقىلارغا سۈنئىي ـ ياسالما تۈيۈلماسلىقتا تەبىئىيلىكىگە، دۇرۇس ئادەملىكىنى ئىپادىلەشتە ئۆز ئەمەلىيىتىگە، بۇزۇق ئادەملەردىن يىراق تۇرۇشتا ئۆزىنىڭ هايالىقلىقىغا، ئىپلاس ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشتا ئۆزىنىڭ ئار ـ نومۇسلۇق ئىكەنلىكىگە، ئادەملەر تۈگۈل چۈمۈلىگىمۇ زىيان يەتكۈزمەسلىكتە ئۆزىنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكلۈكىگە، قائىدە ـ يوسۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەشتە ئادەمگەرچىلىكىگە، سېخىيلىقى، كەڭ قورساقلىقىنى نامايان قىلىشتا مېهماندوستلۇقىغا، ئاجىزلارغا باشپاناھ بولۇشتا ئۆز ياردىمى، ياخشىلىقى ـ هىممىتىگە، پەزىلەتتە باشقىلاردىن پەرقلىق بولۇشتا ئۆز خىسلىتىگە، پايدا ـ زىياننى هېسابلاشماسلىقتا مەردلىكىگە، هەققانىي ياشاشتا غۇرۇر ـ ۋىجدانىغا، دۇرۇس ياشاپ ئۆتۈشتە ئادىمىلىكىگە، ئۇلۇغ پەزىلىتىنى نامايان قىلىشتا ئۆزىنىڭ ئالىيجانابلىقىغا تايىنىدۇ.

ئادەم تەربىيىلىنىشتە ئۆگىنىۋېلىشقا، ئەقىل ـ بىلىمىنى موللاشتۇرۇشتا ئىنتىلىشچانلىقىغا، يېڭى بىلىملەرنى قوبۇل قىلىشتا ئاكتىپلىقىغا، تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەشتە تارىختىن كۆپ خەۋەردار بولۇشقا، ئىشتا ئۇنۇم يارىتىشتا دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈشكە، ئەمەلىي ئىقتىدارغا ئىگە بولۇشتا ئەمەلىيەتكە كۆپ قاتنىشىشقا، تالانتىنى ئۇلغايتىشتا ئىزدىنىش روھىغا، كەسپىنى ياخشى گۈللەندۈرۈشتە ئۆز ماهارىتىگە، ئۆز قابىلىيىتىنى نامايان قىلىشتا مەلىكىلىكلىكى (ماهارەتتىكى پىششىقلىقى، ئۇستۇنلۇكى)گە، ئىش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئۆز تېخنىكىسىغا، رىقابەتتە ئۈزۈپ چىقىشتا ئۆتكۈرلۈكىگە، خىزمەتنى پۇختا ئىشلەشتە ئىنچىكىلىكىگە، ۋەزىپە هۆددىسىدىن چىقىشتا مەسئۇلىيەتچانلىقىغا، ئىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە قەتئىيلىكىگە، مەجبۇرىيىتىنى تونۇشتا ئاڭلىقلىقىغا، ئىشتا يوچۇق قالدۇرماسلىقتا تەجرىبىلىكلىكىگە، زور مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا ئۆزىنىڭ كۆپ خىل بەدەل تۆلىشىگە تايىنىدۇ.

ئادەم ئىگىلىك تىكلەشتە كۆپ خىل تىرىشچانلىقىغا، هەر خىل قىممەت يارىتىشتا ئۆز ئەمگىكىگە، تۇرمۇشنى قامداشتا ئۆز كىرىمىگە، ئىقتىسادىي خاتىرجەملىكتە مۇقىم كىرىم مەنبەسىگە، هال ـ ئوقىتىنى ياخشىلاشتا ئۆز مۈلكىگە، تۇرمۇشنى ماددىي جەهەتتە كاپالەتلەندۈرۈشتە ئۆز پۇلىغا، پۇل تېپىش ۋە پۇل ئىقتىساد قىلىشتا ئىقتىسادىي ئېڭىغا، ئىستېمالنى مۆلچەرلەش، بەلگىلەشتە زۆرۈر ئېهتىياجىغا، نورمال كۈن كەچۈرۈشتە ئىقتىسادىي كۈچ ـ مادارىغا، ئۆزىنىڭ ئەقلىي ۋە جىسمانىي ئەمگەك قۇۋۋىتىنى ئىقتىسادىي بايلىققا ئايلاندۇرۇشتا ئۆز ئەقلى ـ پەمىگە، بەتخەج بولماسلىقتا ئىقتىسادچانلىقىغا، ئىسراپخور بولماسلىقتا تېجەشلىكىگە، غەم ـ قايغۇنى سېتىۋالماسلىقتا ئورۇنسىز قەرزدار بولماسلىققا، باي بولۇش ئۈچۈن هەر جەهەتتىكى تۇرلۇك مەبلەغ سېلىشقا، غۇربەتچىلىك، قاقسەنەملىكتە قالماسلىق ئۈچۈن ھەشەمەتخور بولماسلىققا، ئىقتىسادىي جەهەتتە تۈيۈقسىز ۋەيران بولماسلىق ئۈچۈن تەۋەككۇلچىلىك قىلماسلىققا، قاقتى ـ سوقتى قىلىشقا ئۇچرىماسلىق ئۈچۈن تەجرىبىسى، پاراستىگە، ئىقتىسادىي هوقۇقى ۋە بارلىق هوقۇقىنى قوغداشتا دۆلەت قانۇنىغا، ئۆمۈرلۈك خاتىرجەملىككە ئېرىشىش ئۈچۈن مۇقىم كەسىپ، هۈنەر ئىگىلەشكە تايىنىدۇ.

ئادەم باشقىلار بىلەن دوست بولۇشتا ئورتاقلىقىغا، دوستلۇقنى داۋاملاشتۇرۇشتا باراۋەرلىككە، دوستىنى بىلىشتە سىناشقا، دوستىغا باها بېرىشتە ۋاقىتقا، ئارىلىق قالدۇرۇشتا ئېهتىياتچانلىققا، دوستىغا هەمدەم بولۇشتا ياخشىلىققا، ساداقىتىنى بىلدۈرۈشتە ۋاپادارلىققا، دوستىنى كەچۈرۈشتە كۆڭلىنىڭ كەڭلىكى، ئەپۇچانلىقىغا، دوستلارنى پەرقلەندۈرۈشتە كۆڭلىنىڭ يېقىن ـ يىراقلىقىغا، دوستىنى خاتا يولدىن توسۇشتا ئاگاهلاندۇرۇشقا، دوستىنى تۈيۈق يولدىن قۇتقۇزۇشتا قايىل قىلىپ توغرا يولغا باشلاشقا، دوستىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەندە هايات ـ ماماتتا بىللە بولۇشقا، دوستىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئېتىراپ قىلىشتا هەسەتخور بولماسلىققا، دوستىغا ئىشەنچ باغلاشتا گۇمانخورلۇق قىلماسلىققا، دوستىنىڭ شان ـ شەرىپىنى ئالقىشلاشتا قەلبداشلىقى، نەپەسداشلىقىغا، ئۆز يېگانىلىقى، غېرىبلىقىنى يوقىتىشتا دوستلار بىلەن جەم بولۇشقا، دوستلىرىنىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىقىشتا ئۇلار بىلەن پىكىرداشلىقىغا، دوستلىرى بەختسىزلىككە ئۇچرىغاندا هېسداشلىقىغا، دوستلارنى رەنجىتمەسلىكتە ئۇلارغا زىيادە تەلەپ قويماسلىققا، ياخشى دوستلاردىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۇلارغا يۈك بوپقالماسلىققا، ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتا دوستلارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى بىر ـ بىرىگە تىنماسلىققا، دوستلارنىڭ جېنىغا جان ئۇلاشتا ئۇلارنىڭ خۇشاللىق ـ قايغۇسىغا ئورتاقلىشىشقا، دوستلارنى رەقىبكە ئايلاندۇرۇۋالماسلىق ئۈچۈن خائىن ـ مۇناپىق بولماسلىققا، هاياتنىڭ گۈزەل، ئىللىق لەززىتىدىن بەهرىمەن بولۇش ئۈچۈن دوستلار بىلەن ئىناقلىقنى ئۇزاق مۇددەت ساقلاشقا، دوستلۇقنىڭ نىسپىيلىكى، ئۆزگىرىشچانلىقىنى ئۇنتۇماسلىق ئۈچۈن بىرەر دوستىغا زىيادە ئۈمىد باغلىماسلىققا، دوستلۇقنى قەدىرلەش ئۈچۈن دىدارلىشىش پۇرستىنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشكە، ۋاقىت سىنىقىدىن ئۆتكەن دوستلىرىغا ئەقىدە قىلىشقا، جانىجان دوستى ئۈچۈن جان پىدا قىلىشقا، ئادەتتىكى دوستلىرى ئۈچۈن تېگىشلىك ياخشىلىق قىلىشقا تايىنىدۇ.

ئادەم ياخشى كۆرۈش تۇيغۇسىنى بىلىشتە يۈرىكىنىڭ كىمگە بەك ئېغىپ كېتىۋاتقانلىقىغا، كۆڭلىدىكى ئادىمىنى قايتا ئۇچرىتىشتا سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈشكە، قارشى تەرەپكە كۆڭلىنى بىلدۈرۈشتە ئۆز جۈرئىتىگە، پىلانىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشتا هەرىكىتىگە، قارشى تەرەپنىڭ دىققىتىنى قوزغاشتا ئۆتەتەك قىزغىنلىقىغا، قارشى تەرەپنى تەسىرلەندۈرۈشتە ئىزچىل داۋاملاشقان سەممىيلىكىگە، قارشى تەرەپنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشتا ئەقىل بىلەن يۇغۇرۇلغان ئەجرىگە، قارشى تەرەپنى ئۆزىگە تولۇق قارىتىشتا سەۋرچانلىقىغا، قارشى تەرەپنىڭ بىر پۈتۈن مەيلىگە ـ كۆڭلىگە ئېرىشىشتە ئۆزىنىڭ ساداقەتمەنلىكىگە، قارشى تەرەپنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈشتە سەممىي ماختاشقا، قارشى تەرەپكە ھەقىقىي سۆيگۈ بېغىشلاشتا ئىچ ـ ئىچىدىن بېرىلىپ سۆيۈشكە، سۆيگۈنى داۋاملاشتۇرۇشتا بىر كۆزنى يۇمۇۋېلىشقا، سۆيگۈنى ئەقىدىگە كۆتۈرۈشتە ۋاقىتنىڭ سىنىشىغا، سۆيگۈنى ئۆتكۈنچى هالەتتىن قۇتقۇزۇشتا مەسئۇلىيەتچانلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشكە، قارشى تەرەپكە ئىگە بولۇشتا ئۆز مەجبۇرىيەتلىرىنى تولۇق ئورۇنداشقا، سۆيگۈنىگە بەخت ئاتا قىلىشنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشتە ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىشقا تايىنىدۇ.

ئادەم نىكاهلىنىشتا ياخشى كۆرۈش ۋە مۇۋاپىق كۆرۈشكە، ئائىلە قۇرۇشتا ئۆز مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتىنى تولۇق تونۇشقا، ئائىلە ئىناقلىقى بەرپا قىلىشتا ئۆزئارا يول قويۇشقا، خاپىلىق تارتماسلىق ئۈچۈن بىر كۆزنى يۇمۇۋېلىشنى داۋاملاشتۇرۇشقا، ئائىلىنى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىشتا پەرزەنت كۆرۈشكە، ئاتا ـ ئانىلىق مەجبۇرىيىتىنى ئۆتەشتە پەرزەنتلەرنى ئورتاق تەربىيىلەشكە، زىددىيەت ۋە تو-

قۇنۇشنى پەسەيتىشتە ئېغىر - بېسىقلىق، سوغۇققانلىققا، ئائىلىدە ئىللىقلىق بەرپا قىلىشتا ئىككى تەرەپ ئورتاق تىرىشىشقا، ئائىلىنى توغرا يول بىلەن ئالغا باستۇرۇشتا يوتقانغا قاراپ پۇت سۇنۇشقا، يەنى مادارىغا بېقىپ كۈن كەچۈرۈشكە، ئائىلىنىڭ ئىناۋىتى ئۈچۈن ئەرنىڭ باشلىقلىق (ئائىلە باشلىقلىق) ئورنىغا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزمەسلىككە، ئايالنىڭ تايانچلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئايالنى قەدىرلەشكە، چوڭلار بىلەن ئىناق ئۆتۈش ئۈچۈن ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش، ئاسراشقا، ئائىلىنىڭ مۇقىملىقىنى ئاخىرىغىچە ساقلاشتا ئالا كۆڭۈللۈك قىلماسلىق، ۋاپادارلىققا، ئائىلىنى روناق تاپقۇزۇشتا چىقىمنى كىرىمدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىككە، ئائىلە گۈزەللىكى، ئىللىقلىقى ئۈچۈن كىشىلىك ئەخلاق، ئائىلە ئەخلاقىدىكى پەدىشەپكە، ئائىلىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن مۇھىم - چوڭ ئىشلارنى ئەھمىيەتلىك قىلىشقا، ئائىلىنى جەمئىيەتتە ئىناۋەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈشكە تايىنىدۇ.

ئادەم كىشىلىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشتا ماسلىشىش ئىقتىدارىغا، مۇناسىۋەت يولىنى كېڭەيتىشتە ئالاقىلىشىش ئىمكانىيىتى، شارائىتىغا، كىشىلەر بىلەن يېقىنلىشىشتا ئوچۇق - يورۇقلۇقى، چىقىشقاقلىقىغا، كىشىلەرنىڭ كۆزىگە سىغىشتا كەمتەرلىكىگە، ساۋاقداشلىق رىشتىنى داۋاملاشتۇرۇشتا ئالاقە ئىزچىللىقىغا، تەڭتۇش - قۇرداشلار بىلەن ئورتاقلىشىشتا ئىسسىق - سوغۇقنى باشتىن تەڭ ئۆتكۈزۈشكە، خىزمەتداشلار ئارا بىرلىك - ئىتتىپاقلىقنى ساقلاشتا ھەمكارلىشىش، ئۆزئارا قوللاشقا، كەسىپداشلار بىلەن بىرلىكتە ئالغا ئىلگىرىلەشتە بىر - بىرىگە مەدەتكار بولۇپ، بىر - بىرىنى ئالغا سۈرۈشكە، ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇشتا ئېغىر يۈكنى كۆتۈرۈپ، ھەر جەھەتتىكى ياردىمىنى ئايىماسلىققا، مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇشتا ئۆزئارا پايدا - مەنپەئەت يەتكۈزۈشكە، يېڭى تونۇشلار بىلەن ئالاقە قىلىشتا دوستلارنىڭ ياردىمى، ھاۋالىسىگە، ناتونۇش كىشىلەرنىڭ ئالدىغا ھاجەتمەن بولۇپ بېرىشتا قولايلىق پەيتنى تاللاشقا، ئۆز قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشتا ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ مىننەتسىز ياردىمىگە، جەمئىيەتتە مۇناسىۋەت ئورنى شەكىللەندۈرۈشتە ئۆزىنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشتىكى يۇقىرى قابىلىيىتىگە، مۇناسىۋەتتە ئۈنۈم يارىتىشتا ھەرجەھەتتىكى پايدا بېرىش، پايدا ئېلىشنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشقا، مەھەللىداشلار، يۇرتداشلار بىلەن ئىناق - ئىجىل ئۆتۈشتە ياخشى ئەخلاقى، ئادەمگەرچىلىكىگە، جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشتا ماسلىشچانلىقىغا، ياخشى ئادەم بولۇشتا كىشىلەرنىڭ تەنقىدى، تەكلىپىگە، ئادەملىك مەسئۇلىيىتىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئۆزىگە، خەلققە، جەمئىيەتكە پايدىلىق ئىشلارنى كۆپ قىلىشقا تايىنىدۇ.

ئادەم كىچىك قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە ئۆز چارىسىگە، ئېغىر - چوڭ قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە باشقىلارنىڭ ياردەم قولىنى سۇنۇشىغا، ئۈگۈشسىزلىققا ئۇچرىغاندا ئۈمىدۋارلىقىغا، توسالغۇغا يولۇققاندا ئەقىل - پەمىگە، بېسىمغا ئۇچرىغاندا مەزمۇتلۇقى - چىدامچانلىقىغا، كۆتۆشكە تېگىشلىك ئىشلاردا سەۋرچانلىقىغا، پۇرسەت كۈتۈشتە پەيت تاللاشقا، تۆھمەتكە قالغاندا ئۆزىنىڭ ئاقلىقىغا بولغان ئىشەنچىگە، يەكلىنىپ چەتكە قېقىلغاندا يېگىچە يول تۇتۇپ ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشقا، غەم - قايغۇ، ئېغىر ئازابقا قالغاندا دىققىتىنى بۇراپ يېڭىباشتىن ئىشقا كىرىشىشكە، بەختسىزلىككە يولۇققاندا كىشىلەرنىڭ تەسەللىسىگە، ئابرۇيى تۆكۈلگەندە ئۆزىنى قايتىدىن تونۇشقا، ھاقارەت - خورلۇققا مەجبۇرلانغاندا چىش - تىرنىقىغىچە قارشىلىق كۆرسىتىشكە تايىنىدۇ.

ئادەم ئۆزىنىڭ جىمى خاملىقىنى تۈگىتىشتە تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەشكە، گۈل - سادىدا، ئەخمەق، دۆت بولماسلىقتا ئەقىل جەھەتتىن پىشىپ يېتىلىشكە، خىزمەت، تۇرمۇش، ئائىلە زەربىسىگە ئۇچرىغاندا ئۆزىنى تۈگەشتۈرۈۋالماسلىققا، تۈرلۈك چوڭ ئىشلاردا، تەقدىر بىلەن باغلىنىشلىق بولغان ئاچقۇچلۇق پەيتلەردە چوڭقۇر، ئۇزاق، ئەتراپلىق ئويلىنىشقا، كۆتۈلمىگەن كېلىشمەسلىككە ئۇچرىغاندا رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلىشقا، بارلىق يېقىنلىرىنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرۈشتە سەۋرچانلىقىغا، ھىيلىگەر كىشىلەرنىڭ قاپقىنىغا دەسسىمەسلىكتە ئۆزىنىڭ قاقۋاشلىقىغا، ئۆز ھاياتىدىن خۇلاسە چىقىرىشتا بۇرۇلۇپ كەينىگە قاراشقا، نېمىدە بەكرەك كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى بايقاشتا ئۆزىنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقىنى قايتىدىن تونۇشقا، ماختىلىش، تەنقىدلىنىش، مۇكاپاتلىنىش، جازالىنىشقا سالماق - تەمكىن مۇئامىلە قىلىشتا ئۆزىنىڭ ئادەمىيلىك جەھەتتىكى پىشىپ يېتىلىشىگە، ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئىز باسارلىرىغا مىراس قالدۇرۇشقا، ئۆلۈمگە يېقىنلاشقاندا ۋاقىت - پۇرسەتنى قەدىرلەشكە، كىشىلەرنى قايغۇرتماسلىق، ئېچىندۇرماسلىق ئۈچۈن كۆڭۈلمىسىرەشكە، مەڭگۈلۈك كۆز يۇمۇش ئالدىدا ۋەسىيەت قالدۇرۇشقا تايىنىدۇ.

ئادەمنىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزۇش چارىلىرى - قوراللىرى ناھايىتى كۆپ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغانلىرى ئۇنىڭ ئازغىنە بىر قىسمى. ھاياتلىق كونكرېت بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇتقۇزۇشنىڭ چارىلىرىمۇ كونكرېت بولىدۇ. شۇنداقلا كۆپ بولىدۇ. ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ئەڭ تار مەنىدە بىخەتەرلىك - ھايات تۇرۇشنى كاپالەتلەندۈرۈش بولسىمۇ، ياشاش نۇقتىسى جەھەتتە ئۆزىنى قۇتقۇزۇشنىڭ مەنىسى كەڭ ۋە كۆپ قاتلاملىق بولىدۇ. چىن ئادەمدەك ھەقىقىي ياشاشنى، ياخشى ياشاشنى، مۇۋەپپەقىيەتلىك ياشاشنى، ئۇلۇغ تۆھپىگە ئىگە ئەھمىيەتلىك، بۈيۈك ياشاشنى، تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئالالايدىغان بولۇپ ياشاشنى قۇتقۇزۇپ قېلىش قۇتقۇزۇشنىڭ مەنە قاتلاملىرىدۇر.


ئادەم ئۆزىنى تولۇق تونۇسا ئەڭ قۇدرەتلىك، ئۆزىنى قىلچە تونۇمىسا ئەڭ ئاجىز مەخلۇقتۇر. ئادەمنىڭ قۇدرىتى، تەڭداشسىزلىقى، خاسىيىتى، كارامىتى باشقا يەردە ئەمەس، ئۆزىدە. ئادەمدە ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن بولغان چەكسىز كۈچ بار. ئادەمگە ئايان ۋە ئايان بولمىغان، ئادەم پايدىلانغان ۋە پايدىلانمىغان ھەربىر چارە - قورال بىر پۈتۈنلۈكنى - ئاشۇ چەكسىز قۇدرەتنى ھاسىل قىلىدۇ. ئادەم تۇغۇلۇپ قىرانلىقىغا يەتكۈچە ۋە تولۇق پىشىپ يېتىلگىچە قۇدرىتىمۇ تولۇپ - مۇكەممەللىشىپ بارىدۇ. ئادەم ئۆزى قۇدرەت ئىگىسى. بۇنى بىلمەي غايىبتىن ياكى باشقىلاردىن ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشنى كۈتۈپ ئولتۇرۇش بەختسىزلىك بوپقالماستىن، ئۆزىنىڭ باشقىلار بىلەن ھەممە جەھەتتە ئوپئوخشاش ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكتۇر. ئادەم تايىنىدىغان كونكرېت چارىلەرنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنىشى، ئادەمنىڭ ئۆزىگە ئۆزى كونكرېت تايىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى ئەسكەرتىپ قويۇش، ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈندۇر. ئۆز قۇدرىتى، ئۆز چارىسى بولغان قوراللىرىدىن تولۇق پايدىلىنالىغان، ياشاشتا قىلچە كەتكۈزۈپ قويمىغان بىرمۇ ئادەم بولمىسا كېرەك. لېكىن بىز ھاياتتا كەتكۈزۈپ قويۇشنى قىلچە ئارزۇ قىلمايمىز. ئۆزىگە كونكرېت تايىنىشنى كونكرېت ئويلىشىپ كۆرۈش ئەقىل دەرۋازىسىنى ئاچىدۇ. كېيىنكى قەدەم ھەربىر ئادەمنىڭ قانداق بېسىشىغا باغلىق.

2003 - يىل ئىيۇلدا يېزىلدى

2005 - يىل ئاۋغۇستا تۈزىتىلدى

---

ئاپتور: بۇگۇر ناھىيە مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش - قوغداش ئورنىنىڭ خادىمى



# ۋىجدان مۇھاكىمىسىدىن ئىككى يازما

ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى

## ئۆزىنى قەدىرلىمىگەن قەدىرسىز قالۇر

يازنىڭ تىنىم تاپقۇزماس ئىش ـ ئەمگىكى ۋە ئۆيۈمدىكى بەش جاننىڭ تىرىكچىلىك غېمى بىلەن ئانچە ـ مۇنچە كالتە ئويلارنى ئويلاش ۋە قەغەزگە چىچىشقا پۇرسەت بولمىدى. ئاز ـ تولا پۇرسەت بوپقالسىمۇ، ئەمدىلا ئولتۇرسام يىغلىغان بالا، مۆرىگەن كالا، ھاڭرىغان ئېشەك، «كېسىلى تۇتقان» مەھەللە باشلىقى، زۇۋانى بېسقماس رادىئو كارنىيى ۋە يەنە ئالللىقانداق بىر ئىشلار مېڭەمنى قوچۇپ، يازغانلىرىم يېرىم ـ يارتا تاشلىنىپ قېلىۋەردى. كۆڭگەن خۇينى تاشلىماق تەس بولغىنىدەك، ئاندا ـ ساندا قەغەز چىچىۋالمىسام ھاردۇقۇم چىقمايدىغان بوپقاپتىمەن. شۇڭا قولۇم سەل سوۋۇپ، ۋاقت بوپقالغاندا، ئويلىغانلىرىمنى قۇرداشلىرىم بىلەن ھەمسۆھبەتكە سالغۇم كەلدى.

يېقىنقى بىر كۈنى يېزا بازىرىمىزدا بىر قانچە تونۇشۇم بىلەن بىرگە تۇراتتۇق، يېنىمىزدىلا تۇرغان بىر ئەلەس كۆز كىراكەش بۇرادەر يانفون بىلەن بىرسىگە تېلېفون بېرىشكە باشلىدى. بۇرادىرىمىز چېڭقىلىپ سۆزلىگەچكە، ھەممىمىزنىڭ دىققىتى شۇ ياققا بۇرۇلدى.

ـ ھە، ھە... ئاشۇ دېيەنىشىدە گۇگگو (گۇاڭگاۋ ـ ئېلان دېمەكچى بولسا كېرەك) قىلغان جىيۇدىن بىر قۇتا ئالغاچ كېلە. ئەكېلىپلا ماڭا تېلېفون قىۋەت. نومۇرۇمنى؟ ھە يازە، يۇسەن با، جۇجۇ يو... جۇ ـ جۇ ـ يو!... ياق! ئىككى جۇ... ۋەي ـ ۋەي...ۋەي، توققۇز، توققۇز، بىر دەيمەن. قانداق كالاڭپاي ئاداش بۇ...

بۇرادەر ئاشۇنداق چېچىلغانچە قارشى تەرەپكە ئۆز گېپىنى ئۆزى تەرجىمە قىلىپ، ئۇزاق سۆزلىشىپ بولۇپ يانفوننى ئەتتى. گېپىنى ئۇقتۇرالماي تولا چېچىلغىنىدىن گورەن تومۇرلىرى كۆپۈپ چىققانىدى.

ـ قارىغاندا، دۇكانچى ئۇيغۇرچە بىلىدىغان خەنزۇدەك قىلىدۇ. مۇنچە قىينالغۇچە ئۇيغۇرچىلا دېسەڭ بولمامدۇ؟ ـ دېدىم ئۇنىڭغا.

ـ دۇكانچى ئەمەس، ھېلىقى قۇۋان قىزنىق شەھەرگە كىرىپ كەتكەن. شۇنىڭغا نەرسە بۇيرۇتسام تېلېفون نومۇرۇمنى يازالماي...

ـ ھە، سارت ئاكام بولسا مۇنچە قىينىلىشىڭنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئۆزۈڭ جايلاپ دېيەلمىگەن گەپنى ئۇ قانداق بىلىدۇ؟

ـ نېمىنى دېيەلمەپتىمەن؟ ـ بۇ بۇرادەر سەل تېرىكتى. مىجەزىم شۇنداق بولغاندىكىن ئۇتتۇرلا چىشىغا تەگدىم:

ـ نېمە ئۇ «گۇگگو» دېگىنىڭ؟ دېيەلمىگەن نېمەڭگە خەقنىڭ بىر ئوبدان تىلىنى بۇزغىچە «ئېلاندا بەرگەن نەرسىنى» دېسەڭ ياخشى ئەمەسمۇ؟

بۇ بۇرادەرنىڭ خېلى ئاچچىقى كەلدى بولغاي. چۈنكى ئۇ 5 ـ سىنىپقىچىمۇ تۈزۈك ئوقۇمىغان چالا ساۋات ئاغىينە ئىدى. شۇڭا:

ـ ھە، سەن بەك بىلسەن، مەن سەندەك بىلمەيمەن! ـ دېدى تېرىكىپ.

ـ مەنمۇ بىلمەيمەن، ـ دېدىم كۈلۈپ تۇرۇپ، ـ بىراق خەقنىڭ تىلىنى قالايمىقان بۇزمايمەن. قۇيماقتەك يۇمشاق تىلىڭدا سۆزلىسەڭ، ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ تەرجىمانلىق قىلمايتتىڭ. بىكار ۋاقت ئىسراپ قىلىپ نەچچە موچەننى ئارتۇق تۆلىدىڭ مانا.

ئۇ ئەمدى رەسمىي تېرىكتى:

ـ تۆلىسەم ئۆزۈمنىڭ پۇلى!

ـ ئىككى موچەنمۇ تايىنلىق پۇل، ئاداش. قەدىرلەنمىگەن تىلىڭمۇ ئۆزۈڭنىڭ ئىدى!

يېنىمدا تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى سۆزۈمنى قۇۋۋەتلەشتى.

بۇنداق كۈلكىلىك ئىش ناھايىتى تولا. ئوخشاش تىللىق ئىككى تەرەپ تېلېفوندا سۆزلەشسە نومۇرلىرىنى قوش تىلدا ئېيتىشىدۇ، بىراق تەلەپپۇزنى توغرا قىلالماي، ئۆزىگە ئۆزى تىلماچلىق قىلىپ كۈلكىگە ۋە ئوڭايسىز ئەھۋالغا قالىدۇ.

تىل ئۆگىنىش تىرىشچانلىق، باشقىلارنىڭ تىلىنى بۇزۇپ

## خەلق ۋەكىلىدىن سادا

سۆزلەش ـ ھۆرمەتسىزلىك، ئۆز تىلىنى قەدىرلىمەسلىك بولسا، يۈزسىزلىك! ھەممە تائىپىنىڭ تىلى ئۆزى ئۈچۈن مۇقەددەس. مۇقەددەس تىلنى قالايمىقان بۇزۇپ سۆزلىمەڭ. باشقىلارنىڭ مۇقەددەس تىلىنى بۇزسىڭىز مەدەنىيەتسىزلىك بولىدۇ، ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ. شۇڭا بۇزماي سۆزلەيدىغان بولۇشنى ئۆگىنىڭكى، ئۆزىڭىزنىڭ مۇقەددەس تىلىڭىزنى ھەم قەدىرسىز قىلىپ تاشلىۋەتمەڭ. ئۇ سىزگە نۇرغۇن قولايلىقنى ئاتا قىلىپ، ئارتۇقچە ئاۋارىچىلىكتىن ساقلايدۇ. ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنى، ئۆزىڭىزنىڭ مۇقەددەس تىلىڭىزنى قەدىرلىگەن بولسىڭىز، باشقىلارنىڭ مۇقەددەس تىلىنى بۇزمىغان، قەدىرلىگەن بولاتتىڭىز. زۆرۈرىيىتى بولمىغان ئەھۋالدا باشقىلارنىڭ تىلىنى قالايمىقان بۇزۇپ ئىشلەتسىڭىز، مۇقەددەس تىلنىڭ ئىگىسى سىزنىڭ ھۆرمەتسىزلىكىڭىزدىن خاپا بولۇپ، مەدەنىيەتسىزلىكىڭىزگە كۈلىدۇ، سىزنى كۆزگە ئىلمايدۇ، شۇنداقلا مۇقەددەس تىلىڭىزنىمۇ كۆزگە ئىلمايدۇ! ئەگەر ئۆزىڭىزنى سۆيسىڭىز، مۇقەددەس تىلىڭىزنى قەدىرلەپ بىرىنچى ئورۇنغا قويالىسىڭىز، باشقىلارمۇ سىزنى ۋە مۇقەددەس تىلىڭىزنى ھۆرمەتلەيدۇ، ئۆزىڭىزنى قەدىرلىمىسىڭىز قەدىرسىز قالىسىز، بۇ ئەقەللىي چىنلىق.

يېزىپ بۇ يەرگە كەلگىنىمدە، خىيالىمغا 2001 ـ يىلى ياز ئېيىدا گۈزەل ئىلىنىڭ موڭغۇلكۈرە يايلاقلىرىدا كۆرگىنىم ئېسىمگە كەلدى. شۇ يىلى «‹شىنجاڭ قىرغىز ئەدەبىياتى› ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى مۇبارەكلەش بويىچە ئىلمىي مۇھاكىمىسى يىغىنى» موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ شوتا قىرغىز مىللىي يېزىسىدا ئېچىلغانىدى. مىللىي يېزىنىڭ شۇ چاغدىكى پارتكوم سېكرېتارى قازاق ۋە قىرغىز تىللىرىنى ياخشى بىلگەن خەنزۇ يىگىتى ئىكەن. قىنىنى قىنىغا كەلتۈرۈپ سۆزلىگىنىدە ھەيران قالغانىمىز.

ـ يەرلىك خەلقنىڭ تىلىنى شۇنداق ياخشى بىلىدىكەنسىز، مەخسۇس تەربىيە كۆرگەنمۇ؟ ـ دەپ سورىساق، ـ ياق، پەقەتلا يەرلىك ئاۋامنىڭ تەربىيىسىنى كۆردۈم. ھۆكۈمەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىللىرىنى ھۆرمەتلەپ، قوغداپ ساقلاۋاتسا، بىز بىلمەيمىز، دەپ نەگە بارساق تەرجىمان ئەگەشتۈرۈپ ئالاھىدە بولۇۋالساق، خەلق بىزنى ھۆرمەتلەمدۇ؟ بىرگە ئىشلەپ، بىرگە ياشىغان پۇقرالارنىڭ تىلىنى ئۆگەنمەي قانداق خىزمەت قىلغىلى بولىدۇ، ـ دېگەنىدى. ھەتتا شۇ يەرلىك خەنزۇ پۇقرالار، موڭغۇل ۋە شىبە پۇقرالارمۇ يەرلىك قازاق ـ قىرغىزلارنىڭ تىلىنى ئوبدان بىلىدىكەن. دېمەك، يەرلىك كىشىلەر ئۆز تىلىنى مۇقەددەس بىلىپ، ئۆزىنى قەدىرلىگەچكە، باشقىلارمۇ ئۇلارنىڭ مۇقەددەس تىلىنى ھۆرمەتلەپ ئۆگىنىپتۇ.

ئىلگىرى يېزىمىزدا چوڭ يىغىن ئېچىلسا، يىغىندا قىلىنغان سۆزلەر شۇنداق يېقىملىق ئاڭلىناتتىكى، باشلىقلارنىڭ سۆزلىرى تەرجىمە قىلىنسا ماقال ـ تەمسىل، ئىدىيوم سۆزلەر، تۇراقلىق سۆز ـ ئىبارىلەر جايى ـ جايىغا چۈشۈپ، يەرلىك زاغرا تىل بىلەن يىغىن قىزىغىن، قاينام ـ تاشقىن كەيپىيات ئىچىدە ئېچىلاتتى. بولۇپمۇ 1990 ـ يىللاردا شۇنداق ئىدى. باشلىقلار خەلققە ھەقىقىي يېقىنلىشىشنىڭ بەلگىسىنى تىلدىن ئىزدەيتتى. ھازىرقى خىزمەتلەر شۇ چاغدىمۇ بار ئىدى. باشلىقلار پۇقرالار بىلەن ئېتىز ـ ئېرىق قىرلىرىدا مۇڭدىشىپ تىل ئۆگىنەتتى، پۇقرالارمۇ ئۆز كۆڭلىدىكىنى تارتىنماي ـ قورۇنماي بىۋاسىتە ئېيتالايتتى. ئىشقىلىپ، ئىككى تەرەپ ئۆز ھالىغا يارىشا تىل ھاجىتىدىن چىقالايدىغان بىر خىل يېقىملىق كەيپىيات مەۋجۇت ئىدى.

ئەمدى نېمىشقىكىن، بەزى باشلىقلار ئالدىراش بوپكەتتى. دېھقانلار بىلەن ئۇزاق بىرگە تۇرۇشقا ۋاقىت چىقىرالمىغاچقىمۇ ياكى تاڭ يەرلىكنىڭ تىلىنى بىلىپ كەتمەيدىغان، ئېتىز باشلىرىدا دېھقانلارغا ئىشلەپچىقىرىش توغرىسىدا سۆزلىسە، تەرجىمانلار تېلېۋىزىيىنىڭ ئاۋاز ئارتىسلىرىدەك ئاھاڭمۇئاھاڭ كەلتۈرۈپ، مەكتەپتە ئۆگەنگەن تەرجىمە پرىنسىپلىرى بويىچە سۆزلەپ ـ سۆزلۈۋېتىپ كېتىپ قېلىشىدۇ. يەرلىك ئويناق ـ يېقىملىق تىللارغا ماسلاشمىغان ۋەزنى ئېغىر تەرجىمىلەرنى دېھقانلار چۈشەنمەيدۇ. بەزى يىغىنلارمۇ تۈزدىن ـ تۈز ئوقۇلغان ئۆلۈك تەرجىمىلەر، سالمىقى ئېغىر سۆزلەر بىلەن جىمجىت، سۆرلۈك ئېچىلىدىغان بولدى. ئۆزئارا تىل ئۆگىنىش ئانچە زۆرۈر، دەپ قارالمايدىغان، باشلىقلارمۇ نەگە بارسا تەرجىماننى ئەگەشتۈرۈپ (خۇددى ئارقىسىدا تەرجىمان بولمىسا، بىركىم باشلىق دېمەيدىغاندەك) يۈرۈش مودىغا ئايلاندى. باشلىقنىڭ سايىسىغا ئايلانغان، باشلىقتىن سېمىز تەرجىمانلار بار بولغاندىن كېيىن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا تىل جەھەتتە بىھاجەتلىك شەكىللىنىپ، يا سېنىڭكىنى مەن بىلمىگەن، يا مېنىڭكىنى سەن بىلمىگەن ئاڭقاۋ ـ دۇدۇقلۇق ئورۇن ئېلىپ، تىل پەرقىدىن دىل پەرقى ئۇزىراپ كېتىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ تىلىڭىزنى ئۆزىڭىز قەدىرلىمەي، باشتا مۇئەللىپ كۆرگەن يانفون ۋەقەسىدەك ئاتىكاچا ـ كۈلكىلىك ئەھۋاللار كۆپەيدى.

دۆلەتنىڭ «قوش تىل» سىياسىتىنى يولغا قويۇشى تولىمۇ ئاقىلانىلىك. دېمىسىمۇ ھەرقايسى يەرلىك پۇقرالار ئۆز دۆلىتىنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت، سىياسىي ـ ئىجتىمائىي كۆۋرۈكى بولغان مۇقەددەس دۆلەت تىلىنى ئۆگىنىشى زۆرۈر. شۇنداقلا ھەرقايسى يەرلىك ئورۇنلاردا خىزمەت ئۆتەۋاتقان باشقا مىللەت كىشىلىرىمۇ ئۆزىگە مائاش، نان ـ ئاش، مەنسەپ ـ ئاتاق بېرىپ ھۆرمەتلەۋاتقان يەرلىك پۇقرالارنىڭ تىلىنى ئۆگىنىشى زۆرۈر. بۇ ھەقتە ماۋزېدۇڭ، دېڭ شياۋپىڭ، جياڭ زېمىن قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرى ئۆز نۆۋەتلىرىدە قايتا ـ قايتا تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ھېلىھەم بولسىمۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىللىرىنى ئۆگىنىش تەشەببۇسى ئەمەلدىن قالغىنى يوق. بۇ، دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن ـ سىياسەتلىرىنىڭ ئادىللىقىنى، ھەممىگە تەڭ كۆزدە قارايدىغانلىقىنى، ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى قەدىرلەشنى تەشەببۇس قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

تىل دېگەن مۇھىم ۋاسىتە. دىلنى چۈشىنىش ئۈچۈن تىلنى چۈشىنىش كېرەك. سىز باشقىلارنىڭ تىلىنى چۈشەنمىگەن ئىكەنسىز، دىلىنى چۈشەنمىگەن بولىسىز. دىلىنى چۈشەنمىگەندىن كېيىن ئۇنى ھۆرمەتلىمىگەن بولىسىز، ئەلۋەتتە. باشقىلار سىزنىڭ تىلىڭىزنى چۈشەنمىسە، ئوخشاشلا سىزنىڭ دىلىڭىزنى ھەم قەتئىي چۈشەنمىگەن بولىدۇ. ئۇ ھالدا سىزنى ھەرگىز ھۆرمەتلىمىگەن بولىدۇ. شۇڭا، دۆلىتىمىز ئۆزئارا تىل ئۆگىنىش ـ «قوش تىل» سىياسىتىنى يولغا قويغان. ئۇ ھەرگىز بىرلا تەرەپنىڭ پەرزى ياكى يەنە بىرلا تەرەپنىڭ قەرزى ئەمەس.

«ئۆزىنى قەدىرلىمىگەن قەدىرسىز قالۇر» دەيدۇ دانىشمەن

خەلقىمىز. باشقىلارنى ھۆرمەتلەش ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى ھۆرمەتلەشنى بىلىڭ، ئۆزگىنى قەدىرلەش ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى قەدىرلەڭ. «ئۆزىنى بىلمىگەن ئۆزگىنى بىلمەس» دېگەن ماقال بىزنىڭ يۇقىرىقى مۇھاكىمە ـ ئوبىلىرىمىزغا دەلىل بولالايدۇ.

# لاي سۇدىن چاچرىغان چەشمە

### ـ ئۇيغۇر قىزى دىلئارام قۇربانغا سالام خەت

ئەسسالامۇئەلەيكۇم سىڭلىم دىلئارام، تىنچ ـ ئامانمۇسىز.

كۆتمىگەن يەردىن بۇ ئوچۇق سالام خەتنى ئوقۇغىنىڭىزدا سىل ھەيرانلىق ھېس قىلارسىز. شۇنداقتىمۇ «چوڭغا ھۆرمەت، كىچىككە ئىززەت» دېگەندەك، كامالىي ئىلمىدە ئەرزىمەس دېھقان بولسامۇ، ياشتا سىزگە ئاغا قاتارى بولغىنىم ئۈچۈن ئىكرامىي ـ ئىززەت بىلەن يېزىلغان بۇ سالىمىمنى ئىلىك ئالىدىغانلىقىڭىزغا تاغدەك ئىشىنىپ ئولتۇرۇۋېتىمەن!

مەن سىزگە ئوخشاش ئەقلى ئويغاق، ئوچۇق پىكىرلىك تىرىشچان سىڭلىمىزنى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ جۇلالىق بەتلىرىدىن ئورۇن ئالغان «سارىس ۋە بىز»، «قەدىمىي شەھەردە ئويلىغانلىرىم»، «سىلەرگە خەت»، «سېرىق ئۆگۈز ۋادىسىدىكى نەۋرۇز شەيدالىرى» قاتارلىق بىر قانچە تاتلىق يازمىڭىز بىلەن يىراقتىن تونۇدۇم. كەمىنە ئاغىڭىز يوللىرىدىن ئوششۇقچە توپا پۇرقىراپ تۇرىدىغان، سەللا شامال چىقسا ھەممە ياقنى توپىغا كۆمۈۋېتىدىغان ئالقانچىلىك مەھەللىمىزدىن ئۆزگە يۇرت، شەھەر ـ قوۋۇقلارنى كۆرۈپ باقمىغان سادىدا قىرغىز دېھقانىمەن. كۆندە كۆرۈپ تۇرىدىغىنىم: ئىشتان كىيمەيدىغان سەھرا باللىرىنىڭ مەينەت ـ سادىدا تۇرقى بىلەن دۆۋە توپىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇۋېلىپ ۋىڭىلدىتىپ چالما ئېتىشىپ «ھەربىي ـ دۈشمەن» ئويۇنى ئوينىغاندىكى شوخ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭى؛ كەڭ ـ تاغاردەك كۆڭلەكلىرىنى كىيىشىپ كىچىك ئېقىنغا سۇغا چىقىشقان سىز دېمەتلىك يېزا قىزلىرىنىڭ سادىدا كۆرۈنۈشى؛ يېشى 90 دىن ئېشىپ كەتكەن چاڭگا ساقال بوۋايلارنىڭ سىز ـ بىز كۆتۈرۈپ بولالمىغۇدەك ئېغىر ئۆتۈكلىرىنى گۈلۈپىشتىپ دەسسەپ، جاڭگالدىن ئوتۇن ئېلىپ چىقىشلىرى؛ ھېچقانداق گىرادۇسلۇق كۆزەينەكلەرنىڭ ياردىمىسىزلا ئىنچىكە يىڭنىگە يىپ ئۆتكۈزۈشۈپ ياماق ياماشىپ ئولتۇرىدىغان ئەسىر يېشىغا تاقىغان دۈمچەك موماي‌لار؛ ھويلىسىدىكى سېرىق ئاپتاپتا مۈگداشقاچ قېينانىسىنىڭ چېچىنى تاراپ قويۇشۇۋاتقان سەھرا كېلىنلىرى؛ چاقىدىن شوتىسى يوغان، شوتىسىدىن ئېشكى كىچىك مىسلداپ ماڭغان ئېشەك ھارۋىلىرى بىلەن مىدىرىشىپ يۈرگەن دېھقان خەقلىرىنىڭ ئاپتاپتا كۆيۈپ ـ قارىداپ، چىشى ۋە كۆز ئېقىدىن باشقا ھەممە يېرى قاپقارا كۆرۈنىدىغان، ئۇ ئاي ـ بۇ ئاي تىغ كۆرمىگەن قومۇشتەك يىرىك ساقاللىق يۈزلىرىنى تەمرەتكە بېسىپ، كۆز جىيەكلىرىنى چاپاق ۋە قىزىللىق باسقان ـ قارىماققا تولىمۇ خۇنۇك ۋە سەت كۆرۈنىدىغان، بىراق ئۆچ ياشلىق نارەسىدە بالىدەك تولىمۇ سەبىي مىجەز سادىدا ھالىتى؛ قاراڭغۇ تۈنلەردە ئېتىزغا سۇ ئاچقان يەردە ئايغىنىڭ بىر يېيى پاتقاققا پېتىپ يوقىلىپ، بىر پاي ئاياغ بىلەن دىڭگوسلاپ سۇ ياقىلاپ يۈرگەن كەمىنە ئاغىڭىز... قاتارلىق سەھرا تۇرمۇشلىرى، خالاس. سىز قالدۇرغان ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقىڭىزغا خەت سالغۇدەك يېڭى تېخنىكا بىزنىڭ بۇ چەت سەھراغا ھازىرچە نېسىپ بولغىنى يوق. بولغىنى ـ دائىملا سوپىكىنىڭ ۋاتاقشىپ تۇرۇشى نېرى بولمايدىغان چوڭ يولنىڭ بويىدىكى ئەبجەق تېلېفون بوتكىسىلا، خالاس. شۇڭا كۆڭلۈم تارتىپ ئورتاقلىشاي دېگەن ئويلىرىمنى ئوچۇق خەت سۈپىتىدە بىزلەرنى دىدارسىز تونۇش قىلغان مەزكۇر ژۇرنالغا ئەۋەتكەنىدىم. ئەپسۇس، ئادرېس يېزىشتىكى كىچىككىنە سەۋەنلىك تۈپەيلى، بۇ يازمام باشقا ۋىلايەتلەرنى قىدىرىپ «ئېكسپېدىتسىيە قىلىپ» ئۇزاق مەزگىلدىن كېيىن قايتا قولۇمغا تەگدى (بۇ تازىمۇ كۆلكىلىك ئىش بولدى!) ئەمدىلىكتە ئادرېسلارنى رۇسلاپ تۇرۇپ قايتا يوللاۋاتىمەن. ۋاقىپلانغايسىز!

سىڭلىم دىلئارام: «ئەنئەنە» ۋە «خاسلىقنى ساقلاش» توغرىسىدىكى تىرەن ئويلىرىڭىزنى ئوقۇۋاتقىنىمدا، كۆپ ئۆكۈنچلىك ئويلارغا تولغانىدىم. سەۋەبى، سىز تولىمۇ ئارمان قىلغان قىرىق كاكۇللۇق سۇمبۇل چاچلارنى ئەسلىي سىزلەر قوغدار ئىدىڭىزلار. ئاراپ ـ ساقلار ئىدىڭىزلار. مۇشۇ كەمدە ئالىي ئوقۇل (ئۇنىۋېرسىتېت)لاردا ئوقۇۋاتقان بەزى زاماندىشلىرىڭىز چاچلارنى كېسىپ، تۇرلۈك بوياقتا رەڭلىمىسە، بىركىم ستۇدېنت ئەمەسكەن، دەيدىغاندەك يات ـ غەلىتە سالاپەتنى ئۆزلىرىگە سالاھىيەت قىلىۋېلىشتى. بىزلەر (ئاتا ـ ئانا، ئاغا ـ ھەدىلەر) سىزگە ئوخشاش سىڭىللىرىمىزنى ئوقۇپ، كۆپ نەرسىنى بىلىپ كەلسىكەن، دەپ يىراق جايلارغا مۇساپىر قىلىپ يولغا سالىمىز. كانكول ـ تەتىللەردە قارىساق ئەمەسلا بىركىم بوپكەلسەڭلار ياقىلىرىنى چىشلەپ، ئازابلىق ئۇھسىنغان ئاتا ـ ئانىلار نۇرغۇن. بىراق ئۇلار باللىرىم يىراق جايلاردا بىلىم ئېلىپ قالتىس ئادەم بوپكەتتى، دەپ سۆيۈنۈپ، كۆڭلىڭىزلەرگە ئازار بەرگۈسى كەلمەيدۇ. ئاشۇ بىلىملىك ئىنى ـ سىڭىللىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى شۇنىمۇ ھېس قىلالمايدۇ. ئەكسىچە، مەن مۇشۇنداق يۈرمىسەم، باشقىلار مېنى ستۇدېنت دېمەيدۇ، دەپ كۈندىن ـ كۈنگە غەلىتىلىشىپ بارىدۇ.

نۆۋەتتە كەلگەندە شۇنىمۇ قىستۇرۇپ كېتەي: مەنمۇ سىزگە ئوخشاش «ئەنئەنە ـ خاسلىق»نىڭ ئارمان قىلغۇچىسى (ھەتتا جاھىلراقمەن). مەھەللىمىزدە، بازارلاردا، توي ـ ئاشلاردا ئالدىدىن يىرىق ئېچىلغان يۇمشاق تۇيۇق قالپاقنى قىزغىرنىڭ جانلىق سىمۋولى، مەۋجۇدلۇقىنىڭ بەلگىسى، دەپ كىيىۋالسام، گاھى تەڭتۇشلىرىم نېمە دەيدۇ دېمەمسىز؟ «قوي ئارىسغا ئۆچكە كىرىۋالغاندەك غەلىتە بوپقالدىڭكەن». ئاشۇلارنىڭ بېشىغا قارىسىڭىز، ماڭلاي تەرىپىگە «✓» بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن مۇشۇك پوقى رەڭ پوسما. ئەجەبا ئۇلارنىڭ كىيىۋالغان بىر نېمىسى غەلىتە ئەمەسمىكەن دەيمەنا؟ مېنىڭ بېشىمغا قالپاق كىيىشىم كۆرگەنلا يەردە قىزىق تېما، قىزىق پاراڭنىڭ مەركىزى بوپقالغىلى تۇرۇپتۇ. دەگسەپ ئويلىسىڭىز، بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق تراگېدىيە بولامدۇ؟ ئىلمىيلىك نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، قىرغىزنىڭ ئاق قالپىقى يۇمشاق تۇيۇت، قوزا يۇڭىدىن ئىشلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ھېچقانداق سۈنئىي ـ بىرىكمە تالا يوق. قولدا ئىشلىنىدۇ. باشقا يۇمشاق، سىلىق كىيىلىدۇ. تەبىئىي يۇڭ ـ تۇيۇت يازدا سالقىن، قىشتا

ئىسسىق بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. ھەر خىل باش ئاغرىقىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئەمما ئىلمىيلىك تەرغىب قىلىنىدىغان ئىلمىي جاھاندا ياشاۋاتقان زاماندىشلىرىمىزنىڭ كۆز قارىشى بايامقىدەك! ئەسلىي ئاشۇ زاماندىشلىرىم ۋە كەمىنە ئافىگىز سىز سېغىنغان «نەقىشلىك دوپپا - تۇماقلار، شاھانە تون - سەرۋاپايلار»نى سالاپەتلىك كىيىپ يۈرەلىگەن بولساق، سىزلەردەك قېرىنداش - سىڭىللىرىمىزمۇ بىز سېغىنغان قىرىق كاكۇللۇق سۇمبۇل چاچلىرىڭىزلار بىلەن، توز قانىتىدەك جۇلا چاچقان ئۇزۇن كۆڭلىكىڭىزلار بىلەن، خەقلەر يىگىنە ئىزىنىمۇ ساناپ بولالمايدىغان ئوتقاشتەك گۈل كەشتە دوپپىلىرىڭىزلار بىلەن چېھرىڭىزلار نۇرلىنىپ يۈرەر ئىدىڭىزلەر. ئەپسۇس، تولىمۇ ئەپسۇس، بۇلار سىز ئېيتقاندەك تارىخىي قىممىتىنى يوقىتىپ قويماستىن، بەلكى ئۆزلىرىمىز «خالىسانە» يوقىتىپ بېرىۋاتماقتىمىز!

جانلىق ئىككى مىسال كەلتۈرەي:

بىرىنچىسى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيىسى 2 - يۈرۈش قانىلىنىڭ «تەڭرىتاغ گۈلزارى» پروگراممىسىدا مۇنىرە غوپۇر ھەدىمىز مەلۇم بىر ئارتىسنى زىيارەت قىلغاندا، ھېلىقى ئارتىس ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى چەت ئەلدە ئورۇندىغاندا، چەت ئەللىكلەرنى ھەيران قالدۇرغانلىقىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «مەلۇم دۆلەتكە بارغاندا، سەھنىگە چىقىشتىن بۇرۇن چاچلىرىمىزنى سىلىپ تەييار بولۇپ، شۇنداق ئوينىساق، چەت ئەللىك دېگەن ھاڭ - تاڭ قالدى. سەھنىدىن چۈشكەندە ئۇلار ئەتراپىمىزغا ئولىشىپ چاچلىرىمىزنى تۇتۇپ بېقىشىپ بەكمۇ ھەيران قېلىشتى...» مانا، ئاددىيسى ئارتىسلىرىمىزمۇ چەت ئەللىكلەرنى ئۆزىنىڭ تەبىئىي ئۇزۇن چېچى بىلەن ئەمەس، سىلىپ ئۇلىغان يالغان چاچلار بىلەن ھەيران قالدۇرۇپتۇ! بولمىسا، چاچ دېگەن باشقا يارالغان، باشتا تۇرمامدۇ، دەڭە. يا ئۇ قول سائەت بولمىسا، ئېلىپ - تاقىغىلى (زىيارەت قىلىنىۋاتقان ھېلىقى ئارتىسىمىزنىڭ زىيارەت مىنۇتلىرىدا دولىسىغىمۇ چۈشمىگەن كالتە چېچى بار ئىدى). بۇنىڭدىن بىزنىڭ ئۆزىمىز خالاپ تۇرۇپ مۇزېيدىكى تىرىك ئاسارئەتىقە بولۇپ بەرگىنىمىز، تارىخقا ئۆز ھەيكىلىمىزنى ياساپ بېرىۋاتقىنىمىز چىقىپ تۇرىدۇ.

ئىككىنچىسى، 2001 - يىلى ئۈرۈمچىدە قىرغىزلارنىڭ تاللانغان ئارتىسلىرى نەۋرۇزنى قۇتلۇقلاپ ئۆتكۈزگەن سەنئەت كېچىلىكى ئېلىنغان VCD تەخسىسىنى كۆرگىنىم بولدى. مەن ئىنتايىن چوقۇنىدىغان، غايىۋى ھۆرمىتىم زور بولغان بىر شۆھرەتلىك ناخشىچىمىز كېچىلىككە رىياسەتچىلىك قىلغانىكەن. ئۇنىڭ بېشىدىن - پۇتىغىچە پۈركەنگەن مىللىي ئەنئەنىۋى لىباسلار، ساغرىسىغا چۈشكەن ئۇزۇن، تال - تال ئۆرۈمە چاچلار قىرغىز قىز - ئاياللىرىنىڭ پەرىشتىدەك ھۆسنىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. رىياسەتچىلىك تالانتىغا خوپ ياراشقان بۇ قىياپەت كېچىلىكنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشقانىدى. بىراق ئويلىمىغان يەردىن كېچىلىك يېرىملاشقاندا رىياسەتچى ھەدىمىز كىيىم ئۆزگەرتىپ ئۆزى بىر ناخشا ئورۇندىدى. قارىسام، كۆڭلۈمنى پۇق قىلغان كۆرۈنۈش - ھەدىمىزنىڭ بېشىدا تېخى بايىلا كۆرگەن مىسلى مەختۇمسۇلانىڭ سۇمبۇل - سۇمبۇل ئۆرۈمە چاچلىرى يوق! غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا يەلپۈنۈپ تۇرغان مودا چاچ تۇراتتى. ناخشىسىنىڭ سېھرىي كۈچىدىن تەۋرىنىۋاتساممۇ، كۆڭلۈم چۈشۈن يەۋالغاندەك بىر قىسما بولۇپ، ھېلىقى ھەدىمىزگە بولغان يۈكسەك - زور ھۆرمىتىمگە كۆلەڭگۈ چۈشۈپ قالغاندەك بولدى.

بۇنداق مىساللار دېگەن ساماندەك. بىر قېتىم مەلۇم بىر ئەدىبنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى قۇتلۇقلاش ئۈچۈن يىغىلغان زىيالىي - ئوقۇمۇشلۇقلار ھېلىقى ئەدىبنىڭ: «تۇغۇلغان كۈنۈمنى بىزچە ئۆتكۈزەيلى. خاسلىقىغا ئىگە يېڭى، ئاددىي - ساددا شەكلىنى بارلىققا كەلتۈرسەك بولماسمۇ؟» دەپ، شام يېقىپ، كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ تىلەك تىلەپ خرىستىيانچە تۇغۇلغان كۈن ئۆتكۈزۈشكە ئۇنىمىدى. بىراق ھېلىقى زىيالىيلار كاجلىق قىلىپ: «ۋاي - ۋۇي! بىر كىچە تۇغۇلغان كۈن ئۆلتۈرۈشى بىلەن خرىستىيان بوپقالامتىڭىز، قائىدىسى بويىچە بولمىسا يارىشىقى بولمايدۇ!» دەپ زورلىشىپ، ئۇنىڭ ئىچىنى گۆردەك قاراڭغۇلاشتۇرۇپ، شام يېقىپ تىلەك تىلەتكۈزدى. ھەتتا تورتنىڭ قايماقلىرىنى ھېلىقى ئەدىبنىڭ يۈزلىرىگە پوق سۇۋىغاندەك سۇۋاپ ھەجۋىيلەشتۈرۈپ، شادلىنىپ كۈلۈشتى. «تۇغۇلغان كۈن ناخشىسى»مۇ غاراڭ - غۇرۇڭ، ئېگىز - پەس ئاۋازدا قولاشماي، نوتىغا، كۈيگە، تېمپىغا چۈشمەي ئوقۇلدى. ئۆزىگىنىڭ بولمىغان ھەرقانداق بىر نەرسە ھەرقانچە پەردازلانسىمۇ ئۆز قىنىغا چۈشمەيدىكەن!...

سىڭلىم دىلئارام، بىزدىكى تاشقى ئەنئەنە خاسلىقىدىن كۆرە، خاراكتېر خاسلىقىمىز شۇ دەرىجىدە پۇچەكلىشىپ كەتتىكى، سىزگە ئېيتسام قورسىقىڭىز كۆپىدۇ. بىر قېتىملىق توي مۇراسىمىدىكى ئوسال ئەھۋالىم مەڭگۈ يادىمدىن چىقمايدۇ. يېزىمىزدىكى مەلۇم قېرىندىشىمىزنىڭ توي مۇراسىمىدا يىغىلغان قۇرداشلىرىم كۆپ بولۇپ، كۆپىنچىسى شەھەردىن كەلگەنلەر ئىدى. تويدا ئۇسسۇللار ئوينىلىپ تۇردى. مەن ئۇيغۇر رايونىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەچكە، ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى تولىمۇ ياخشى كۆرىمەن ۋە خېلى كېلىشتۈرۈپ ئوينايمەن. شۇ ئارىلىقتا كىمدۇر بىرسى مىكروفوندا: «بىر مەيدان تانسا!» دەپ ئېلان قىلىۋېدى، يېزىمىزدىكى ياشلار تەمتىرەپلا قېلىشتۇق. چۈنكى بىزنىڭ يېزىدا مۇشۇ كەمگىچە ئاممىۋى سورۇنلاردا ئوغۇللار قىزلارنىڭ قولىنى، بېلىنى سىلاپ - سىقىمداپ يۈرۈش ئېغىر ئېلىناتتى. لېكىن بىز ساھىبخان بولغاندىن كېيىن ئولتۇرۇۋالساق ئەدەبسىزلىك بولىدۇ، دەپ ئاخىر ئوغۇللار بىلەن ئوغۇللار، قىزلار بىلەن قىزلار جۈپ - جۈپ بولۇپ ئوينىشىپ بەردۇق. مېھمان قىز - يىگىتلەر تانسا ئويناچ، بىر - بىرىنىڭ دولىسىدىن مارىشىپ قاراپ بىزنى مەسخىرە قىلىپ، پىخىلداپ كۈلۈشتى. ھەتتا بىر قىزنىڭ مېنى ئىما قىلىپ تۇرۇپ: «قاراڭە χ χ جان، ئاۋۇ بالىنىڭ تانسا ئوينىشىغا، تۆگىدەك دەسسەپ...»، «تۇۋا، ئوغۇللار بىلەن ئوغۇللار تانسا ئوينىغان نەدە بار؟ بۇ سەھرالىق دېگەن تازىمۇ مەتۇ خەقكەن! ئىككىنچى سەھرانىڭ تويىغا كېلىدىغان بولسام...» دېيىشكىنىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم بىر قىسملا بوپقالدى. ئاندىن سازچى ئىنىمىزگە: «بىز ماسلىشالمايدىكەنمىز، يەنىلا ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل ئوينايلىيا» دېسەم، ھېلىقى قىز نېمە دەيدۇ دېمەمسىز؟ «ئەجەب موللام سۆپەت بالىكەنلا، قارىيلىقتا ئوقۇغانمۇ؟» شۇنىڭ بىلەن سورۇندىكى مېھمانلىرىمىز خۇددى تۆكىنى تارتقان ئۆچكىدەك ۋارقىراپ - كۈلۈشۈپ، يەتكۈچە مازاق قىلىشتى. ئۇلار تانسىنى شۇنچىلىك ياخشى ئوينايدىكەنۇ، ئوينىغان ئۇسسۇلىغا قارىسىڭىز ھۆ قىلغىڭىز كېلىدۇ. قىز - ئوغۇللار بېقىشىپ ئوينىغاندا ئەخلاققا يات بولغان قىلىقلارنى چىقىرىشىپ تېخى خىجالەت بولماي، ئەكسىچە ئۇياتسىز-

لىقلىرىدىن پەخىرلىنىشىدىكەن. ئۇسسۇل ئوينىغاندا قول بېغىشى ئۇيغۇرنىڭ، دولىلىرى ئىسپانلارنىڭ، كاسىسلىرى سىگانلارنىڭ، بەللىرى ھىندىلارنىڭ، پۇتلىرى رۇسلارنىڭ ئۇسسۇل ھەرىكىتىنى مۇجەسسەم قىلغان بولۇپ، قىزلارنىڭ ئۇسسۇلىدىن ئۇيغۇر قىزلىرىغا خاس نازاكەت، ئوغۇللارنىڭكىدىن نە ئۇيغۇرغا خاس مەردانىلىقنى ئەسلا كۆرمەيسىز.

يەنە شۇ تويدا كۆرگەن قورساق كۆپۈكۈمنى ئېيتاي: تويى بولۇۋاتقان سىڭلىمىزغا ئۇرۇمچىدىن كەلگەن بىر تۇغقىنىنىڭ قىزى قولداش بولغانىكەن. بىزنىڭ يېزىدىكى قىزلاردىن بىرسى: «ھەر ئىككى قولداش ماسلاشمىساڭلار بولمايدۇ» دەپ بىر قىزنىڭ بېشىدىكى گىلەم نۇسخىلىق دوپپىنى ئېلىپ كىيگۈزۈپ قويغىلىۋاتسا، ھېلىقى تاۋۇ نازۇك قېرىندىشىمىز خۇددى خولېرادىن قاچقاندەك، قاشاڭ ئۇيى بويۇنتۇرۇقتىن بېشىنى ئەپقاچقاندەك بېشىنى قاچۇرۇپ: «ۋىيەي! تولا نومۇسۇمنى كەلتۈرمەڭلارچۇ! قاراپ تۇرۇپ ئادەم كۆپ يەردە... يە بۇ يەردە ئۆلۈم بولمىسا!» دەپ نازلاندى. ئۇيغۇرنىڭ باش كىيىمى پەقەت ئۆلۈم ـ ھازىلاردىلا كىيىلىپ، توي ـ خۇشاللىقتا ماس كەلمەيدىغان شۇم نەرسە ئەمەسلىكىنى بۇ مۆھتەرەم شەھەرلىك قېرىندىشىمىز بىلمەيدىكەن! «تۇزنى تۆكمە، قىزنى سۆكمە» دېگەن ئاتىلار سۆزى بولمىغان بولسا، ھېلىقى قېرىندىشىمىزنى نېمە دەپ تەنقىدلەر ئىدىم-كىنتاڭ؟! بەلكىم: «چوڭ دادىڭىزدەك خىزىر سۈپەت ئاقساقاللاردىن، چوڭ ئانىڭىزدەك پەرىشتە سۈپەت مومايلاردىن ئۇيالمىغان ئاۋۇ ئۇچۇق قولتۇقىڭىزدىن، ئاكىلىرىڭىزدەك يىگىتلەردىن ھېيىقمىغان ئاۋۇ ئۇچۇق كىندىكىڭىزدىن نومۇسىڭىز كەلسۇن!» دەر ئىدىم. بىراق ئۇندىمىدىم. چۈنكى «قىزنىڭ قىرىق تال چېچى ئۇلۇغ». ئەلۋەتتە، چېچىمۇ ئۇلۇغ قىزنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئۇلۇغ ئىنسان. ئۆز ئۇلۇغلۇقىنى ئۆزى بىلمىسە بوپتۇ، ئاكا يوللۇق بىز بولساقمۇ بىلەيلى، دېدىم. سىز ئېيتىپ بېقىڭە، دىلئارام: ئۇيغۇر تۇرۇپ دوپپىسىدىن، قىرغىز تۇرۇپ قالپىقىدىن نومۇس قىلغان كىشىنىڭ قانچىلىك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولار؟! مەن ئويلايمەن، ئۇنداق كىشىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۆز خەلقىگە ئەمەس، باشقا خەلقلەرگىمۇ ياخشى ـ خەيرلىك نىيەت مەۋجۇد بولمايدۇ، چۈنكى ئۆزىنى قەدىرلىمىگەن باشقىلارنى ھۆرمەتلىمەيدۇ. ھېلىھەم، سىزدەك ئويى كۆپكە، بويى كۆككە يەتكەن روھى تېتىك، ئەقلى ئويغاق، ئىزدىنىشچان روھقا باي قىز (كەلگۈسىدىكى يۇقىرى ساپالىق ئۇلۇغ ئانا)لىرى بار مىللەت نېمىدېگەن تەلەيلىك مىللەت دېگۈم كېلىدۇ. سىزلەرگە زوقلىنىمەن!...

سىڭلىم دىلئارام، مېنىڭچە، خاسلىقنىڭمۇ تۈرى كۆپ بولۇشى مۇمكىن. تۇرمۇشتىكى خاسلىق، خىزمەتتىكى خاسلىق، ئۆگىنىشتىكى خاسلىق... ھەممىسى بىرلىشىپ خاس مەدەنىيەتنى شەكىللەندۈرسە كېرەك. سىز بايقاپ كۆرۈپسىز، شىئەندىكى ئالىي ئوقۇللاردا ئوقۇۋاتقان پاكىستانلىق، ھىندىستانلىق، نېپاللىق مەكتەپداشلىرىڭىز ھەتتا مەكتەپتىمۇ ئۆز خاسلىقىنى يوقاتماپتۇ. مانا بۇ ئۆگىنىشتىكى خاسلىق بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئوبيېكتىپ شارائىت ئوبيېكتىپ نىشانغا شەرت ھازىرلايدۇ. ئاشۇ ئەنئەنە ـ خاسلىقنى يوقاتمىغان چەت ئەللىك مەكتەپداشلىرىڭىز ئۆز ئۈچىسىدىكى ئەنئەنىۋى ـ مىللىيچە خاسلىققا ئىگە كىيىملىرى بىلەن ئۆز بۇرچىنى يەنىمۇ ياخشى ھېس قىلىپ تۇرالايدۇ. ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ كىمنىڭ پۇشتى ئىكەنلىكىنى، كىمگە جاۋابكار ۋە كىمگە قەرزدار ئىكەنلىكىنى، ئۆز سالاھىيەت ۋە سالاپىتىنىڭ كىم بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ھەر ۋاقىت ئەسكە ئېلىپ ئويلاپ تۇرالايدۇ. دېمەك، خاسلىق ـ شەخسنىڭ بۇرچ تۇيغۇسىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدۇ ۋە يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ تۇرالايدۇ.

سىڭلىم دىلئارام، ئوقۇش ـ خىزمەتلىرىڭىزدە ئۆزىڭىزنىڭ ئاشۇ يۈكسەك بۇرچىڭىزنى ئۇنتۇماي قىلدەك قىرىق تولغىنىپ، پىكىر يۈرگۈزۈپ ئىلىم تەھسىل قىلىشىڭىز ناتىۋان خەلقىڭىز ۋە ھەممە خەلقىمىز ئۈچۈن «ئىگە!»لەپ چۆشكەندىن تارتىپ ئېغىرىمىزنى كۆتۈرۈپ كەلگەن دىيارىمىزنىڭ ئالتۇن تۇپرىقى ئۈچۈن، كۈندىن ـ كۈنگە يۈكسىلىپ، مەزمۇت بوي كۆتۈرۈۋاتقان ئانا ۋەتىنىمىز ئۈچۈن زور بايلىق. بۇنداق قىممەتلىك بايلىق ھەممە قوۋمدا بىھېساب بولسىكەن، دەپ ئارمان قىلىپ كېتىمەن! شۇنداق بولسا، بۇ دۇنيا رەڭدار، گۈزەل ۋە خۇش پۇراق بولار ئىدى ـ ھە!

ھەئە! گۈل ـ گۈل بولغىنى ئۈچۈن ئەمەس، ھەممە يەردە، ئالەمنىڭ ئۇ چېكىسىدە ۋە بۇ چېكىسىدە ئوخشاشلا خۇش پۇراق تارقىتىپ ئورتاق قەدىرلەنگەچكە، پەخىرلىنىشكە ئەرزىگىنى ئۈچۈن گۈزەل!... بىز قىرغىزلاردا «ياتقان تاشنى غۇلاتقان تاش يۆتكەر» دېگەن نەقىل بار. سىزنىڭ تىرەن ئويلىرىڭىز، ئويغاق روھ ـ سىيمايىڭىز سىزدەك قانچىلىغان سىڭلىمىزنىڭ ئەقىل كۆزىنى يورۇتالىغان بولسا، بۇ «غۇلاتقان تاش»ىڭىز، بۇ قىممەتلىك بايلىق شۇنچە قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ. «مەۋجۇدلۇقنىڭ گىرىمسەن ۋە ئەگرى ـ بۈگرى يوللىرىدا نىمجان ئۆمىلەپ بېرىۋاتقانلار» ئۈچۈن نۇرلۇق ماياك، پارلاپ كۆرۈنگەن زۆھرە يۇلتۇزى بولالايدۇ. (بايقاپ كۆرەر كۆز ۋە ئەقىل بولسا ئەگەر!) شۇڭا سىزگە، سىزنى كۆز ئاچتۇرۇپ، سەزگۈر روھ چەشمىلىرى بىلەن ئېغىزلاندۇرغان مېھرىبان ئاتا ـ ئانىڭىزغا، ئەقىل ـ ئىدراكىنى ئۇدۇم قالدۇرغان دانىشمەن سۈپەت خەلقىڭىزگە، نەرقىگە باھا يەتكۈسىز بايلىق ـ تەربىيىلەپ ـ ئۆستۈرگەن مەكتەپ، ئۇستازلىرىڭىزغا ۋە مۇشۇنچىلىك ئازادە، ئۇچۇق ـ يورۇق، تىنچ ـ خاتىرجەم پىكىرلىشىش مۇھىتىغا ئىگە قىلغان، ئەلنى توغرا جامائەت پىكرى يۆنىلىشىگە باشلىغۇچى ئېسىل نەشرىي ئەپكارىمىزغا مىڭلارچە تەشەككۈر!

يەنە پىكىرلىشىشكە مۇۋەپپەق بولغايمىز. يېڭى يىلىڭىزغا يېڭى ئەقىل، يېڭى نەتىجىلەرنى خالاپ كەمىنە ئاغىڭىز:

**ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى**


2005 ـ يىل ئالتۇن كۈز، سەھرايى ئەرمۇدۇن

---

★ ماۋزۇ مەسئۇل مۇھەررىر تەرىپىدىن قويۇلدى.

ئاپتور: قىرغىز. يېڭىشەھەر ناھىيە ئەرمۇدۇن يېزا قىرغىز مەھەللىسى كەنتىدە دېھقان، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى.

بۇ ساننىڭ مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت



# تۇسۇلۇڭ، لېكىن غۇرۇرىڭىز بىلەن...

—— «تۇسۇشۇم كېرەك» ھېكايىسىدىن تۇغۇلغان ئويلار

**ئەنۋەر ھوشۇر**

ئەمەلدارلارنىڭ چىرىكلىكى بىر ھاكىمىيەتنى ۋەيران قىلسا، زىيالىيلارنىڭ چىرىكلىكى بىر مىللەتنى ھالاكەتكە يۈزلەندۈرىدۇ. چۈنكى، زىيالىيلار ـ ئەمەلدارلار مىللەتنىڭ سەزگۈر مېڭىسى، شۇنداقلا، پاراۋۇزى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر پۈتۈن ساپاسى، شۇنداقلا ئەل قەلبىدىكى ئوبرازىنىڭ قانداق بولۇشى، شۇ مىللەتنىڭ مەلۇم تارىخىي دەۋردىكى مەۋجۇدىيىتى، تەرەققىيات ئومۇمىي ئېقىمىدىكى ئوبرازىنى لايىھىلەشتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. مەملىكىتىمىزدە ئەمەلدارلار سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئېھتىياجى ۋە تەلىپىگە ئاساسەن «ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش» شەرتى بويىچە زىيالىيلار قاتلىمىدىن تاللىنىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، مەملىكىتىمىزدىكى ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى زىيالىيلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ چىرىكلىشىشى شەك ـ شۈبھىسىزكى دۆلەتنىمۇ، خەلقنىمۇ، مىللەتنىمۇ شورلۇق قىسمەتكە باشلاپ كىرىدۇ.

بىر مىللەت كىشىلىرىدىن سىياسىيغا قىزىقىدىغانلارنىڭ، جۈملىدىن، ئەمەلدارلار يولباشچىلاردىن بولۇشنى ئويلايدىغانلارنىڭ كۆپ بولۇشى ياخشى ئەھۋال. لېكىن توپ بويىچە ئەمەل ـ مەنسەپ كويىدا سوكۇلدايدىغانلارنىڭ زىيادە كۆپ بولۇشى، جۈملىدىن نوقۇل ھالدا ئەمەلدار بولۇشنىلا ئويلاپ، قانداق ئەمەلدار بولۇشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويماي، ئەمەل ـ مەنسەپنى جان بېقىش، ياخشى كۈن كۆرۈشنىڭ بىردىنبىر ۋاستىسى قىلىشنى ئىزدەيدىغانلار تۈركۈمىنىڭ بارغانچە ئاۋۇپ كېتىشى بىنورماللىق بولۇپ، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە جەمئىيەتتە ئەمەلگە چوقۇنۇش قىزغىنلىقىنى، يەنى ئەمەل ساراڭلىقىنى، ئەمەل ساراڭلىقى ئەمەل مۇستەبىتلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەمەل مۇستەبىتلىكى ھۆكۈم سۈرگەن ئەلدە ئورتاق غايە، ئورتاق نىشان، مېھرىبانلىق، كۆيۈمچانلىق ۋە تەرەققىياتتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. بۇنداق جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى تەقدىرى گۇمرانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس، خالاس!

ئىلىم ئەھلىگە قاراڭغۇ ئەمەسكى، «ئەمەلدار» ئاتالغۇسىنىڭ تومۇرى بولغان «ئەمەل» سۆزى ئەرەبچىدىن تىلىمىزغا كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆز بولۇپ، ئۇ، بىرىنچىدىن، ئىش، ھەرىكەت، ئىجرا،

## تىكەنلىك گۈللەر

مەنسەپ؛ ئىككىنچىدىن، كۈي، ناخشا؛ ئۈچىنچىدىن، ئۈمىد، ئارزۇ، تىلەك، ئىستەك، دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە. («ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن سۆزلۈك»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىل ئىيۇن نەشرى، 552 ـ بەت). ئەمەل ئاتالغۇسىنىڭ باشقا ھېسسىي مەنىلىرىنى نەزەرىمىزدىن ساقىت قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئاددىي ھالدىكى لۇغەت مەنىسى بويىچە قارىغاندىمۇ، ئەمەل ـ نوقۇل ھالدىكى ئىمتىياز ئەمەس، بەلكى بىر خىل مەسئۇلىيەت؛ ئەمەلدار ـ خەقنى ئىشقا سالغۇچىلا ئەمەس، بەلكى ئاۋۋال ئۆزى قول سېلىپ ئىشلىگۈچى؛ ھۆكۈمەتنىمۇ، شەخسنىمۇ بىر ئاماللارنى قىلىپ ـ قەدەمدە بىر تۇسالغۇلارنى پەيدا قىلىپ ئالغۇچى ئەمەس، بەلكى خەققە بەرگۈچى! ئۇنىڭغا ئەلنىڭ نۇرغۇن ئارزۇ ـ ئۈمىدى ۋە ئەقىدىسى مۇجەسسەملەشكەن. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئەمەلدارلىق ئالىي پەزىلەت، يېتەرلىك بىلىم، ئەلنى باشلاپ ماڭالىغۇدەك ئىقتىدار، شۇنداقلا، ئەلنىڭ تەقدىرىگە ئىگە بولالىغۇدەك يۈرەك ۋە جاسارەتكە ئىگە كامىل ھىممەت ئىگىلىرىنىڭ ئىشى بولۇپ، ئۇ ھەر قانداق ئادەم خالىغانچە قول ئۇزارتسا بولۇۋېرىدىغان ھېيتلىق بازارنىڭ باھاسى چۈشۈرۈلگەن مېلى؛ ئەمەلدارلىق تاجى كىم كىيىپ باقسا بولۇۋېرىدىغان ئەركىن بازاردىكى يادىمچىنىڭ ئالدىدىكى دوپپا ـ تۇماق ئەمەس! بولۇپمۇ بىر مىللەتنىڭ سەزگۈر مېڭىسى بولغان زىيالىيلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئورنى ۋە رولى، مەجبۇرىيىتى ۋە مەسئۇلىيىتىدىن چەتنەپ، ئىقتىدارى بىلەن ھېسابلىشىپ باقماستىن، پۈتكۈل توپ بويىچە ئەمەلدارلىق قاتلىمىغا ئىنتىلىشى ـ مۇئەللىمنىڭمۇ، ئالىمنىڭمۇ، ئىشچىنىڭمۇ ھەتتا ئوقۇغۇچىنىڭمۇ ئەمەل ـ مەنسەپ كويىدا قاتىرىشى ـ تارىختا ھەر قانداق ئەل ۋە مىللەتتە كۆرۈلۈپ باقمىغان غەيرىيلىك بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى بىر قاتار ئىجتىمائىي مەسىلىلەر قاتارىدا بىزنىڭ يېتەرلىك دىققەت ـ ئېتىبارىمىزنى قوزغىشى لازىم. جاپپار شەمشىدىن (خامۇش مۆمىن) نىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2005 ـ يىل 6 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئۆسۈشۈم كېرەك» ناملىق ھېكايىسى ئاشۇ خىل ئاچچىق رېئاللىقنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشىنىڭ ئەل مۇلاھىزىسىگە تاپشۇرۇلۇشى بولۇپ، بىر رومانغا تەڭداش ۋەزنى بىلەن ۋىجدانلىق ھەر بىر ئوقۇرمەننى چوڭقۇر ئويغا سالماي قالمايدۇ.

مېنىڭچە بولغاندا، نۆۋەتتىكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەڭ تۈپكى ۋەزىپىسى ـ مىللەتنى ئۆز ـ ئۆزىگە تونۇتۇش رولى ۋە تەربىيىۋى رولىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇش بولۇپ، جاپپار شەمشىدىن (خامۇش مۆمىن) بۇ تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىققان. شۇڭا ئۇنىڭ سەزگۈرلۈكى، ئەڭ مۇھىمى مەسئۇلىيەتچانلىق، تەلەپچانلىق روھىغا، ۋىجدانىغا ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايمىز.

ھېكايە ۋەقەلىكى نۆۋەتتە سەلدەك يامراپ كەتكەن «ئەمەل ساراڭلىقى» تېمىسىغا بېغىشلانغان. بەدىئىي مەقسەت «مەن» ئوبرازى ئارقىلىق جانلىق، چوڭقۇر، قايىل قىلارلىق دەرىجىدە يورۇتۇپ بېرىلگەن. ھېكايىدىكى «مەن» «15 يىللىق خىزمەت ھاياتىدا پاك، ساددىلىقى بىلەن ياشاپ كەلگەن»، «خەقنىڭ رىزقىغا قول ئۇزارتمايدىغان ياخشى ئادەم»، «ئايالىنىڭ نەزەرىدە ۋاپادار ئەر، پەرزەنتلىرىگە ياخشى ئاتا» بولۇپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە يېقىن ئۆتكەن بىر ساۋاقدىشىنىڭ چوڭ بىر مەنسەپكە تەيىنلىنىشى تۈپەيلىدىن «ئېگىز دەرەخنىڭ سايىسىدا» ئەمەلگە ئولتۇرۇپ قالىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ «باشقىچە بىر ھاۋادىن نەپەسلەنگەندەك، باشقا بىر ماكاندا ياشاۋاتقاندەك» تۇيغۇدا ئەمەل كوچىسىغا بېشچىلاپ كىرىپ كېتىدۇ. «كونىراق بولسىمۇ پىكاپى بار، شوپۇر تەييار. توڭلاتقۇدا لىق گۆش، يەر ئاستى ئۆيىدە يەشكى بىلەن ھاراق، پېچىنى بىلەن تاماكا، ئانچە ـ مۇنچە لىپاپلارمۇ يوق ئەمەس. ئىشىكتىنمۇ، تۈڭلۈكتىنمۇ قۇم ياغقاندەك كىرىۋاتقان سوۋغاتلار ئۇنى باشقىلارنىڭ ھوقۇققا نېمە ئۈچۈن پەرۋانە بولۇۋاتقانلىقى ھەققىدە دەرس بېرىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرىدۇ». ئۇ تەدرىجىي ھالدا «بۇرۇنقى دوستلىرىدىن يىراقلىشىپ، يېڭىدىن تونۇشۇۋاتقان مەنسەپدار ئاغىنىلىرى بىلەن رېستوران ـ ھورداقلار ۋاستىسى بىلەن دوستلۇقىنى چىڭىتىدۇ» ھەمدە «باشقىلارنىڭ ئۆسۈش ھەققىدىكى چۈشەنچە ـ تەجرىبىلىرى بىلەن قۇلاقلىرىنى پىششۇرۇپ، قەلب ساندۇقىنى ھىيلە ـ مىكىر بىلەن تولدۇرىدۇ». ئۆزى ئەمەلىيەت جەريانىدا يەكۈنلەپ چىققان ئۆسۈش پەلسەپىسى، يەنى «يۇقىرىدىن يۆلەنچۈك ئىزدەش، پۇلۇڭ ۋە يۇمشاق تىلىڭ، ئېگىلگەك بېلىڭ، لىڭشىشقا ماھىر بېشىڭ، كۈلگۈنچەك چىرايىڭ بولۇش؛ ئۆسكەندىن كېيىن تۆۋەندىكىلەرگە قاتتىق بولۇش، يۇقىرىدىكىلەرگە ھەر دائىم سالام ـ سەھەتتە بولۇشنى ئۇنتۇماسلىق، مۇخبىرلاردىن ئاغىنە تۇتۇش، خۇسۇسىي كارخانىچىلارنى قوللاپ، ئاپاق ـ چاپاق بولۇش» مىزانى بويىچە ئىش كۆرۈپ، «تۈز سىزىق بويىچە ئۆسىدۇ»... بۇ جەرياندا ئايالى رىزۋانىمۇ بۇرۇنقى جاھىل، ھۇرۇن، تېرىككەك مىجەزىنى تاشلاپ، مۇلايىم ۋە تېتىك بوپكېتىدۇ. مائاش چىققان ھامان «مەن»گە مودا بولۇۋاتقان ئېسىل كىيىملەرنى كىيدۇرۇپ، ئۇنى سالاپەتلىك، جۇشقۇن كۆرسىتىشكە ئالاھىدە كاللا قاتۇرىدۇ. قاتار چاي ۋاستىسى ئارقىلىق ھاكىمنىڭ ئايالى قاتارلىق ئەمەلدارلارنىڭ خانىملىرى بىلەن دوستلۇق ئورنىتىپ، «مەن»نىڭ داۋاملىق ئۆسۈشى ئۈچۈن تىرىشىپ يول ئاچىدۇ... بىر كۈنى «مەن» قۇرۇلۇش خوجايىنلىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن «تولۇن ئاي راۋىقى»دا پەيزى قىلىدۇ. ساختا كۈلكە، ياغلىما گەپ، شېكەر خۇشامەتلەرنىڭ تۆرتكىسى بىلەن جىق ئىچىۋېتىپ، سەگدەپ كىرىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىدۇ ھەمدە رېستوران ھويلىسىدىكى چىملىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا سېلىنغان شىپاڭنىڭ ئىچىدە چىراغ يورۇقىدا قۇچاقلىشىپ تۇرغان بىر جۈپ گەۋدىگە كۆزى چۈشۈپ قالىدۇ ـ دە، «ۋاھ، تازا پەيزى قىلىشىپتۇ ـ دە!» دېگىنىچە ھېيقىدا كۈلۈپ قويۇپ، گۈللۈكنىڭ گىرۋىكىدە ئولتۇرۇپ، «بېلەتسىز كىنو» كۆرىدۇ. ئويلىمىغان يەردىن بۇ «بېلەتسىز كىنو»نىڭ رولچىلىرى ئايالى رىزۋان بىلەن ناھىيىنىڭ ھاكىمى ئەيىندىن بولۇپ چىقىدۇ... «مەن» نېمىلا بولسۇن ئەر كىشى بولغاچقا، دەسلەپ ئايالىنىڭ نازلىق كۈلكىسىنى ئاڭلىغاندا، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كېتىدۇ. لېكىن كېيىنلىكىنى، «رەھبىرىي كادىرلىق سالاپىتىنى ئويلاپ» كۆزىنى يۇمىدۇ ـ دە، سورۇندىكىلەردىن ئۆزرە سوراپ، ئۆيىگە قايتىپ، خوتۇنىنىڭ كېلىشىنى كۈتىدۇ. خوتۇنى كېچە سائەت بىرلەردە خۇش كەيپ ھالدا قايتىپ كېلىدۇ. «مەن» ئايالىدىن «نەگە باردىڭ؟» دەپ سورايدۇ. ئايالى: «نەگە باراتتىم؟ سېنىڭ غېمىڭنى يەپ، ھاكىمنىڭ ئايالى بىلەن چاي ئوينىدىم. مۇناسىۋەتنى ياخشىلىسام، سېنى ئۆستۈرۈپ قويامدىكىن، دەپ جاپا تارتىۋاتىمەن،

يەنە گەپ بارما؟» دېگىنىچە يەڭنى شىمايلاپ ئورنىدىن تۇردى. ھەممە گېپىگە ئىشەنمىسە، ھاكىم بىلەن يۈزلەشتۈرىدىغانلىقىنى شەرت قىلىپ، «مەن»نىڭ «ئىستىمىسىنى ياندۇردى». داۋاملىق ئۆسۈش ۋەسۋەسىسىدە ئەقلى بۇلغانغان، ئەرلىك غۇرۇرى يوقالغان «مەن» «سۇدا بېلىقنىڭ ئىزى يوق» دېگەن غۇرۇرسىزلار پەلسەپىسى بىلەن كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ، قەلبىدىكى ۋىجدان جاراھەتلىرىنى ماددىي مەنپەئەت ناركوزى بىلەن مەڭگۈ مەست قىلىۋەتمەكچى بولدى...

ھېكايە مۇشۇ يەردە ئاخىرلىشىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ تەسىرى مۇشۇ دەقىقىدىن باشلاپ سەلدەك ئۇلغىيىپ، ئانىسى شۇمەك سالغان ھەر بىر غۇرۇرلۇق ئەركەكنى ۋىجدان تارازىسى ئالدىغا ئېلىپ بارىدۇ. دەرۋەقە مەندە شۇنداق ئەھۋال زاھىر بولدى: ھېكايىنى ئوقۇپ تۈگەتكىنىمدە، تۇرۇپلا نەپسىم قىسىلىپ، بەدىنىمدە سانسىزلىغان قۇرت ئۆمۈلەۋاتقاندەك، چوڭ كوچىدا ئاندىن تۇغما ھالدا سازايى قىلىنغاندەك ئاچچىق تۈيغۇنىڭ ئىلكىدە بىئارام بولۇپ قاتتىق قىينالدىم. كۆز ئالدىم شەيتاننىڭ كۆڭلىدەك قاراڭغۇ، مېڭەم قۇيقۇرۇق، نەپسىمنىڭ سىقىلىشىنى سىقىلغان، جىسمىم تېگى يوق مۇئەللەقتە سەرسانە ... قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتى بىلمىدىم، بىر چاغدا سەل ئەسلىمگە كېلىپ، ئەتراپىمدىكى نەرسىلەرنى غۇۋا ئىلغىيالايدىغان بولدۇم. يېزىقچىلىق ئۆيۈمدە دائىم ماڭا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ بوۋام بېشىمدا قاراپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ قولىدا شاھانە كىتاب، لېكىن روھى سەل سولغۇن. چىرايىدىن نە خۇشاللىق، نە خاپىلىقنى بىلگىلى بولمايدۇ. مەن بىر خىل گۇناھ تۇيغۇسىنىڭ ئىلكىدە ئۇنىڭ چوغدەك يېلىنجاپ تۇرغان ھايالىق كۆزلىرىگە قاراشتىن ئۇيۇلۇپ، ژۇرنالغا قارىۋالدىم. گەرچە مەن يۈسۈپ خام ھاجىپ بوۋامنىڭ روھناتىنى بارلىقىمغا يۆلەك، ئۇدۇمىغا، يولىغا ۋارىسلىق قىلىشنى ئۆمۈرلۈك ئېتىقادىم قىلغان ۋە بۇ يولدا كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە جان پىدالىق كۆرسىتىۋاتقان، گۇناھلىق ئىشلاردىن ئىلاجى بار نېرى تۇرۇپ، ياخشىلىق گۈلىستانىنىڭ گۈللىرىگە سۇ قۇيۇشنى ئىزدەۋاتقان ئېتىقادلىق كىشى بولساممۇ، لېكىن ھېكايىدىكى «مەن»، شۇنداقلا ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىش، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتىش يولىدا نومۇسنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، يېڭىدىن يېڭى «ئىزىم» ۋە مېتودلارنى بارلىققا كەلتۈرۈۋاتقان قېرىنداشلىرىم بايا بەدىنىمنى ئورىۋېلىپ، جېنىمغا ئېكەك سالغان سانسىزلىغان قۇرتتىنمۇ تولا ئىدى ھەممە ئالدىنقى يىللىرى خوتەندە پەيدا بولغان گەزلىمە قۇرتلاردەك تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز سۈرئەت بىلەن كۆپىيىۋاتاتتى. شۇ سەۋەبلىك، 15 يىلدىن بېرى ئەۋلاد تەربىيىلەش يولىدا يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان جاپاكەش ئوقۇتقۇچى، ئانچە-مۇنچە بىر نەرسىلەرنى يېزىپ، خەلقىمگە ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى تونۇتۇش يولىدا ئىزدىنىۋاتقان قەلەم ساھىبى بولۇش سۈپىتىم بىلەن «مەن» ۋە «مەن»دەك كىشىلەرنىڭ ئۇيالماستىن تارىخ سەھنىسىگە چىقىشى ۋە ئاۋادەك ئۇلغىيىپ كېتىشىدە بىر كىشىلىك مەسئۇلىيىتىم بار ئىدى.

— ھايالىق بالىكەنسەن، — دېدى يۈسۈپ خاس ھاجىپ بوۋام مېھرلىك قوللىرى بىلەن بېشىمنى سىلاپ، — ئۆزۈڭنى ئارتۇقچە ئەيىبلىمە ۋە ئارتۇقچە پىغان چەكمە! كونىلار «ئادەمنىڭ قورسىقىدىن ئارغامچا بىلەن توقۇناقتىن باشقا ھەممە نەرسە چۈشىدۇ» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. بۇ بىز خەقتىلا كۆرۈلۈۋاتقان ئىش ئەمەس. ئادەم ئالدىغا قارىشى كېرەك. لېكىن، سەن ئالدىڭغا قاراشتىن ئىلگىرى ئەجدادلىرىڭنىڭ ئېزگۈ قەدەملىرىگە نەزەرىڭنى ئاغدۇرۇپ، ۋىجدان تارازىسىدا ئۆزۈڭ ۋە قېرىنداشلىرىڭنىڭ سالمىقىنى يەنە بىر قېتىم ئەستايىدىل ئۆلچەپ باق. شۇ چاغدا مەنزىلىڭ تېخىمۇ روشەنلىشىدۇ!

مەن ئەجدادلىرىمنىڭ كۆمۈلمەس ئىزلىرىغا نەزەرىمنى ئاغدۇردۇم: ئەنە، مۇبارەك مىللىي ئېتنىك نامىمىزنى تۇنجى بولۇپ ئەلگە جاكارلىغان ئوغۇزخان بوۋام ئادەملەر ۋە يىلقىلارنى يەپ، ئەل بېشىغا ئېغىر قايغۇ — ئەلەملەرنى كەلتۈرگەن ۋەھشىي قىئاتنى نەيزىلەپ يىقىتىپ، ئەلەم ماھارىتىنى سىناقتىن ئۆتكۈزگەن؛ نۇر ۋە دەرەختىن تۆرەلگەن ئىككى قىزغا ئۆيلىنىپ، ئالتە ئوغۇلغا ئاتا بولۇپ، ئۆزىنىڭ ھەر جەھەتتىن پىششىپ يېتىلگەنلىكىگە تولۇق ئىشەنچ قىلغاندىن كېيىن، ئەل — يۇرتقا كاتتا توي بېرىپ خەلققە يارلىق چىقىرىپ، ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىدى. ئارقىدىن تەرەپ — تەرەپكە يارلىق ئەۋەتىپ، ئۆزىگە بويسۇنغانلارغا دوست بولىدىغانلىقىنى، قارشى چىققۇچىلارنى يوق قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى ۋە دېگىنىنى ئەمەلدە كۆرسىتىپ، مەشرىقتىن مەغرىبكىچە بولغان بىپايان زېمىندىكى چېچىلاڭغۇ خەلقنى بىر بايراق ئاستىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئامان — ئېسەن ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا دانىشمەن ۋەزىرى ئۇلۇغ تۈركنىڭ مەسلىھەتى بويىچە قىرىق كېچە — كۈندۈز توي ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ تارىخنى بىر قۇر ئەسلەپ، تەڭرى ئالدىدىكى بۇرچىنى ئۆتەپ بولغانلىقىنى جاكارلاپ، ئىلكىدىكى زېمىنلارنى ئوغۇللىرىغا بۆلۈپ بەردى... ئەنە، ھېچقانداق مائارىپ تەربىيىسى كۆرمىگەن، ئۆمۈربويى بىر توپ پادىسى بىلەن بەش بالىسىنى بېقىپ، نېسۋىسىگە شۈكۈر قىلىپ كەلگەن پادىچى شىراق ئەل — يۇرتنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈلپەتلەر كەلگەن ھالقىلىق مىزگىلدە ئىككىلەنمەستىن ئوتتۇرىغا چىقىپ، دۈشمەننى قىلتاققا ئىلىندۇرۇپ، ئۆزى يالغۇز تاجاۋۇزچى زور قوشۇننى تارمار قىلىپ، ئەلنى ياتلارنىڭ تۆمۈر تاپىنىدىن ساقلاپ قالدى. بۇ جەرياندا دۈشمەننى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن، خاقانىدىن ئۆزىنى قاتتىق ئۇرۇپ يارىلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۆزىنىڭ قۇلىقى ۋە بۇرنىنى ئۆز قولى بىلەن كېسىپ تاشلىدى. ئۆزىنىڭمۇ ئۆلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، دۈشمەننى ئايىغى چىقماس چۆلگە باشلىدى. بۇ زور تۆھپىسى ئۈچۈن، «كىم ئەلنى بۇ بالايىئاپەتتىن قۇتۇلدۇرسا، تەختىمنى ئۆتۈنۈپ بېرىمەن» دەپ يارلىق چۈشۈرگەن خاقانىدىن پەقەت خوتۇن — بالىلىرىغا ئاتىدارچىلىق قىلىپ قويۇشنى ئۆتۈندى... ئەنە، كەيخىسراۋ بىلەن بولغان تۇنجى قېتىملىق جەڭدە نۇسرەت قازانغاندىن كېيىن، لەشكەرىي ئىنتىزامنى بوشاشتۇرۇپ، مەي ئىچىپ مەست بولۇپ قالغانلىق سەۋەبلىك دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالغان تۇمارىس ئوغلى سپەرگىنىز، تۇمارىسنىڭ ئانىلىق مېھرىنىڭ ئۈستۈن كېلىپ، دۈشمەن بىلەن ئېلىشىش ئىرادىسىنىڭ بوشىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈپ، نومۇسنى ئاقلىدى... ئەنە سەئىدىيەنىڭ ئاخىرقى سۇلتانى ئىسمائىلخان ئافاق خوجا باشلاپ كەلگەن غالدان قوشۇنلىرى ۋە «ئىشقىيە» سوپىلىرىنىڭ ۋەھشىيانە قىرغىنىدىن خەلقنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، «ئەلنى قىرغىن قىلماسلىق» شەرتى بىلەن تەختنى بىكارلاپ، غالدانغا پۈتكۈل جەمەتى بىلەن ئەسىر بولۇشقا رازى بولدى... ئەنە، مەھمۇد كاشغەرىي ئۆزى بىر خانزادە تۇرۇپ، ئەمەل —

مەنسەپتىن ئىلىم ئىگىلەش ۋە تارقىتىشنى ئەلا بىلىپ، 15 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، پۈتكۈل تۈركىي دالاسىنى ئۇلاغلىق ۋە پىيادە كېزىپ، ماتېرىيال توپلاپ، ئۆزىنىڭ شاھانە ئەسىرى «تۈركى دىللار دىۋانى»نى يېزىپ، دۇنيا تىلشۇناسلىق ئىلمىگە ئاساس سالدى... مال ـ دۇنياغا كۆمۈلۈپ كەتكەن ئىستىبدات مانجۇ تۆرىلىرىگە خوتۇن بولۇپ، مەئىشەت سۈرۈشنى نومۇس بىلگەن، ئون گۈلنىڭ بىرى ئېچىلمىغان نازۇكۇم ھېچقانداق ھېماتچىسى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا يەنىلا ئىرادىسىنى بوشاشتۇرماي، قىزلىق ئىپپىتىگە چاڭگال سالغان زەڭگىنىڭ ئىت جېنىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ، ئادەم ئايىغى تەگمىگەن چۆل ـ جەزىرىلەرنى ماكان تۇتۇپ، ئەڭ ئاخىرقى تىنىقىغىچە بويى ئەگمەي ۋە ئىپپىتىنى ساقلاپ، قاتمۇ قات زۇلۇم ۋە خورلۇق دەستىدىن مىللىي ئېتنىك نامىنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىشقا تاس قالغان خەلقىمىزگە ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئەسلىي تەبىئىتىنى قايتىدىن تونۇتتى ۋە نۇرانە ئوبرازى بىلەن ئەل قەلبىگە ئابىدە تىكلىدى... ئەنە، ئىسسىق يوتقان، چىرايلىق ئايال، گۈلدەك بالىنىڭ راھىتى بىلەن زەي پۇراپ تۇرىدىغان تۈرمە، ئاچچىق قامچا، قانسىرىغان قىلىچنىڭ پەرقىنى بىزدىن ئوبدانراق بىلىدىغان ئابدۇقادىر داموللام، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي، مەمتىلى ئەپەندى، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئابدۇللا روزى... قاتارلىق ئوغلانلار ئەۋزەل تۇرمۇش شارائىتىدىن ۋاز كېچىپ، نەچچە ئەسىرلىك جاھالەت ـ زۇلۇم ۋە جەبىر ـ ساماللارنىڭ بوس ـ بوغۇناق، توپا ـ تۇمانلىرىدا ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇۋاتقان خەلقىمىزنى سۈت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىپ، ئادەمدەك ياشاش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، «ئېتىنىڭ ئۇرۇقلۇقىنى بىلىپ تۇرۇپ» يەنىلا يۈرىكىنى مەشئەل قىلىپ، ھايات ـ ماماتلىق سەپىرىگە ئىككىلەنمەستىن ئات سالدى...

تارىخ بەتلىرىنى ۋاراقلاۋېتىپ، شۇنداق خۇلاسىگە كەلدىمكى، خەلقىمىز ئەزەلدىن، ھېچ بولمىغاندا كۆپ ھالدا مەردلىكنى، باتۇرلۇقنى، ئەل سۆيەرلىكنى، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى، ئىلىم ـ مەرىپەتنى، ۋىجدان ـ غۇرۇرنى، ئىمان ـ ئېتىقادنى، ساپ ئىنسانىي مۇھەببەتنى ئۇلۇغلاپ، ئۇنىڭ قارشىسىدىكى قىلمىشلار بىلەن مۇرەسسەسىز ئېلىشىشنى ئاساسلىق ياشاش مىزانى قىلىپ، ئۇنى مىللىتىمىزنىڭ مەڭگۈ ئۆرنەك قىلىدىغان دىلتۇمارى ـ ئەقىدىسىگە ئايلاندۇرۇپتۇ...

مەن پەخىرلىنىش ئىلكىدە ئەتراپىمغا كۆز يۈگۈرتتۈم: مىڭ ئەپسۇس، كۆرگىنىم، ئاڭلىغىنىمنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسى يۇقىرىقى دىلتۇمارنىڭ ئەينى ئەمەس، بەلكى ئەكسى بولدى: مەردلىكنىڭ ئورنىنى يىقىلغاننى تېپىش، كەينىدىن پىچاق ئۇرىدىغان نامەرد ـ خۇمسىلىق، باتۇرلۇقنىڭ ئورنىنى كۆز ياپرىقىدەك تىترەپ، يېتىمنىڭ كۆز يېشىدەك لىغىلداپ تۇرىدىغان قورقۇنچاقلىق، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا زېمىنغا ھۆرمەت ـ ھەشقاللا ئېيتىشنىڭ ئورنىنى جەت ئەلنىڭ ئوسۇرۇقىدىن ئەتىر پۇراپ، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ «كۆك كۆز»لەردىن بوپقالمىغانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىش، ئەل سۆيەرلىكنىڭ ئورنىنى خەلقنىڭ يىلىكىدە سۇ ئىچىش، قانۇندىن، پارتىيە ئىنتىزامىدىن قورقمىسا، ئۆزىنى بېقىپ ـ ئۆستۈرگەن ئاۋام خەلقنى ئېشەك قىلىپ مىنىش، مەرىپەتنىڭ ئورنىنى زامانىۋى خۇراپاتلىق، ئەرلىك غۇرۇرنىڭ ئورنىنى مەزلۇم مىجەزلىك، زەيپانىلىك، مەرەزلىك، قىتغۇرلۇق، چىركىنلىك، ساپ ئىنسانىي مۇھەببەتنىڭ ئورنىنى ساداقەتسىزلىك، ئاشنىدارچىلىق، بۇزۇلۇش، بۇزۇلغاننى ئەيىب ئالماسلىق، بەلكى گۈل قىلىپ چېكىسىگە قىسىشلار ئىگىلىگىلى تۇرۇپتۇ ... كۆڭلۈم چۈشۈن يەۋالغاندەك ئەسكى بولدى.

دىققىتىمنى يىغىپ ئەسەر ياراتقان بەدىئىي مۆھتەت بىلەن ئۇ ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان رېئاللىقنى مۆھتىقا كۆز يۈگۈرتتۈم: ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، سىياسىينىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىشقا، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىشقا، ئۇچۇرنىڭ تورلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىشى، شەھەرلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىپ، زامانىۋى كۆڭۈل ئېچىش ۋاسىتىلىرىنىڭ كەڭ تۈردە ئومۇملىشىشى، ئىقتىسادنىڭ كىشىلەر مەۋجۇدىيىتىدىكى تەڭشەكلىك رولىنىڭ كۈچىيىشى، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە كىشىلىرىنىڭ غايىسى، ئېھتىياجى، قىممەت قارىشى ۋە ھەق ـ ناھەق قارىشىدا تۈپلۈك ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. ئۇنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىرى شۇكى: بىرىنچىدىن، كىشىلەرنىڭ ھەممىدەم بىرلىكتە ئىشلەپ، تەڭ بەھرىمەن بولۇش، ئورتاق ياشاشنى مەقسەت قىلغان كوللېكتىۋىزملىق روھى سۇسلىشىپ، ئۆزىنى مەركەز قىلىپ، باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرۇشنى ـ باشقىلار كۆرمىگەننى كۆرۈش، كىيمىگەننى كىيىش، يېمىگەننى يېيىشنى بەخت ھېسابلايدىغان ئۆزۈمچىلىك ـ شەخسىيەتچىلىك روھى باش كۆتۈرۈپ ۋە جەمئىيەتلىشىپ، ئاساسلىق ھايات مىزانىغا ئايلاندى. ئىككىنچىدىن، ئىقتىسادنىڭ مەركەزلىك ئورنى كۈچىيىپ، كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى بەلگىلەيدىغان ئاساسلىق ئامىلغا ئايلاندى. ئىقتىساد، جۈملىدىن پۇلنىڭ سېھرىي كۈچى ئالدىدا، ئەجدادلىرىمىز نەچچە ئون ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات مۇساپىسى جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن، خەلقىمىزنىڭ ئەخلاقىغا ئايلىنىپ، مىللىي روھنىڭ مەنىۋى ئەڭگۈشترى بوپقالغان سەممىيلىك، مېھرىبانلىق، چىن ئېتىقاد، ئىنساپ ـ دىيانەت، ساپ دىللىق، دۇرۇسلۇق، ۋاپادارلىق، چىن ئىنسانىي مۇھەببەت قاتارلىق ئېسىل پەزىلەتلەرنىڭ مۇقەددەس ئورنى خىرىسقا ئۇچراپ ۋە داۋالغۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئادىمىلىك خىسلەتلىرىگە زىت بولغان شۆھرەتپەرەسلىك، پۇلپەرەسلىك، ئاچكۆزلۈك، كۆيۈمسىزلىك، مېھىرسىزلىك، ئېتىقادسىزلىق، ئىنساپسىزلىق، تۇترۇقسىزلىق، شەھۋەتپەرەسلىك، ۋاپاسىزلىق، مەسئۇلىيەتسىزلىك، غۇرۇرسىزلىق قاتارلىق چىركىنلىكلەر ئىگىلەپ، ئەخلاق بوھرانىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنى قوتازدەك چىداملىق ـ جاپاكەش يازغۇچىمىز ئابدۇللا ساۋۇت «نوپۇس كۆپىيىۋاتىدۇ، ئەمما ئادەملەر ئازىيىۋاتىدۇ» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1997 ـ يىل 6 ـ سان) دېگەن ھېكمەتلىك سۆزى بىلەن يىغىنچاق، ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بەردى. ئۈچىنچىدىن، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەت ئېڭى سۇسلاشتى. كىچىكنى ياراتمايدىغان، چوڭنى قىلالمايدىغان، ئىلكىدىكى پۇرسەتنى، جۈملىدىن خىزمىتىنى، ئوقۇشىنى، سالاھىيىتىگە ماس ئورنىنى قەدىرلىمەي، كۆزىنى ئەرشى ـ مۇئەللەققە تىكىۋېلىپ، ئەتىدىن كەچكىچە «بەڭگىنىڭ خىيالى»نى قىلىپ، ئۆزىگە نان بېرىۋاتقان ئىشنى قولىنىڭ ئۇچىدا قىلىپ، ئەپلەپ ـ سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈشنى ئىزدەيدىغان، ئاخىرىدا سۇۋەتكە سۇ ئۇسقاندەك ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي، «يىپچى خوتۇنلار» قاتارىغا قىستىلىپ، ئۆمرىنى غەيۋەت ـ شىكايەت، ھەسرەت ـ نادامەت بىلەن ئۆتكۈزىدىغانلار كۆپەيدى. تۆتىنچىدىن، نا جىنسلىق باش كۆتۈرۈپ، ئەرلەرنىڭ

ئاياللىشىشى، ئاياللارنىڭ ئەرلىشىش هادىسىسى كۆنسايىن ئەۋج ئې-
لىشقا باشلىدى. بەشىنچىدىن، ھوقۇقچىلىقنىڭ كۆچىيىشىگە ئەگىشىپ،
مىللەتنىڭ مېڭىسى بولغان زىيالىيلاردا پۈتكۈل توپ بويىچە ئەمەلگە
ئۆزىنى ئۇرىدىغان، ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن ۋاستە تاللاپ ئولتۇر-
مايدىغان، بۇ يولدا ھاقارەتلىك قۇربانلارغىمۇ ئۈنسىز چىدايدىغان نا-
چار ھالەت شەكىللەندى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بۇ ئەھۋاللارغا قارىتا
مۇناسىپ قائىدە ـ تۈزۈملەرنى تۈزۈپ، ئىجرا قىلغان، كومپارتىيە ئەزا-
لىرى ۋە كەڭ كادىرلار ئارىسىدا «ئۈچنى تەكىتلەش»، «ئۈچكە ۋە-
كىللىك قىلىش»، «ئۈچنى ئۆگىنىش» تەربىيىسى شۇنداقلا «كومپار-
تىيە ئەزالىرىنىڭ ئىلغارلىقىنى ساقلاش تەربىيىسى» قاتارلىق بىر قاتار
سىستېمىلىق ئۆگىنىش، تەربىيە پائالىيەتلىرىنى كەڭ تۈردە قانات ياي-
دۇرۇپ، خىزمەت ئۇسلۇبىنى ياخشىلاپ، باشقۇرۇش تىپىدىكى ھۆكۈ-
مەتنى مۇلازىمەت تىپىدىكى ھۆكۈمەتكە ئايلاندۇرۇش يولىدا زور تى-
رىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان، ھەددىدىن ئاشقانلارنى پارتىيە ئىنتىزامى ۋە
مەمۇرىي ئىنتىزام تەرتىپلىرى بويىچە بىر تەرەپ قىلىۋاتقان بولسىمۇ،
لېكىن، «ئۆگەنگەن خۇي ئۆلگىچە» دېگەندەك، بۇ چارە ـ تەدبىرلەر
يەنىلا بەزى چىركىن زىيالىيلارنىڭ ئىستىھسىنى چۈشۈرەلـمـىـدى.
زىيالىيلىرىمىزدىكى ئەمەل ـ مەنسەپ ساراڭلىقى كېسىلى كەسىپداشلىرى
ۋە خىزمەتداشلىرىنىڭ ئەيىبلىشى، جۈملىدىن پۈتكۈل جەمئىيـەتـنـىڭ
بىردەك لەنەت تاشلىرىنى ياغدۇرۇشى، شۇ ئىشقا شەيدا كىشىلەرنىڭ
«سۇغا چۈشكەن ئىتتەك ئۇر ـ ئۇرغا قېلىپ» رەسۋالىشىشى بىلەن كې-
يەنلەنگەن بولسا، بەكمۇ ياخشى بولاتتى ھەم شۇنداق بولۇشى كېرەك
ئىدى. لېكىن نۆۋەتتىكى رېئاللىقىمىزغا نەزەر سالىمىزنى ئاغدۇرغىنىمىزدا،
ئىش ئويلىغىنىمىزنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، بۇ خىل پاسىق ـ مەرەز كې-
سەللىك يوقىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەۋرەز يولى يېنىغا تىكىلگەن سۆ-
گەتتەك ياكى ئاق ئوغۇتتا ئەي قىلىنغان قاشقا بېدىدەك ھەدەپ باراق-
سانلاپ، زىيالىيلار قاتلىمىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بىر قاتار ئىجتىمائىي
كېسەللىكلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە مىللىي گۈللىنى-
شىمىزنى چۈشەپ قويۇۋاتقان، يېشەي دېسە ئېپىنى، كېسەي دېسە سېپىنى
تاپقىلى بولمايدىغان كۆرۈنمەس ئارغامچىغا ئايلاندى. ئىنچىكىلىك بى-
لەن كۆزىتىدىغان بولساق، زىيالىيلىرىمىزدىكى ئەمەل ـ مەنسەپ سا-
راڭلىقىنىڭ زىيالىيلار قاتلىمىدا تۆۋەندىكىدەك بىر قاتار ئىللەتلەرنى
بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىنى روشەن ھېس قىلالايمىز.

1. ئالا كۆڭۈللۈك، يوشۇرۇن ئىتتىپاقسىزلىق. ھەممىنى كۆڭلىدە
بىلىش، ياخشى ـ يامانىنى ئېنىق پەرق ئېتىش، لېكىن ئېغىزىدىن چى-
قارماسلىق، ئىشتىنىغا چىقىرىۋەتكەن تۇرۇقلۇق ھېچ ئىش بولمىغاندەك
ھېجىيىپ تۇرۇش ـ ھازىرقى كۆپ قىسىم زىيالىيدىكى ئورتاق ئالاھى-
دىلىك. مەلۇم بىر ئىدارە ياكى ئورگاندىكى خىزمەتچىلەر تېگى ـ
تەكتىدىن ئېيتقاندا، بىر كېمىدىكى كىشىلەر بولۇپ، كېمىنى مەنزىلگە
ئامان ـ ئېسەن يەتكۈزۈشتە بىر دىل، بىر تىللىق بولماق، جۈملىدىن
ئىتتىپاقلىق ـ ھەمكارلىق تولىمۇ مۇھىم. بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىز سىرت-
تىن قارىماققا تولىمۇ ئىناق. ئۇلار كۈندە سالام ـ سەھەتنى جايىدا
قىلىشىپ، بىرگە خىزمەت قىلىشىدۇ. بىللە قارتا ـ شاھمات ئوينايدۇ.
ئازراق ئارتۇق ئىقتىساد ۋە ۋاقىتقا ئېرىشەلىسىلا دوست تارتىشىپ
بىللە تاماق يېيىشىدۇ، قولاق مىدىرلىغىچە ئىچىشىپ، «خانلەيلۇن»غا

بولۇشقا تۈۋلاشقىنىچە پەيزى قىلىشىدۇ. توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يې-
تىم، نەزىر ـ چىراغ ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىدە بىر ياقىدىن باش، بىر
يەڭدىن قول چىقىرىشىپ، ئىززەتنى لايىقىدا قىلىشىپ، ئورۇق ـ
تۇغقانلاردىن چارى يېقىن ئۆتۈشىدۇ. بۇنىڭغا قاراپ ئۇلارنىڭ بىر ـ
بىرىگە بولغان ساداقىتى ۋە كۆيۈمىدىن گۇمانلىنىشقا ئادەمنىڭ كۆڭلى
بارمايدۇ. لېكىن ئىچكىرىلەپ كۆزەتسىڭىز، يۈرىكىگە قول سېلىپ باق-
سىڭىز، ئەھۋال ھۆكۈمىڭىزنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئىختىيارسىز كۆزد-
ىڭىزگە يىغا ئولىشىدۇ. كونىلارنىڭ «ئېغىزىدا كۈلكە ـ چاقچاق، قوي-
نىدا خەنجەر ـ پىچاق» ۋە ياكى («ئاغزىدا ھى ـ ھى قىلادۇر، كۆڭلى
قارا خۇمىسلار» (مەسئۇل مۇھەررىردىن تولۇقلىما) دېگەن تەمسىلنى
ئاتايىن ھازىرقى زامان زىيالىيلىرى ئۈچۈنلا ئىجاد قىلىپ قالدۇرۇپ
كەتكەندەك تۇيغۇغا كېلىسىز. كاماندىروپكىدىن قايتىپ كەلگەن كۈنى-
نىڭ ئەتىسى ئىشقا كەلگىنىڭىزدە، كارىدوردا ئۇچرىغان خىزمەتدىشىڭىز
قۇچىقىنى كەڭ ئاچقىنىچە سىز بىلەن خۇددى يېقىن تۇغـقـانـلاردەك
قۇچاقلىشىپ كۆرۈشىدۇ، ئۈزۈندىن ـ ئۈزۈنغا ئەھۋال سورايدۇ. بار-
غانسېرى ئاقىرىپ، سەمرىپ، تېخىمۇ سالاپەتلىكلىشىپ كەتكەنلىكىڭىز،
كاماندىروپكىنىڭ سىزگە ياققانلىقى ھەققىدە ئېغىزى ئېغىزىغا تەگمەي
سۆزلەيدۇ. سىزگە تاماكا تۇتىدۇ، ئەتە ـ ئۆگۈن ئىچىدە ئاتايىن ھار-
دۇق سورايدىغانلىقى ھەققىدە ئاتتەك ۋەدىلەرنى بېرىدۇ. ئاخىرىدا
ئالدىنقى كۈنى ئېلىپ بېرىلغان كادىرلارنى باھالاش يىغىنىـدا سـىـز
ئۈچۈن «مۇنەۋۋەر» كاتەكچىسىگە بىر ئىلمەك سىزىپ قويغانلىقىنى
ئەسكەرتىشنى ئۇنتۇمايدۇ... سىز خىزمەتدىشىڭىزنىڭ ئوچۇق كۆڭۈل-
لۈكىدىن، سىزگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىدىن ئالەمچە شادلىققا چۆمسىز
ماختاشلاردىن ئەس ـ ھوشىڭىزنى يوقىتىپ، كۆڭلى ـ قارنىڭىزنى ب
راقلا تۆكىسىز... بىردەمدىن كېيىن ھېلىقى خىزمەتدىشىڭىز باشقا ب
ئىشخانىدا پەيدا بولىدۇ. بۇ يەردىكى پاراڭ ئەلۋەتتە سىز ھەققىدە بو
لىدۇ. لېكىن گەپنىڭ گرادۇسى بىردەمنىڭ ئىچىدە بىراقلا 180 گرادۇس
بۇرۇلۇپ، باشقىچە تۈس ئالغان بولىدۇ: بۇ چاغدا سىز ئاقارغان ئەمەس،
قازان ئوغرىسىدەك قارايغان؛ سەمرىپ ئەمەس، كەيىپ ـ ساپانى تولا
قىلىپ ئېچەكلىرىڭىز سۈتى سېغىۋېلىنغان كالىنىڭ يېلىنىدەك خالتىلاش-
قان، كۆزىڭىزنىڭ خۇنى قاچقان؛ سالاپەتلىكلىشىپ ئەمەس، تولا ئويد-
نالغان قارتىدەك ئۇبدانلا پېتىدىن چۈشكەن، ھېچ بولمىغاندا گالستۇ-
كىڭىز ياراشمىغان قىلىپ تەسۋىرلىنىسىز. كەچلىكى بىر يېقىنىڭىز سادا-
قەتمەنلىك كۆرسىتىپ بۇ گەپلەرنى سىزگە ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە قال-
دۇرماي يەتكۈزۈۋاتقاندا، قۇلىقىڭىزغا ئىشەنمەي، ئىختىيارسىز ياقى-
ىڭىزنى چىشلەيسىز... ئۈچ ـ تۆت كۈندىن كېيىن كادىرلارنى سـىـنـاپ
تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئېلان قىلىنىدۇ. سىز ھەرقانچە قىلىپـمـۇ بـىـر
نەچچە خىزمەتدىشىڭىز سىزگە ۋەدە قىلغان «مۇنەۋۋەر» كاتەكچىسىگە
سىزىلغان ئىلمەكنىڭ ئىزناسىنى ئۇچرىتالمايسىز. خەپ! دەيسىز قامچى-
ىڭىزغا تۈكۈرۈپ. كەچلىكى «قارا تىزىملىك»ىڭىزگە ھېلىقى ساداقەتسىز
خىزمەتدىشىڭىزنىڭ ئىسمىنى پۈتىسىز. لېكىن، پەقەت چاندۇرمايسىز.
ئەتىسى شۇ كىشى بىلەن ئۇچرىشىپ قالسىڭىز، ئىلگىرىكىدەكلا قىزغىن
كۆرۈشىسىز، رېستورانلاردا بىللە ھاراق ئىچىسىز، بىللە قارتا ـ شاھمات
ئوينايسىز، توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم، نەزىر ـ چىراغلاردا بىللە
بولىسىز. بۇ ئىشلار شۇنداق تەبىئىي داۋاملىشىدۇكى، سىز ئۇنىڭدىن

قىلچە غەيرىيلىك ھېس قىلمايسىز. بولۇپ ئۆتكەن سەتچىلىكلەر ئىككىلار ئارىسىدىكى ئاشكارا مەخپىيەتلىك بولۇپ قېلىۋېرىدۇ (ئەلۋەتتە سىزمۇ نۆۋىتى كەلگەندە ئىشەكنىڭ بىر تال تۈكىنى بولسىمۇ يۇلۇۋالماي قالمايسىز). چۈنكى، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەمەل ـ مەنسەپ ئۈچۈن بولۇۋاتقانلىقىنى، قارشى تەرەپنىڭ سىزنى سېسىتالىسا، يىقىتالىسا ئۆزى ئۈچۈن بىر خەۋپنىڭ يوقىتىلىدىغانلىقىنى، ئۇشبۇ خۇمسىلىقنىڭ يىلتىزىنىڭ ئەمەلگە بېرىپ تۇتىشىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىسىز. ئىشلار مۇشۇ تەرزدە داۋاملىشىۋېرىدۇ... شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ھەر بىر ئىدارە، ھەر بىر ئىشخانا ئىس ـ تۈتەكسىز جەڭ مەيدانى بولۇپ، ئۇنىڭ جەڭچىلىرى بولغان خىزمەتچىلەر قارىماققا ئۇرۇش توختىتىش شەرتنامىسىگە ئىمزا قويغان تەرەپلـەردەك جىم يۈرۈشكەندەك قىلغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە بىرسى ـ بىرسىنىڭ پېيدا، ئاجىزلىقىنى تېپىپ يىقىتىشنىڭ، پېيىنى قىرقىشنىڭ كويىدا! مۇنۇ مەسالغا قاراڭ: ئالدىنقى يىلى مەلۇم بىر ئورۇندا «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلىپتۇ. مېنىڭ بىر ساۋاقداش ئاغىنەم بولۇپ، ئۇ مۇشۇ ئورۇننىڭ كاتىپلىقىنى قىلاتتى. ئاغىنەمنىڭ يېزىقچىلىق ئىقتىدارى يۇقىرى، ئېغىزى چىڭ بولغاچقا، رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئۇنى گۇرۇپپىنىڭ كاتىباتلىق خىزمىتىگە تاللاپتۇ. تەربىيە پائالىيىتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا ئاممىدىن پىكىر ئېلىنىدىكەن. بۇ مەزگىلدە ئاغىنەمنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپـىـسـى چۈشـكـەن پىكىرلەرنى رەتلەش بولۇپ، ئاغىنەم ئانچە سىنەگە كىرىپ كەتمەپتۇ. چۈنكى ئۇنىڭ نەزەرىدە بۇ بىر زىيالىيلارنىڭ سەرخىللىرى توپلاشقان ئورۇن بولۇپ، بىر ـ بىرىنىڭ ئۈستىدىن پىكىر بېرىدىغانلار چىقمايدىكەن... چوڭ يىغىن ئېچىلىپ، ئامما پىكىر بېرىشكـە كـەڭ تـۈردە سەپەرۋەر قىلىنىپتۇ. پىكىرنى بىۋاستە خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەرگە بەرسىمۇ، پىكىر ساندۇقىغا سېلىپ قويسىمۇ بولىدىكەن. پىكىرلەرگە ئىسمىنى يازسىمۇ، يازمىسىمۇ بولۇۋېرىدىكەن، مەخپىيەتلىك قاتتىق ساقلىنىدىكەن... يىغىندىن كېيىن ئىدارىنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك جايلىرىغا پىكىر ساندۇقلىرى قويۇلۇپتۇ. سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىلغان كۈنىنىڭ ئەتىسىدىن باشلاپ پىكىرلەر شۇنداق يېغىپ كېتىپتۇكى، پىكىر چۈشمەي بىكار قېلىشىدىن ئەنسىرىشىپ ئولتۇرغان ئالتەيلەن خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر كۈندە سەھەردە كۆتىرىپ كىرىشكەن قـۇچـاق ـ قۇچاق پىكىرلەرنى رەتلەپ، تەرجىمە قىلىپ بولالماي بۇرنىدىن بۇلاق چىقىپتۇ. خىزمەت ئىنتىزامىدا كۈندىلىك پىكىرلەرنى شۇ كۈنى چوقۇم رەتلەپ بولۇش تەلىپى بار ئىكەن. شۇڭا، ئۇلار ھەر كۈنى يېرىم كېچىلەرگىچە سىمىنا قوشۇپ ئىشلەپتۇ. تامىقىنى ئىشخانىغا ئەكېلىپ بېرىپتۇ. ئايىغى ئۈزۈلمەي ئۈچۈپ كېلىۋاتقان پىكىرلەر رەتلىگۈچىلەرنى ئوبدانلا ھالىدىن كەتتۈرۈپتۇ. بولۇپمۇ دوستۇم ئۇزاق مۇددەت كاتىپلىق قىلغان بولغاچقا، ئىدارىدىكى ھەممەيلەننىڭ پوچۇركىسىنى تونۇيدىكەن. ئۇنى ئەڭ ئازابلىغىنى، كۈندە بىللە يۈرىدىغان، خالاغىمۇ بىللە بارىدىغان «جان دوست ئاغىنىلەرنىڭ» بىر ـ بىرىنىڭ ئۈستىدىن يېزىشقان شىكايەتلىرى بوپتۇ. شۇ قېتىملىق پىكىر بېرىشتە ئەڭ كۆپىگە 242 تۈرلۈك، ئادەتتىكىلىرىگىمۇ ئالتە ـ يەتتە تۈرلۈكتىن پىكىر چۈشۈپتۇ. پىكىرلەرنىڭ تۆھمەت خاراكتېرى كۈچلۈك بولۇپ، بەزى پىكىرلەرنىڭ ۋەزنىنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئادەمنىڭ قورقىسى كېلىدىكەن... پىكىر رەتلەۋاتقانلاردىن بىرى كۆڭلىدىكىنى يوشۇرالماي: «مەن ئادەملەرنى ‹مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى›دىن ساۋاق ئالغاندۇ، دەپ ئويلىغانىدىم، ئەمەلىيەتتە ھېچقانچە ساۋاق ئېلىنماپتۇ. ئۇ كۈنلەرنى خۇدايىم ئىككىنچىلەپ كۆزىمىزگە كۆرسەتمەس. ئەگەر ئالىمادىس ھېلىقى ئىنقىلاب قايتا قوزغىلىپ قالىدىغان بولسا، ئادەملەر بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە بەتتەرلىشىپ، ئادەمنى تىرىك تۇرغۇزۇپ يەيدىغان ئىشلار چىقىدۇدەك» دەپ ياقىسىنى چىشلەپتۇ. دوستۇممۇ ئەل قاتارى نۇرغۇن ئىشنى زادىلا كاللىسىدىن ئۆتكۈزەلمەپتۇ. ئىشتىن چارچىغان ۋاقىتلىرىدا كاللىسىنى سەگىتىش ئۈچۈن سىرتلارغا چىقسا، تازا بىر ـ بىرىگە پىكىر بېرىشكەنلەر قولتۇقلىشىپ، چاقچاقلىشىپ يۈرۈشكىدەك... بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ دوستۇم تېخىمۇ ئازابلىنىپتۇ. پىكىر رەتلەشكە چۈشكەن شۇ كۈندىن باشلاپ ئىدارىدىكى ھەممە ئادەم كۆزىگە قاپقارا كۆرۈنىدىغان، چىرايىغا قاراپلا قـالـسـا قۇسقۇسى كېلىدىغان بوپقاپتۇ. بىر نەچچە ئايغىچە بىرەرسى بىلەن چىش يېرىپ پاراڭلىشىپ باقماپتۇ. تەشكىلىي پرىنسىپ قاتتىق بولغاچقا، يا كۆڭلىدىكىنى يېقىنلىرىغا دەپ قورسىقىنى بوشىتالماپتۇ، يا بۇرۇنقى قىزغىن خىزمەتداشلىق مۇھىتىغا كىرەلمەپتۇ. ئۇ ھازىرمۇ دوست تارتىشىپ، قولتۇقلىشىپ يۈرگەن ئاشۇ «ئاغىنىلەر»نى ھەر قېتىم ئۇچراتقىنىدا، يۈرىكى ئېغىپ، «ماۋۇ كىشى ئەينى چاغدا ساڭا مۇنداق تۆھمەتلەرنى قىلغان، شۇڭا، ئۇ سېنىڭ دوستۇڭ بولۇشقا ئەرزىمەيدۇ!» دەپ سىلىشتىن ئاران ئۆزىنى تۇتۇپ، بېشىنى چايقىغىنىچە يولىغا راۋان بولىدىكەن...

2 چېقىمچىلىق: چېقىمچىلىقنىڭ ئەڭ چوڭ زىيىـنى شـۇكى، ئـۇ چېقىلغۇچىنى روھىي جەھەتتىن پۈتۈنلەي تۈگەشتۈرۈۋېتىدۇ. ھەتتا بىر قېتىملىق خاتا چېقىلىش (چاققۇچىنىڭ نەزەرىدىكى كېلىشتۈرۈپ چېقىش) بىر ئادەمنىڭ پۈتكۈل كەسپىي، سىياسىي ھاياتىنى نابۇت قىلىۋېتىشى مۇمكىن. ھالبۇكى، چېقىمچىلىق بىزدىكى ئەمەل ـ مەنسەپ ساراڭلىرىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق، ئەڭ ئۈنۈملۈك كوزىرى بولۇپ، ئۇلار ھەدېگەندە لالما ئىتلاردەك تىمىسقىلاپ، ئۆسۈش يولىغا پۇتلىكاشاڭ بولالايدۇ، دەپ قارىغان ھەر قانداق ئادەمنىڭ بىر ئامالىلارنى قىلىپ ئەيىبىنى تېپىپ، ئۆزىگە يانتاياق بولالايدۇ، دەپ قارىغان رەھبەرگە ياكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا بىرنى ئون قىلىپ چاقىدۇ. ئۇلار بۇ قىلمىشىغا «ئەھۋالنى يۇقىرىغا ئىنكاس قىلىش» دەپ چىرايلىق ئات قويۇۋېلىشقان. دەرۋەقە، مەسىلىسى بار كادىرلارنىڭ ئەھـۋالـىدىن مۇناسىۋەتلىك ئورۇن ۋە شەخسلەرنى خەۋەردار قىلـىش ـ ئـەھـۋال ئىنكاس قىلىش ھەر بىر خىزمەتچىنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى. لېكىن بۇ يەردە بىر نۇقتا ئېنىق بولۇشى كېرەككى، ئىنكاس قىلىنغان ئەھۋال چوقۇم راست بولۇشى، ئادەم، ئورۇن، ۋاقىت ۋە گۇۋاھچىلار تولۇق بولۇشى كېرەك. بىزدە «ئوغرىنى تۇتساڭ مېلى بىلەن» دېگەن گەپ بار. لېكىن بىزدىكى چېقىمچىلارنىڭ چېقىشتا تايىنىدىغان نۇقتىسى ۋە ئۇسۇلى ئۆزگىچىرەك بولۇپ، پۈتۈنلەي تۆھمەت خاراكتېرىنى ئالغان. ئۇلار بىر بولسا ئىسىمسىز قارا خەت يازىدۇ، بىر بولسا ئالاھىدە سورۇنلاردا ئۆزى ئىشەنچ قىلغان مۇھىم كىشىلەرگە «پالانچى سىلى ھەققىدە مۇنداق گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈپتۇ، ئۇ ئەسلىدىلا مۇنداق ئادەم ئىدى... سىلىنى ئۆز بىلىپ بۇ گەپلەرنى قىلدىم.

لۇنىڭدىن قاتتىق ھەزەر ئەيلىگەيلا، شۇنداقلا بۇ سىرنى ئىنسانغا تىنمىغايلا» دېگەندەك تاكتىكىلىق ئۇسۇللار بىلەن ئىزنى ئۆچۈرۈپ تۇرۇپ، ئادەم چېقىش مەقسىتىگە يېتىدۇ. بۇ ئۇسۇللارنىڭ ھەر ئىككىلىسى بىخەتەر ھەم ئۈنۈملۈك بولۇپ، بىرىنچى خىل ئۇسۇلدا چېقىلغۇچى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ كۈچ تەشكىللىشىدە مەخپىي تەكشۈرۈلىدۇ. تەكشۈرۈلگۈچىدىن مەيلى مەسىلە چىقسۇن ياكى چىقمىسۇن، بەرىبىر ئۇنىڭغا بىر قېتىم چېكىت قويۇلىدۇ. چاققۇچى خەتكە ئىمزاسىنى قويمىغان بولغاچقا، ھېچقانداق خەتەرگە ئۇچرىمايدۇ. ئىككىنچى خىل ئۇسۇلدا «مۇھىم كىشى» «ئىنسانغا تىنماسلىق» ھەققىدە ۋەدە بەرگەن بولغاچقا، «ئۆزىلا بىلىپ» رەسمىي سورۇنلاردا دەپ يۈرمەيدۇ لېكىن قورسىقىدا غۇم ساقلايدۇ... چېقىلغۇچى ھېچ ئىشتىن بىخەۋەر - خىرامان يۈرىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ تونى ئاللىبۇرۇن پىچىلىپ بولۇنغان بولىدۇ، كەسپىي، تەشكىلىي ئىستىقبالى تازا ياخشى بولمايدۇ... خۇداغا مىڭ شۈكرىكىم، يېقىندا قارا خەت ۋە چېقىمچىلىقتىن جاق تويغان مەلۇم بىر ئورۇننىڭ پارتكوم شۇجىسى بىر قېتىملىق چوڭ يىغىندا غەزەپلەنگەن ھالدا، بۇندىن كېيىن ئىمزاسىز، پاكىتلىرى ئېنىق بولمىغان قارا خەتلەرنى ۋە ئەتىدىن - كەچكىچە باشقىلارنىڭ پېيىدە يۈرىدىغان چېقىمچىلارنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى، پاكىتلىق مەسىلىلەر بولسا، ئۆزىگە ياكى باشقا رەھبەرلەرگە يۈزتۇرا ئىنكاس قىلسا قارشى ئالىدىغانلىقىنى، شۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلالىغانلارنىڭ مەخپىيىتىنى قەتئىي ساقلايدىغانلىقىنى، ئەڭ ياخشىسى خىزمەتچىلەرنىڭ بىر - بىرىنىڭ پېيىدە يۈرمەي، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، زېھنىنى ئارتۇقچە ئىشلارغا ئىسراپ قىلماي، ئۆز خىزمىتىگە قارىتىشىنىڭ لازىملىقى ھەققىدە كەسكىن پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ، قارا ماتېرىيال يېزىپ، ئادەم چېقىپ جان بېقىپ كەلگەن بىر نەچچە كىشىنىڭ دېمىنى ئىچىگە چۈشۈرۈۋېتىپتۇ... ئېنىقكى، بۇ رەھبەر قارا خەتلەردە ئىنكاس قىلىنغان «مەسىلىلەر»نى تەكشۈرمەن دەپ نۇرغۇن ۋاقىت ۋە ئادەم كۈچىنى بىھۇدە ئىسراپ قىلغان، نەتىجىگە ئېرىشىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە بىر مۇنچە ئاۋارىچىلىق تېپىۋالغان. ئەگەر بۇ ئىشلارغا چەك قويۇلماي، ئۇلارنىڭ سەنئىمگە ئۇسسۇل ئويناپ، يېشىل چىراغ يېقىپ بېرىلسە، يەنە نۇرغۇن ياخشى كىشىنىڭ بىھۇدە ئۇۋالچىلىققا ئۇچراپ، مەزھەپچىلىك، ئىتتىپاقسىزلىق ئەۋج ئېلىپ، ئىدارىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئوبرازىغا زور نۇقسان كەلتۈرۈدىغانلىقىنى ئالدىن مۆلچەرلىگەنىدى. دەرۋەقە ھېلىقى رەھبەرنىڭ يىغىندىكى سۆزىدىن كېيىن، لالما ئىتتەك تىمىسقىلاپ يۈرىدىغان بىر بۆلەك كىشى بىردىنلا ياۋاشلىشىپ، دىڭگايتىۋالغان قۇيرۇقلىرى نەلەرگىدۇر يوقىلىپ، بار بىلەن يوقنىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قاپتۇ. كىشىلەرنىڭ قۇلاقلىرىمۇ تىنجىپ، ئارامخۇدا ئۆز ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولالايدىغان بوپتۇ...

3. ئىشەنچسىزلىك: ئالا كۆڭۈللۈك، يوشۇرۇن ئىتتىپاقسىزلىق ۋە يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان چېقىمچىلىق ئادەتلىرى تەبىئىي يوسۇندا زىيالىيلارنى بىر - بىرىگە ئىشەنمەس ھەم ئىشىنەلمەس قىلىپ قويىدۇ. قارىماققا ئۇلارنىڭ خىزمەت نىشانى بىر، خىزمەت ۋە تۇرمۇش ئىشلىرىدا ئۇرۇق - تۇغقانلاردىن چارە يېقىن ئۆتكەندەك قىلسىمۇ، لېكىن ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكىنىمىزدە، كۆرۈنمەس بىر پەردىنىڭ خۇددى بېرلىن تېمىدەك ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئايرىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ نورمال شارائىتتا بىر - بىرىگە ئالدىراپ سىر بەرمەيدىغانلىقىنى، كۆڭلىدىكى گەپلەرنى قىلىشىپ، خۇشاللىق ۋە قايغۇسىغا ئورتاقلىشىشتىن ھەزەر ئەيلەيدىغانلىقى، شۇنداقتىمۇ يەنىلا بىر - بىرىنىڭ ئىچكى سىرلىرىنى بىلىشكە تولىمۇ قىزىقىدىغانلىقىنى روشەن ھېس قىلالايمىز. ھەممىمىزگە ئايانكى، ئېقىن سۇنىڭ ئاققانسېرى ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇيدۇ. كۆل سۈيىنىڭ ئايىغى چىقىرىلىپ تۇرمىسا، ئاسانلا سېسىپ، بەتتامىلىشىپ كېتىدۇ. ئادەممۇ قوبۇل قىلىشنىلا بىلىپ، چىقىرىشقا نائىل بولالمىسا، قەلبىدىكى خۇشاللىقى بىلەن قايغۇسىنى كۆڭلى تارتقان كىشىسىگە دەپ «ئايىغىنى چىقىرىپ» تۇرمىسا، خۇددى تۇرغۇن سۇدەك سېسىپ ئىچىدىن تۈگىشىپ كېتىدۇ. مېنىڭچە، ھازىرقى زىيالىيلىرىمىز ئارىسىدا جىمغۇرلۇق، ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەش، چىچىلغاقلىق، بىسەرەمجانلىق قاتارلىق پسىخىكىلىق كېسەللەرگە گىرىپتار بولغان «نورمال ھېسابلىنىۋاتقان بىنورمال ئادەملەر» نىڭ ھەدەپ كۆپىيىپ كېتىشى، قىرىق ياشنىڭ قارىسىنى ئالماي تۇرۇپ يۈرىكىدىن، ئاتمىشنىڭ قارىسىنى ئالماي تۇرۇپ ئەزىز جېنىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقانلارنىڭ كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىشى، مۇشۇ خىل كېسەللىك يەنى ئىشەنچسىزلىك كېسىلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇنى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، تەڭرىنىڭ ئۆزىنىڭ رولى ۋە ئورنىنى توغرا تونۇشقا قادىر بولالمىغان «كىتاب يۈدىۋالغان ئېشەكلەر»گە بەرگەن جازاسى، دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

ئىلگىرى مەن چوڭلاردىن «ئايال كىشىنىڭ دوستى يوق» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ ھەيران قالمىغانىدىم. دەرۋەقە ئۇ چاغلاردا ئەرلەر چىلىك بولغاچقا، ئاياللارنىڭ پائالىيەت سورۇنلىرى چەكلىك، ئىجتىمائىي بەلىمى يوقنىڭ ئورنىدا ئىدى. ئۇلار بالا بېقىش، ئۆي تۇتۇش، كىر يۇيۇش، ئەرلىرىنى، قېيناتا - قېينانىلىرىنى كۈتۈش دېگەندەك ئىشلار بىلەن بەند بولغاچقا، كۆپلەپ دوست تۇتۇشقا شارائىتى ۋە تەجرىبىسى يوق ئىدى. شۇ سەۋەبلىك ئۇششاق گەپنى جىق قىلىپ، ئازغىنە دوستلىرىدىنمۇ ئايرىلىپ قالاتتى. ھازىر قارايدىغان بولساق، ئاياللارنىڭ پائالىيەت سورۇنلىرى ئەرلەرنىڭكىدىن كەڭ ۋە ئەركىن بولۇپ كەتتى. ئەڭ مۇھىمى، ئاياللار ئەزەلدىن ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا تازا قىزىقىپ كەتمەيدىغان، خۇشاللىقنى كۆپ ھالدا كىيىم - كېچەك، زىبۇ زىننەت ۋە ئائىلە تىنچلىقىدىن ئىزدەيدىغان تائىپە بولغانلىقى سەۋەبلىك، ئەرلەرنى كاردىن چىقارغان ئەمەل - مەنسەپ سارائگلىقى كېسىلىنىڭ ۋىرۇسلىرى يېقىنلىشالمىغان، قورساقتىكى گەپلىرىنى ئوچۇق - ئاشكارا دېيەلەيدىغان، ئاۋاز چىقىرىپ ئىچ - ئىچىدىن كۈلەلەيدىغان بولغاچقا، دوستلىرى كۈنسايىن كۆپىيىپ، ئەرلەرنىڭكىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ. ئەرلەر ئۆيدە، ئاياللار رېستوراندا، ئەرلەر ئەمەل - مەنسەپ تەمەسىدە كىملەرگىدۇر سورۇن تۈزۈپ، قۇرۇق ۋەدىلەرگە مۇشتاق، ئاياللار قاتار چايدا كۆڭلى خۇشۇۋاق، ئەرلەر غەيۋەتتە، ئاياللار پاتېنتىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا ھەيرەتتە... شۇڭا، مەن بۇ يەردە «ئاياللارنىڭ دوستى يوق» دېگەن ماقالنى «بەزى زىيالىيلارنىڭ دوستى يوق» دەپ ئۆزگەرتىش تەكلىپىنى بېرىمەن.

4. مەزھەپچىلىك: دەرىيادىن ئەل قاتارى ئۆتمەن دەيدىكەنسەن، چوقۇم كېمە ياكى سالغا چىقىشىڭ، ھېچبولمىغاندا، ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا بولسىمۇ ئېسىلىۋېلىشىڭ لازىم. قىلىۋاتقان ئىشىغا مۇناسىۋەتلىك كەسپىي كىتابلاردىن كۆرە، خەقنىڭ كۆزىگە قاراپ ياشاشنى ئۆگىنىدىغان

«جاھاندارچىلىق دەستۇرلىرى»نى كۆپرەك ئوقۇغان زىيالىيلىرىمىز ئىستىقبالىنى كۆپ ھالدا ئۆز قابىلىيىتى، تىرىشچانلىقى ۋە قازانغان نەتىجە داستىخىنىدىن ئەمەس، كىملەرنىڭدۇر كۆزلىرىدىن ئىزدىدى. ئۇلار ھېكايىدىكى «مەن» نىڭ ئۇسۇش پەلسەپىسى بولغان: «يۇقىرىدىن يۆلەنچۈك ئىزدەش، پۇلۇڭ ۋە يۇمشاق تىلىڭ، ئېگىلگەك بېلىڭ، لىڭشىشقا ماھىر بېشىڭ، كۈلگۈنچەك چىرايىڭ بولۇش»نى قىبلىنەما قىلىپ، مەلۇم بىر بەندىگە بارلىقىنى ئاتىدى. بۇنداقلار بىردىن، ئىككىدىن غۇژمەكلىشىپ، خوجىسىغا ئىتتەك ساداقەتمەنلىك كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، مەسلەكداشلىرى ئارىسىدىن مۇرت توپلاپ، تەسىرىنى كېڭەيتتى. نىشانىنى توغرا تاللىيالىغانلىرىنىڭ خوجىسىنىڭ ئەملى بىلەن تەڭ خورىكى ئۆسۈپ، يولۋاس تېرىسىنى كىيىۋېلىپ، ئادەم قورقۇتۇپ، خېلى دو سۇرۇشتى... بۇنىڭغا قانائەت قىلماي، ئۆز خوجىسىنىڭ تېخىمۇ چوڭ ئورۇننى ئىگىلەپ، ئۆزلىرىگە تېخىمۇ كۆپ ھىممەت كۆرسىتىشىنى تەمە قىلىپ، باشقىلارنى چەتكە قاقتى. دىيانەتلىك رەھبەرلەر ئۈستىدىن قارا ماتېرىيال يېزىپ، گەپ تارقىتىپ، خىزمەتلىرىگە قەستەن قىيىنچىلىق پەيدا قىلىپ، سۇنى لېيىتىپ، بېلىقنىڭ چوڭىنى تۇتۇش قەستىدە بولۇشتى. خۇددى نومۇسسىز سوپىلار ئالەمنى مالىم قىلغان ئەينى دەۋردە سۇلۇكتىن مۇستەسنا ئاۋام خاتىرجەم ياشاش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەندەك، بىرەر مەزھەپكە قېتىلماي ئۆز خىزمىتى، ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولىدىغان كىشىلەر بىر ئامالالار بىلەن چەتكە قېقىلدى. يوللۇق ھوقۇقلىرىمۇ دەپسەندە قىلىندى. بەزى ئورۇنلاردا يوشۇرۇن مەزھەپچىلىك شۇ دەرىجىدە كۈچىنى كۆرسەتتىكى، پايلاقچىلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئەيمىنىپ، بىرەرسى بىلەن خىزمەت ھەققىدىمۇ ئوچۇق ـ ئاشكارا پاراڭلاشقىلى، بىرەر رەھبەرنىڭ ئىشخانىسىغا قورقماي كىرگىلى بولمايدىغان ناچارلىقلار باش كۆتۈرۈپ، خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقى بەرھەم يەپ، خىزمەت ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كەتتى.

5. غۇرۇرسىزلىق: مەلۇمكى، غۇرۇر ئىنساندىكى بارلىق مەنىۋى (ئېسىل) پەزىلەتنىڭ يىغىندىسى ۋە ئىش ـ ھەرىكەتتىكى ئىپادىلىنىشى، ئادەمنى ھايۋاندىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان مۇھىم بەلگە، ئىنسان كامالىتىنىڭ ئەڭ ئالىي شەكلى. بىزنىڭ ھالاللىقنى ئاساسلىق ياشاش مىزانى قىلغان ئەجدادلىرىمىز تارىختىن بۇيان غۇرۇرغا ـ غۇرۇرلۇق ياشاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. «توشقاندەك مىڭ يىل ياشىغىچە، يولۋاستەك بىر يىل ياشا»، «باتۇرلۇق بىلەن ئۆلگەن يىگىتنىڭ ئانىسى يىغلىماس»، «بىر قولىدا ئوت، بىر قولىدا سۇ»، «پاشىنىڭ ئۇۋىسى يوق، پەسنىڭ مىللىتى»، «تۈلكىدىن پاناھ تىلىگىچە، يولۋاسقا يەم بول»، «تىنچلىق ئۈچۈن مېلىڭنى تىك، ھەققەت ئۈچۈن جېنىڭنى»، «ئات چېپىشى بىلەن قەدىرلىك، ئەر تۆھپىسى بىلەن»، «ئازغۇننىڭ يولىنى تۇتما، نامەردنىڭ قولىنى»، «پوقتا ئۆلگۈچە، ئوقتا ئۆل»، «شىرنىڭ سۆتى كېرەك بولسا، شىرغا يېتەر يۈرەك بولسۇن»، «نامەردنىڭ جورىسى بولغىچە، مەردنىڭ چۆرىسى بول»، «نومۇسىڭنى بەرگىچە جېنىڭنى بەر»، «ئۇيات ئۆلۈمدىن قاتتىق»، «يىگىتكە ئىككى نومۇس ـ بىر ئۆلۈم»دېگەندەك ئەقل تۇمارلىرىنى پۈتۈپ، ئۇنى پاكىز روھ بىلەن ئادەمدەك ياشاشنىڭ مىزانى قىلغان. ئارتۇقچە ئىزاھات بىھاجەتكى، زىيالىيلىرىمىز مىللەتنىڭ سەرخىللىرى، يولباشچىلىرى، شۇنداقلا خەلق ھاكىمىيىتىنىڭ ۋەكىللىرى، ئىجراچىلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەڭ ئاۋۋال غۇرۇرلۇق بولۇشى، شۇنداقلا ھەر جەھەتتىن (ئەلۋەتتە ئىجابىي تەرەپتىن) ئۈلگە بولۇشى كېرەك. بۇ ھەقتە ئۇلۇغ بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ تولىمۇ ئوبرازلىق قىلىپ: «ئەگەر ئارسلان ئىتلارغا باش بولسا، ئىتلار بولۇر ئارسلانسىمان، ئەگەر ئىت ئارسلانلارغا باش بولسا، ئارسلانلار بولۇر ئىتسىمان»، دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. ئەمدى تارىخ بەتلىرىنى يېپىپ قويۇپ، نۆۋەتتىكى رېئاللىقىمىزغا نەزەرىمىزنى ئاغدۇرغىنىمىزدا، ئەھۋال باشقىچىرەك بولۇپ، ئادەمنى قاتتىق ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ. بەزى زىيالىيلىرىمىزنىڭ كىچىككىنە ئەمەل ـ مەنسەپ ئۈچۈن قىلىۋاتقان پەسكەشلىكلىرىگە قاراپ، ھېلىمۇ زېمىننىڭ يېرىلىپ كەتمىگەنلىكىنى ئەقىلگە سىغدۇرغىلى بولمايدۇ. ئۇ زىيالىيلىرىمىزدىكى ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان، «مەن» دەك كىشىلەر ياراتقان غۇرۇرسىزلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى رېكورتىنى ـ ئۇنىڭ يارىتىلىش جەريانىنى پىچان ناھىيە بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ سۈپەت نازارەتچىسى، يېتىلىۋاتقان ئۈمىدلىك ياش يازغۇچى (مەسئۇل مۇھەررىردىن تولۇقلىما) جاپپار شەمشىددىن (خامۇش مۆمىن) «ئۇسۇشۇم كېرەك» ناملىق ھېكايىسى ئارقىلىق تولىمۇ يىغىنچاق كۆرسىتىپ بەردى. شۇڭا مەن بۇ يەردە يەنە ئۇنىڭ كەم قالغان باشقا ئىپادىلىرىنى ئېغىزىمنى، شۇنداقلا ئەل سۆيگەن مەتبۇئاتنى مەينەت قىلىپ بىر ـ بىرلەپ ساناپ ئولتۇرمايمەن. پەقەت شۇ يولدىكى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ ـ تەۋپىق تىلەيمەن.

6. تالانت ئىگىلىرىنى نابۇت قىلدى: مەلۇمكى، بىر ئورۇننىڭ خىزمەت ئۈنۈمى كۆپ ھالدا شۇ ئورۇندىكى كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ ئەجرىگە باغلىق بولىدۇ. تىككۈچى ئاشپەزلىككە، ناۋاي قاسساپلىققا سېلىنغان، تۇغماس توخۇلار كاتەكنى ئىگىلىۋالغان ئورۇندا تەرەققىياتتىن سۆز ئېچىش ئۇياقتا تۇرسۇن، خىزمەتلەرنىڭ نورمال تەرتىپكە كاپالەتلىك قىلىشمۇ تەسكە چۈشىدۇ. نۆۋەتتىكى زىيالىيلىرىمىزنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىۋاتقان 35 ـ 45 ياشلار چامىسىدىكى كىشىلىرىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى دېھقان ياكى بۇلغىنىشقا ئۇچرىمىغان تېگى پاكىز زىيالىيلارنىڭ پەرزەنتلىرى بولۇپ، ئائىلىسىدە ۋە مائارىپتا ناھايىتى ياخشى تەربىيە ئالغان. كەسپىي قىزغىنلىقى يۇقىرى بولۇپ، ئۇلار خىزمەت بوسۇغىسىغا قەدەم قويغان ئاشۇ ئۇنتۇلغۇسىز مىنۇتلاردىلا بۈيۈك ئارمانلارنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، ئەمەلىي نەتىجىلىرى بىلەن ئۆزىنى مۇشۇ ئالتۇن تاۋاققا ئىگە قىلغان پارتىيە ـ ھۆكۈمەتكە، ئاتا ـ ئانىسىغا ۋە خەلقىگە جاۋاب قايتۇرۇشنى ئۆمۈرلۈك نىشان ۋە مىزان قىلغان. دەرۋەقە ئۇلار شۇنداق قىلدى. لېكىن، ئېرىشكەنلىرى ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە تولىمۇ ئاز بولدى. بەزى ئورۇنلاردا يۈكنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرگەنلەرنىڭ يۈزى تەخسە كۆتۈرگەنلەرنىڭ يۈزىچىلىك ئېتىبارغا ئېلىنمىدى. مىسال: مەكتەپ مۇدىرى ئۆي تەقسىماتى لايىھىسىنى كۆزدىن كۆچۈرۈۋېتىپ، ئىلگىرى ئۆزىگە ماشىنا ھەيدىگەن شوپۇر بىلەن مەكتەپنىڭ كۆكتاتلىقىنى باشقۇرىدىغان ئىشچىنى ئاسانلا ئېسىگە ئالالىدى. لېكىن، 20 يىلدىن بېرى مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان، ئۈچ ـ تۆت كىتابى نەشر قىلىنغان ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىسمى ئۇنىڭغا ناتونۇش بىلىندى. A كىشى مۇشۇ بىر يىل مابەينىدە بىر ئاي ئىچكىرىدە ساياھەت قىلدى، ئىككى ئاي دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالاندى. Bكىشى بىر كۈنمۇ خىزمەتتىن قالماي،

خىزمەت ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇندىغاندىن سىرت، A نىڭ ئىشقا كەلمىگەن ۋاقتىدىكى خىزمەت مىقدارىنىمۇ قوشۇپ ئورۇندىدى. لېكىن يىل ئاخىرىدا A يىللىق خىزمەت نەمۇنىچىسى بولۇپ، شەرەپ سەھنىسىدىن ئورۇن ئالدى، B پەستە ئولتۇرۇپ چاۋاك چالدى... بەزى ئورۇنلاردىكى ھەق ـ ناھەق ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن، شائىر ئابدۇرېھىم زۇنۇننىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا: «باشلىق ئۈچۈنلا ئىشلەيدىغان» بۇ خىل كۆڭۈلسىز خىزمەت مۇھىتى بىزنىڭ ئاشۇ ئوت يۈرەك زىيالىيلىرىمىزنى ئۆزى قايتا ئويلىنىشقا مەجبۇرلىدى. ئۇلار ئازابلىق ئويلىنىشلاردىن كېيىن، «ئەسلىدىكى ئۆزى» بىلەن كۆزى قىيمىغان ھالدا خوشلىشىپ، باشقا بىر ئۆزى ھەققىدە ئىزدىنىشكە، كۈچىنى ئەمەس، يۈزىنى خار قىلىش يولىنى تۇتۇشقا مەجبۇر بولۇپ، ئەمەل ـ مەنسەپ چەمبىرىكى ئەتراپىغا تىزىلدى. چەمبىرەكتىكى ئادەملەر كۆپ بولغاچقا، «سەندىن مەن قالامتىم»، دەپ يېڭىدىن ـ يېڭى ئويۇنلارنى «ئىجاد قىلىپ»، ھەدەپ ئۈستۈنلۈك تالاشتى... ئالدىنقى يىلى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تەشۋىقاتى بىلەن مەلۇم بىر ناھىيىگە باردىم. كەچلىكى ياتىقىمدا ئارام ئېلىۋاتاتتىم. ئىلگىرى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىدا دەرسىمنى ئاڭلىغان بىر ئوقۇغۇچىم «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!» دېگىنىچە ياتىقىمغا كىرىپ كەلدى. خۇشھال كۆرۈشتۇق، ئەھۋال سوراشتۇق. پاراڭ ئارىلىقىدا ئۇ مېنى «بىر پىيالە چاي»غا تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. مەن كەچلىك تاماقنى يەپ بولغان بولۇپ، يېنىم يەر تارتىپلا تۇراتتى. چىرايلىق ئۆزرە ئېيتتىم. لېكىن ئۇ قەتئىي ئۇنىمىدى. ئامالسىز «چاي»غا بېرىشقا ماقۇل بولدۇم. ئۇ مېھمانخانىغا يېقىن بىر رېستوراندىن بىر شىرە زاكاس قىلغان بولۇپ، باشقا مېھمانلار ئاللىبۇرۇن كېلىپ بولۇشقانىكەن. مېھمانلار ئارىسىدا مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى (ئۇ ئەدەبىياتقا ھېرىسمەن كىشى بولۇپ، ئۆلپەتچىلىكىمىز بار ئىدى)، يېقىن ئەتراپتىكى بىر مەكتەپنىڭ مۇدىرى (ئۇ، مېنىڭ ئوقۇغۇچىم ئىدى) ۋە بىر نەچچە ئاپتور ـ ھەۋەسكار بار ئىكەن. سورۇندىكىلەرنى كۆرۈپ بىردىنلا روھىم كۆتۈرۈلۈپ قالدى. تاماقلار تارتىلدى. ھايال ئۆتمەي شاراپبازلىق باشلاندى. سورۇن تازا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەندە، ساھىبخان مېنى سىرتقا تەكلىپ قىلدى ھەمدە بوينىمدىن ئېلىپ تۇرۇپ: «بۇ سورۇننى تۈزۈشۈمدىكى مەقسەت، بىرىنچىدىن، سىلى بىلەن كۆرۈشۈش، ئىككىنچىدىن...، ئۇ سەل قىزاردى، ـ گەپنى ئۇدۇللا دەي، ئىككى يىلدىن بېرى مەكتەپ مۇدىرى مېنى يېنىغا تارتىپ ئۆستۈرۈش ئوبيېكتى قىلىپ تەربىيىلەۋاتىدۇ. پارتىيىگە كىرىپ رەسمىيلىشىپمۇ بولدۇم. خېلى كۆپ يول مېڭىپ بەزى ئىشلارنى توغرىلاپمۇ قويدۇم. يۆلەيدىغانلار تەييار بولدى، لېكىن، تارتىدىغانلار يوق. ئىدارە باشلىقىنىڭ سىلىگە كۆڭلى يېقىن ئىكەن، ئۇ بىر نەچچە قېتىملىق سورۇندا ياخشى تەۋسىيىلىرىنى قىلدى. دېمەكچىمەنكى، ئىدارە باشلىقىغا بىر نەچچە ئېغىز ياخشى گېپىمنى قىلىپ قويارمىكىن دەپ...» دېگەندەك گەپلەرنى قىلدى. مەقسەت ئېنىق بولدى. شۈبھىسىزكى، بۇ ئوقۇغۇچىمنىڭ سورۇن تۈزۈپ مەن بىلەن ئەسرارلاشماقچى بولغانلىقى يالغان، مېنى ۋاستە قىلىپ ئىدارە باشلىقىنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشمەكچى بولغىنى راست! راست گەپنى قىلغاندا، مەن بۇ سورۇننى مېنىڭ شەرىپىمگە ئورۇنلاشتۇردى، دەپ ئويلىغان، خىجىللىق ئىلكىدە ئۇنىڭ ھىممىتىدىن سۆيۈنگەن ھەم ھېچكىم كۆزگە ئىلمايدىغان ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىمدىن ئۆزۈمچە پەخىرلەنگەنىدىم. ئىشنىڭ تېگىنى ئۇققاندىن كېيىن بىردىنلا ئاسماندىن يەرگە چۈشكەندەك بولۇپ، بىر خىل خورلۇق ئىسكەنجىسىدە قالدىم. ئۇ مېنىڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىم ئىدى. كۇرس ۋاقتىدا سىنىپ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن بولۇپ، قويۇق بېرىش ـ كېلىش قىلغانىدۇق. ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى گەپ ـ سۆزلىرى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىدىن كەلگۈسىدىكى بىر مۇنەۋۋەر مائارىپچىنىڭ سىيماسىنى كۆرگەندەك بولغانىدىم. يۇمشاق كارىۋات، ئىسسىق يوتقاننى تاشلاپ، زەھەردەك ئاچچىق ھاراقلارنى ئىچىدىغانلىقىمنى بىلىپ تۇرۇپ بۇ سورۇنغا كېلىشىممۇ دەل ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىمدىن بولغانىدى. مىڭ ئەپسۇس، ئەينى چاغدا قەلبىمنى لەرزىگە كەلتۈرگەن، ھۆرمىتىمگە نائىل بولغان كەلگۈسىنىڭ بۇ مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىسى ئەمەلىيەتتە بىر كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئىلمىي مۇدىرلىقى ئۈچۈن سوكۇلداۋاتقان پەسەندىگە ئايلانغانىدى. مەن ئېغىر ئۇھ تارتقىنىمچە ئۇنىڭ ئىلتىجا ۋە ئاللىقانداق ۋەدىلىرىگە باش لىڭشىتقاچ سورۇنغا قايتىپ كىردىم. بىزدە «يېمە نامەرد ئېشىنى، ئاچلىق سېنى ئۆلتۈرسىمۇ» دېگەن ھېكمەت بار ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ بىچارە تەلمۈرۈشلىرىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، ۋىجدانىمغا خىلاپ ھالدا ئىدارە باشلىقىغا ئۇشبۇ ئەمەل سەۋداسىنىڭ ياخشى تەۋسىيىنى قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم... بۇ ئوقۇغۇچىم كېيىنكى چاغلاردا ئىلمىي مۇدىرلىق ئەمىلىنى ئالالىدىمۇ ـ ئالالمىدىمۇ بىلمىدىم، لېكىن شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ ئىسمىنى قەلب دەپتىرىمدىن مەڭگۈلۈككە ئۆچۈرۈۋەتتىم.

بىزنىڭ شۇنچە مول ھاسىلاتىمىزغا يىپ ئۇچى بولغان «ئۆسۈشۈم كېرەك» ھېكايىسى يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ناچار خۇي ـ پەيلىمىز كەلتۈرۈپ چىقارغان چىركىن تۇرمۇش (خىزمەت) رېئاللىقى ۋە شورلۇق قىسمەتلىرىمىزنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇلغان، مەركەزلەشتۈرۈلگەن كۆرۈنۈشى بولۇپ، ئۇنى تېمىسىنىڭ ئەھمىيەتلىك، مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇر، تەربىيىۋى رولىنىڭ كۈچلۈكلىكى، خەلقىمىز تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان چوڭ مەسىلىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ۋە مۇۋاپىق ھەل قىلىپ، زىيالىيلىرىمىزنىڭ ئەجەللىك كېسىلىگە توغرا دىئاگنوز قويۇپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ، ھەق ـ ناھەق تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، ۋىجدانىنى تاۋلاپ، يوقىلىپ كېتىۋاتقان ئۆزىنى قايتا تېپىۋېلىشىغا يېتەكلەشتە تۈرتكىلىك رول ئوينىغانلىقىدەك ئۆزگىچىلىكى بىلەن يېقىنقى بىر مەزگىلدە ئېلان قىلىنغان ھېكايىلەرنىڭ ئالدى دېيىشكە بولىدۇ. ئاخىرىدا زېھنى، قەلىمى ئۆتكۈر، لېكىن ئىسمى ئوقۇرمەنلەرگە ناتونۇش بۇ ياش يازغۇچىمىزنىڭ ئىجادىيىتىگە ئۇتۇق تىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ ھېكايىنى ئوقۇمىغان زىيالىيلىرىمىزنىڭ ئالدىراشچىلىق ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ، بىر قېتىم ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىشىنى، بەش مىنۇت ۋاقىتنى سەرپ قىلىپ، ئۆزىنى بىر قېتىم ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ئادىمىيلىك ۋەزنىنى دەڭسەپ بېقىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن. ئاخىرقى ئىلتىجايىم شۇكى: ئۆسۈڭ، لېكىن غۇرۇرىڭىز بىلەن.

2006 ـ يىل فېۋرال ـ خوتەن

---

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى



# ئابدۇللا ئابدۇرېھىم نېمە دەيدۇ

ئابدۇقادىر مەتسىدىق

2005 ـ يىلى 11 ـ فېۋرال ئەتىگەن سائەت 9:30لاردا دوستۇم، شائىر دولقۇن جاپپاردىن تېلېفون كەلدى. ئۇ، تېلېفوندا داڭلىق ناخشىچى ئابدۇللا ئابدۇرېھىمنىڭ بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى كېرىيىگە كەلگەنلىكىنى، تەكلىپكە ئاساسەن ئۇنىڭ بۈگۈن سائەت ئوندا چىرىغا كېلىدىغانلىقىنى، ھازىر ئابدۇللا ئابدۇرېھىمنىڭ كېرىيە ناھىيىسىدىن چىرىغا قاراپ يولغا چىققانلىقىنى، شۇڭا دەرھال «ئالتۇن كۆۋرۈك» رېستورانىغا كېلىشىمنى ئېيتتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھاياجانلىق بىر سېزىم پۈتۈن ۋۇجۇدۇمغا تارالدى. «ئادەم ئارزۇ قىلغان بەزى ئىشلار تويۇقسىز، تاسادىپىي بىر پۇرسەتلەردە ئەمەلگە ئېشىپمۇ قالىدىكەن ـ ھە؟» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

مەن «ئابدۇللا ئابدۇرېھىم» دېگەن بۇ مۇبارەك ئىسىم ۋە ئابدۇللا ئابدۇرېھىم ئىجراسىدىكى لىرىك ناخشىلار بىلەن ئۆتكەن

## ياشلار چايخانىسى

ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن باشلاپ تونۇشۇشقا باشلىغانىدىم. باشتا ئۇنىڭ ناخشىلىرىنى ئۈنئالغۇدىن، كېيىنرەك تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى، VCD پلاستىنكىلىرىدىن ئاڭلىغان، «سۇرمە»، «ئۇۋالىم»، «سىرلىق تۇمان»، «راك باياۋان»، «كېچەلمەيمەن سېنىڭدىن ۋەتەن»، «گۈلمەرەم»، «رەنجىمە»، «كەچۈر ئايالىم»، «كۆزۈڭنى ياشلىما»، «مەشرەپ» قاتارلىق بىر تۈركۈم ئېسىل ناخشىسىنىڭ ئېزگۈ مۇڭلىرى يۈرەك ـ باغرىمغا چوڭقۇر سىڭىشىپ كەتكەنىدى. 2003 ـ يىلى 10 ـ سېنتەبىردە بولسا كېرەك، ناھىيىمىزدىكى يازلىق كىنوخانىدا ئويۇن قويۇلغاندا، تاماشىبىنلار قاتارىدا ئولتۇرۇپ 30 ـ 40 مېتىر يىراقلىقتىن ئۇنىڭ دىدارىنى بىر قېتىم كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغان بولساممۇ، ئەمما قارىشىپ ئولتۇرۇپ پاراڭلاشقۇدەك پۇرسەتكە ھازىرغىچە تېخى مۇشەررەپ بولالمىغانىدىم. شۇڭىمۇ دوستۇم دولقۇن جاپپار يەتكۈزگەن خەۋەردىن قەۋەتلا سۆيۈنۈپ كەتتىم. ئابدۇللا ئابدۇرېھىم ناھىيىمىزگە كېلىپ ناخشا ئېيتقان شۇ ئاخشىمىدىكى گۈلدۈراس ئالقىشلار قۇلاق تۈۋىمدە قايتىدىن ياڭرىغاندەك بولدى. ئۇنىڭغا سۇنۇلغان دەستە ـ دەستە گۈللەر، قايتا ـ قايتا ناخشا تەلەپ قىلىشلار، 18 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى گۈلاخما يېزىسىدىن كەلگەن

12 ـ 13 ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالىنىڭ يالاڭ ئاياغ، ئالدى ئوچۇق كۆڭلىكىدىن قورساقلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان پېتى سەھنىگە چىقىۋېلىپ، قولىيۇندەك پىرقىراپ ئابدۇللا ئابدۇرېھىمنىڭ ناخشىلىرىغا ئۇسسۇل ئويناپ كېتىشلىرى، ئابدۇللا ئابدۇرېھىمنىڭ ناخشا تۈگىگەندە ھېلىقى بالىنىڭ قولىنى يېتىلىگەن ھالدا تاماشىبىنلارغا كامالىي ئېھتىرام بىلەن ئېگىلىپ تەزىم قىلىشلىرى، يېقىندىلا تېخى چىرا يېزا جاي كەنتىدىن بىر ئىش بىلەن ئىشخانىمىزغا كەلگەن مۇھەممەتئابدۇللا ھاشىم ئىسىملىك بىر دېھقانىنىڭ 2003 ـ يىلى تونۇرغا چۈشۈپ كېتىپ كۆيۈپ قالغان تۆت ياشلىق ئوغلىنى داۋالىتىش جەريانىدا تارتقان كۆلپەتلىرى، ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ قىلغان سەممىي ياردەملىرى توغرىسىدا توختىلىۋېتىپ: «ئابدۇللا ئابدۇرېھىممۇ چىرىغا ئويۇن قويغىلى كەلگەندە باشقىلاردىن بالامنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاپتىكەن، 500 يۈەن بەرگەندى» دېگەنلىكى، ئاندىن قويىندىن ئاتا ـ بالا ئىككىسى ئابدۇللا ئابدۇرېھىم بىلەن بىرگە چۈشكەن بىر پارچە سۈرەتنى ئاۋايلاپ ئېلىپ، ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق قاراپ كېتىشلىرى ئېسىمدىن بىر ـ بىرلەپ كەچتى.

مەن خىياللىرىمنى ئۈزۈپ سائىتىمگە قارىسام، ئۇنىغا 20 مىنۇت قاپتۇ. دەرھال «ئالتۇن كۆۋرۈك» رېستورانىغا بارماقچى، بۇرۇنراق بېرىپ ئىش ـ كۈشلەر بولسا ياردەملەشمەكچى بولدۇم ـ يۇ، توساتتىن بىر ئىش يادىمغا كېلىپ، كومپيۇتېرنى ئاچتىم. توردا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىلى 6 ـ سانىغا بېرىلگەن «داغدام يوللاردىكى كۆرۈنمەس داۋانلار» ناملىق ماقالە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ماقالە ئاپتورى، ئاتاغلىق شائىر مۇھەممەتجان راشىدىن ئۇيغۇر ناخشىچىلىقى ۋە ئۇيغۇر ناخشىچىلىرى توغرىسىدا توختىلىپ، ئابدۇللا ئابدۇرېھىم قاتارلىقلار ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويغان بەزى قاراشلارغا دائىر تورلۇك مۇلاھىزە بار ئىدى. ھەركىم ئۆزى ھەققىدە بولۇۋاتقان ھەرخىل گەپ ـ سۆزگە دىققەتتە بولماي قالمايدۇ. شۇڭا توردىن بۇ ماتېرىياللارنى چۈشۈرۈپ، بىرگە ئالغاچ باراي، كۆرۈپ قويغانىنىڭ يامىنى يوققۇ، دېگەن خىيالغا كەلدىم. ئەپسۇس، تور ھەققىدىكى ساۋاتىم يېڭى بولغاچقا، «ئالدىرىغان يولدا قالار» دېگەندەك ئىش بولدى. كومپيۇتېر بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرۈپ سائەت ئوندىن ئېشىپ كەتتى. دولقۇن جاپپاردىن يەنە تېلېفون كەلدى: «نېمانداق كەلمەيلا تېخىچە، مېھمانلار كېلىپ بولغىلى نەۋاق، سىلىدىن باشقىسى بېرى بار، تېز بولسىلا، تېز...»

مەن توردىن چۈشۈرۈۋالغان سەككىز بەتلىك ماتېرىيالنى يانچۇقۇمغا سېلىپ، «ئالتۇن كۆۋرۈك» رېستورانىغا قاراپ يول ئالدىم. ئىشىكتىن كىرىپ قارىسام، تۆردىكى 1 ـ نومۇرلۇق چوڭ شىرەنىڭ تۆرىدە ئابدۇللا ئابدۇرېھىم، ئوڭ يېنىدا دولقۇن جاپپار، سول يېنىدا مۆمىنجان ئابلىكىم، ئۇنىڭ يېنىدا ياش ناخشىچى مەۋلان مۇھەممەتئىمىن بىلەن چىرا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدىكى ئوسمانجان، ئاندىن يەنە شىرەنى چۆرىدەپ لىققىدە مېھمانلار ئولتۇرۇپتۇ. مەن مېھمانلار بىلەن ئىككى قوللاپ كۆرۈشۈپ چىقىپ، ئابدۇللا ئابدۇرېھىم، مۆمىنجان ئابلىكىمدىن «ھارمىغايسىلەر!» دەپ قايتا تىنچلىق سورىدىم.

ـ ئەزىز مېھمانلار بۇ يەردە تۇرسا نەلەردە يۈردىلا مۇئەللىم، رېستوران دېگەنگىمۇ پات ـ پات كېلىپ تۇرسىلا مۇنداق، بولمىسا تاپالماي ئېزىپ قالدىلا ئەمىنا، ـ دېدى دولقۇن جاپپار چاقچاق قىلىپ. مېھمانلار پاراققىدە كۈلۈشتى. مەن ئەمدىلا كېلىپ سورۇنغا قېتىلغاچقا، قورۇندۇممۇ قانداق، دەماللىققا ئېغىزىمغا بىرەر جاۋاب كەلمىدى. پەقەت كۈلۈمسىرەپلا قويدۇم. مېھمانلارنىڭ ھەممىسى خۇشخال، چېھرىدە تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. شىرە ئۈستى ھەرخىل قورۇمىلار بىلەن لىق تولدۇرۇۋېتىلگەن بولۇپ، «ئالتۇن كۆۋرۈك» رېستورانىنىڭ كۈن بويى ئالدىراش يۈرىدىغان ياش خوجايىنى، چىرا ناھىيە ماگارىپ ئىدارىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى مۇھەممەتئىمىن سۇلايمانمۇ مېھمانلارنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئىش ـ كۈشلىرىنى تاشلاپ، مېھمانلارغا ھەمراھ بولۇۋېتىپتۇ. مەن دولقۇن جاپپار بىلەن بېشىنى سەل ئېگىشتۇرۇپ بىر نېمىلەرنى دېيىشىۋاتقان ئابدۇللا ئابدۇرېھىمغا سەپسالدىم. ئۇنىڭ چاچلىرى رەتلىك تارالغان بولۇپ، ئۈستىدىكى يارىشىملىق كىيىملەر ئۇنى تېخىمۇ سالاپەتلىك كۆرسىتەتتى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئىشلەپ كۆرسەتكەن 2005 ـ يىللىق قۇربان ھېيتلىق سەنئەت كېچىلىكىدە كۆرۈنمىگەن بۇرۇتلىرى ئەمدىلا كۆكلەشكە باشلىغان بولۇپ، تېخى بۇرۇنقىدەك قويۇق ئەمەسىدى. مۆمىنجان ئابلىكىم بولسا، بۇرۇنقىدىن سەل سەمرىپ قاپتۇ. دولقۇن جاپپار نېمە دېدىكىن، خىيال سۈرۈۋاتقىنىمدا ئابدۇللا ئابدۇرېھىم تۇيۇقسىز بېشىنى كۆتۈرۈپ كۈلۈپ كەتتى.

ـ دولقۇن، ئابدۇللا ئابدۇرېھىم بىلەن يېقىنلىقىڭىزنى، دائىم ئالاقىلىشىپ تۇرىدىغىنىڭىزنى ھەممىمىز بىلىمىز، كۆپچىلىكىمىز بولسا ئۇنىڭ بىلەن ئاران بىر دىدارلىشىپ ئولتۇرۇپتىمىز. شۇڭا مۇمكىن بولسا ئابدۇللا ئابدۇرېھىمنى يالغۇز «مونوپول» قىلىۋالماي، بىزگىمۇ بەرگەن بولسىڭىز، ـ دېدىم قىزىق چايدىن بىر ئوتلىغاچ.

ـ بولىدۇ، شۇنداق قىلايلى، ـ دېدى دولقۇن جاپپار قويۇق قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ، ـ ئەمسە گەپنى ئويچى قىلايلى، ئويچى ئاڭلايلى، مەندەك شەخسىيەتچىلىك قىلمايلى، ـ ئاندىن ئۇ ئابدۇللا ئابدۇرېھىمغا بۇرۇلۇپ سورىدى، ـ نېمە دېيىشەك بولار؟

ـ نېمە دېگۈڭ كەلسە شۇنى دەۋەر بولدى، بىرەر ناخشا ئېيتىپ بېرەيمۇ بولمىسا، ـ دېدى ئابدۇللا ئابدۇرېھىم چاقچاق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ.

ـ ناخشاڭنى سەھنىدىن ئاڭلايلى. ھازىر ماڭا سوئال سوراش ھوقۇقىنى بەردىڭ، قانداق سوئال سوراش ئىختىيارىمغا ئۆتتى، ـ دېدى دولقۇن جاپپار بارماقلىرى بىلەن چاچلىرىنى تارىۋېتىپ، ـ باشقا سوئال تېخى ئېسىمگە كەلمىدى، يېقىنىڭياقى كاللامدىن ئۆتمەيۋاتقان، كۆڭلۈمنى بىئارام قىلىۋاتقان بىر گەپ بار، شۇنىلا سوراي. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىل 6 ـ سانىغا بېسىلغان ماقالىنى ئوقۇدۇق. مۇھەممەتجان راشىدىن ئاكا ساڭا «ئۆتكۈنچى دەۋرنىڭ تۆھپىكارى»، «ۋايىغا يەتكەن ھەقىقىي ئۇيغۇر ناخشىچىسى ئەمەس»، «ئاۋازى ئۇنچىۋالا سۈزۈك، ساپ ئەمەس»، «بىرەر خەلق ناخشىسى بىلەن سەھنىگە چىقالمىدى، خەلق ناخشىلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتالمايدۇ»، «كەڭ ئۇيغۇر خەلقى ئۇنى تېخى ھەقىقىي ناخشىچىمىز دەپ تونۇپ كەتكىنى يوق»... دېگەندەك قاراشلارنى قويۇپتۇ. بىزنىڭچە، بۇ قاراشلار سەل ئېشىپ كەتتىمۇ ـ قانداق؟

ـ يامان يەردىن چۈشتىڭ ـ دە، سەنمۇ، ـ دېدى ئابدۇللا ئابدۇ-
رېھىم يېڭىدىن كۆكلەۋاتقان بۇرۇتىنى ئاستا سىپاپ قويۇپ، ـ بوپتىلا،
ئويلىغىنىمنى دەپ باقاي. بۇ ماقالە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن مەن
كۆرمەپتىمەن، باشقىلار كۆرۈپتۇ، لېكىن كۆڭلى يېرىم بولمىسۇن، دەپ
ماڭا دېمەپتۇ. ئاخىر بىر كۈنى خىزمەتدىشىم خالمۇراد، بىلسىلەرغۇ
«مېھمان» دېگەن ئېتوتتىكى «چولڭ ئېبسا»نى، شۇ كەپتۇ. «ئاداش،
بىر گەپ باردى، بىر نەچچە كۈن بولدى دەيمۇ ـ دېمەيمۇ دەپ
يۈرگىلى» دەيدۇ. «نېمە گەپ بولسا دەۋەرگىن» دېدىم. ئۇ يېنىدىن
ھېلقى ژۇرنالنى چىقىرىپ ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇزۇن بىر ماقالىكەن،
شۇ چاغدا ئاندىن خەۋەر تاپتىم بۇ گەپلەردىن. مۇھەممەتجىنكام بە-
لەنمۇ تونۇشلۇقىم بار. باشتا تونۇشتۇرغاندەك، بۇ يەردە ئولتۇرغان-
لارنىڭ ھەممىسى زىيالىي ئىكەنسىلەر، ئاراڭلاردا يازغۇچى ـ شائىر-
لارمۇ، سەنئەتكارلارمۇ خېلى كۆپ ئىكەن. توغرا قاراش كېرەكتۇ بۇن-
داق ئىشلارغا. بىر سەنئەتكار ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، ياخشى ـ يامان
باھالارنىڭ چىقىپ تۇرغىنى ياخشى. سەن ناخشاڭنى ئېيتىۋەرسەڭ،
ياخشى ئېيتتىڭمۇ، يامانمۇ، خەقتىن ھېچقانداق سادا بولمىسا، بۇ بىر
پاجىئە. بىز ناخشا ئېيتىمىز، تاماشىبىنلار پەستە ئولتۇرۇپ گۈلدۈراس
ئالقىشلارنى ياڭرىتىدۇ. بىراق بىز ھەممە ئادەم مېنى ئالقىشلاۋاتىدۇ،
دەپ مەستخۇش بوپكەتسەك بولمايدۇ. تاماشىبىنلار ئارىسىدا چوقۇم
چاۋاك چالمىغانلاردىن بىرقانچىسى بولۇشى مۇمكىن، ئەمما بىز
ئۇلارنى سەھنىدە تۇرۇپ ئېلغا قىلالمايمىز. بىزگىمۇ ئانچە ـ مۇنچە
سەگىتىپ تۇرغۇچىلارنىڭ چىققىنى تۈزۈك. بىز ئۇلار ئارقىلىق كەم-
چىلىكلىرىمىز بولسا تونۇپ يېتەلەيمىز، تۈزىتىمىز، قايتا خاتالىشىشتىن
ساقلىنىشقا تىرىشىمىز. ئەگەر بىز خاتا يوللارغا مېڭىپ قالغان بولساق،
كېيىنكىلەر بىزدىن ئىبرەت ئېلىپ، توغرا يولدا ماڭىدىغان بولىدۇ.
بۇنىڭ ئۆزى سەنئىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق. مەنمۇ خەلق
ناخشىلىرىنى ئېيتمىغان ئەمەس، ئېيتقان، ئىككى ـ ئۈچتەك لېنتىمۇ
چىقارغان. خەلق بىزنىڭ يىلتىزىمىز، خەلق ناخشىلىرىدىن بىز ھەرگىز
ۋاز كەچمەيمىز ھەم مەڭگۈ ۋاز كەچمەسلىكىمىز كېرەك. ئەمما ھە دې-
گەندىلا خەلق ناخشىلىرىغىلا ئېسىلىۋېلىش، يېڭىلىقنى قوبۇل قىلماس-
لىق، ئەنئەنە ئاساسىدا يېڭىلىق ياراتماسلىق، زامانىۋىلىققا يۈزلەن-
مەسلىكمۇ سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. يەنە بىر
جەھەتتىن ئېيتقاندا، خەلقنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجى، سەنئەتكە، ناخشا ـ
كۈيلەرگە بولغان ئېھتىياجىمۇ كۆپ قاتلاملىق بولىدۇ. بەزىلەر كلاس-
سىك ناخشىلارنى، بەزىلەر زامانىۋى تۈستىكى ناخشىلارنى ياقتۇرىدۇ.
شۇڭا خەلقنىڭ كۆپ قاتلاملىق ئېھتىياجىنىمۇ نەزەرگە ئېلىش، ھەم-
مەيلەننى خەلق ناخشىلىرىنىلا ۋە ياكى زامانىۋى ناخشىلارنىلا ئاڭلاشقا
زورلىماسلىق، ناخشىچىلارنىمۇ بىر تەرەپلىمە ئۆلچەملەر بويىچە كەل-
سە ـ كەلمەس باھالىماسلىق، ئۇلارنىڭ ئەمگىكىگە ئىلمىي سەنئەت
نەزەرىيىلىرىگە ئاساسلانغان، سەنئەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە
ھۆرمەت قىلغان ئاساستا ئەتراپلىق، توغرا باھا بېرىش كېرەك. بۇ
ھەرگىزمۇ مۇھەممەتجىنكامغىلا قارىتىپ دەۋاتقان گەپ ئەمەس.
مېنىڭچە، ياخشى ـ يامانى، توغرا ـ خاتانى، ھەق ـ ناھەقنى تارىخ،
ئەۋلادلار ھامان ئايرىپ چىقالايدۇ. ھازىر مەن ياكى باشقىلار ئېيت-
ۋاتقان ناخشىلارنىڭ بەزىلىرى بەلكىم يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇن-
تۇلۇپ كېتىشى، بەزىلىرى بولسا ئۆزلۈكسىز تاۋلىنىپ، پىششىقلىنىپ
خەلق ناخشىلىرىغا ئايلىنىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. بۇ، خەلق ناخشىلىر-
نىڭ شەكىللىنىش تارىخىغا ئۇيغۇندۇر.

ـ مۇھەممەتجان راشىدىن ئاكا شىنجاڭدا شۆھرەت قازانغان
خەلق شائىرى، ھەتتا «گۈلزار ئەدەبىيات مۇكاپاتى» نامزاتلىقىغىمۇ
كۆرسىتىلگەن. مەن ئۇنىڭ شېئىرىي تالانتىغا ھەقىقەتەن قايىل، مەندىن
باشقا نۇرغۇن كىشىمۇ قايىل. مەن ئۇنى بۇرۇن ئانچە بىلىپ كەت-
مەيتتىم. 1990 ـ يىللارنىڭ باشلىرى بولسا كېرەك، بىر شېئىرنى يېزىپ
كېلىۋېتىپ، يۇلتۇزلارنىڭ دەرەخ ئۇچلىرىدا جىمىرلاپ تۇرغان بىر
كۆرۈنۈشىنى زادىلا كۆڭلۈمدىكىدەك تەسۋىرلەپ چىقالمىدىم، تاشلاپ
قويدۇم، ئۇزاق ئويلاندىم. كېيىن «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ بىر سانىدىكى
شېئىرلارنى ئوقۇۋاتقىنىمدا «يۇلتۇزلار قونۇۋاپتۇ تېرەكلەرگە» دېگەن
مىسرالارنى كۆرۈپ قالدىم ۋە ھاياجىنىمنى باسالماي قالدىم. شېئىر
ئاپتورىغا قايتا قارىسام «مۇھەممەتجان راشىدىن» دەپ تۇرۇپتۇ. بىر
ئىشتىياق تۇيغۇسىدىن شۇنىڭدىن بۇيان مەن ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى
سۆيۈپ ئوقۇپ كېلىۋاتىمەن، ـ دېدىم مەن، ـ ئەمما مۇھەممەتجان
راشىدىن ئاكىنىڭ بايا تىلغا ئېلىنغان ماقالىدە ئوتتۇرىغا قويغان سىز
قاتارلىق بىر قىسىم ناخشىچىلىرىمىز ھەققىدىكى باھالىرى ھەقىقەتەن
مېنىمۇ ئويلاندۇرۇپ قويدى. سىز بايىتىن ئۆزىڭىز ھەققىدىكى باھا-
لارغا قارىتا قارىشىڭىزنى دەپ ئۆتتىڭىز. زاھىر بۇرھان ھەققىدىكى
باھالارغا قانداق قارايسىز؟

ـ زاھىرغا سەل ئۇۋال بوپتۇ، ـ دېدى ئابدۇللا ئابدۇرېھىم، ـ
تاماشىبىنلارنىڭ كۆپىنچىسى سەھنىدىن ناخشىچىلارنىلا تونۇيدۇ.
سەھنە ئارقىسىدىكى تالاي نامسىز قەھرىمانىنى بولسا ئانچە بىلىپ
كەتمەيدۇ. زاھىر تالانتلىق، كۆپ ئىقتىدارلىق بىر سەنئەتكار، ئۇ تې-
كىستنى ئۆزى يازالايدۇ، ئۆزى ئاھاڭ ئىشلىيەلەيدۇ، ئۆزى ئورۇندى-
يالايدۇ، ھەتتا ئۇ ئۆزى يازغان بەزى ناخشا تېكىستلىرىنىڭ مۇزىكى-
لىق خۇسۇسىيىتى، مەزمۇنى خېلى پىشقان شائىرلارنىڭكىدىن ئۈستۈن
تۇرىدۇ. بىزدە مۇشۇنداق كۆپ ئىقتىدارلىق سەنئەتكارلاردىن قانچىسى
بار؟ ئادەم دېگەن بەزىدە قەدىرلەشكە تېگىشلىك نەرسىلەرنى قەدىر-
لەشنى، ئاسراشنى بىلمەيمۇ قالىدىكەن.

ـ مۇشۇ كەملەردە بىر قىسىم پېشقەدەملىرىمىز ياشلارغا باشقىچە
قارامدۇ ـ قانداق؟ ـ دېدى يازغۇچى ئابلىكىم كېرىم.

ـ پېشقەدەملىرىمىز بولمىغان بولسا بىزنىڭ بۈگۈنىمىز بولمايتتى،
ئۇلارنىڭ بىزلەرگە سىڭدۈرگەن ئەجرى ناھايىتى كۆپ، ئەل ئىچىدىكى
نوپۇزى، ئابرۇيىمۇ يۇقىرى. بىراق ئۇلارنىڭ ئويلانمايلا، تەكشۈر-
مەيلا دەپ قويغان بىرەر ئېغىز سۆزى، يەڭگىللىك بىلەن يېزىپ ئېلان
قىلغان بىرەر ماقالە ئەسىرى ئاسانلا كىشىلەرنى بىر قۇتۇپتىن يەنە
بىر قۇتۇپقا ئۆتكۈزۈۋېتەلەيدۇ، قايمۇقتۇرۇۋېتەلەيدۇ. پېشقەدەملەر
بىلەن ياشلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىلمىي مۇنازىرىسى 1980 ـ يىللاردا
«گۇڭگا شېئىرلار»نى چۆرىدەپ بىر مەزگىل داۋاملاشقانىدى. كېيىن
بۇ مەسىلىلەر ئەمەلىيەت داۋامىدا ئاساسەن ھەل بولدى. ھازىر بۇ
مۇنازىرە سەھنە سەنئىتىنى چۆرىدەۋاتامدىكىن، دەيمەن. بىلمىمۇ

كونىراپ بارىدىغان نەرسە، ئۇنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ تۇرماي بولمايدۇ. كونا چۈشەنچىلەرگە تايىنىپ تۇرۇپ يېڭى شەيئىلەرگە باھا بەرگەندە، مۇقەررەركى، ئىككى ئوتتۇرىدا مۇئەييەن پىكىر ئىختىلاپلىرى تۇغۇلىدۇ. بىراق بۇ ئىختىلاپلارمۇ ھامان ئەمەلىيەت ئارقىلىق ھەل بولىدۇ. پېشقەدەملەرمۇ بىر چاغلاردا ياش بولغىيتتى، بىزدەك تەمتىلەپ، يىقىلىپ - قوپۇپ ئادەم بولغان بولغىيتتى. بىزمۇ ھامان قېرىيمىز. ئۇنىڭغىچە پېشقەدەملەرنىڭ ئىزىدىن ئەگىشىپ كېلىمىز، بەزىدە يولنى مۇنداقراق مېڭىپ باقساق، قانداق بولىدىكاندۇ، دەپ ئىزدىنىمىز. پېشقەدەملىرىمىز بۇ جەرياندا «مېنىڭ ئىزىمدىنلا ماڭمىساڭ بولمايدۇ» دەپ ياشلارنىڭ ئىزدىنىش روھىغا سوغۇق سۇ سەپمىسىكەن، ئۇلارنىڭ پۇت - قولىنى چۈشەپ قويمىسىكەن. ئەگەر بىرەر مەسىلە توغرىسىدا پىكىر قىلىش زۆرۈر بولسا، ئەڭ ياخشىسى كەسپ ئەھلىلىرى پىكىر قىلسىكەن، تالالاش، شاللاش خەلقنىڭ، تارىخنىڭ ئىختىيارىدا بولسىكەن، دېگەن ئۈمىدتىمەن. بولۇپمۇ، بەزى پېشقەدەملىرىمىزنىڭ پىشمىغان پىكىرلەرنى ئەستايىدىل دەڭسەپ كۆرۈشنى، ئالدىراپ ئوتتۇرىغا قويماسلىقنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇنداق قىلىش پېشقەدەملەرنىڭ بىر ئۆمۈر تىرىشىپ تىكلىگەن نوپۇزىغىمۇ، ياشلارنىڭ دادىل ئىلگىرىلىشىگىمۇ پايدىلىق ئەمەس، - دېدى ئابدۇللا ئابدۇرېھىم.

- باشقىسىنى قويۇپ تۇرايلى، ناخشا - مۇزىكىچىلىقىمىزدا زامانىۋىلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىش بىلەن ئەنئەنىنى ساقلاپ قېلىش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قانداق ھەل قىلىش كېرەك، - دەپ سورىدىم ئابدۇللا ئابدۇرېھىمدىن.

- جەمئىيەت تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، زامانىۋىلىشىشقا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتىدۇ، سەنئەتمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. باشقا ساھەلەر تەرەققىي قىلىپ، سەنئەت بىر ياقتا قول قوشتۇرۇپ تۇرسا بولمايدۇ - دە. بولۇپمۇ سەنئەت كىشىلەرنى يېتەكلەش، ئۇلارنىڭ روھىنى ئويغىتىش نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، باشقا ساھەلەرنىڭ ئالدىدىراق تەرەققىي قىلىپ مېڭىشى زۆرۈر. بىراق زامانىۋىلاشتۇرۇشمۇ مىللىي ئەنئەنە، مىللىي خاسلىق ئاساسىدا بولۇشى كېرەك، - دېدى ئابدۇللا ئابدۇرېھىم، - ھازىر بىر قىسىم شالغۇت ئەسەرلەر مەيدانغا كېلىپ، سەنئىتىمىزنىڭ، جۈملىدىن ناخشا - مۇزىكىچىلىقىمىزنىڭ نوپۇزىغا، تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە بەلگىلىك يامان تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. بۇ، ۋاقىتلىق ھادىسە، ھامان تەرەققىيات جەريانىدا سۈپۈرۈپ تاشلىنىدۇ، زامان ۋە ماكان تەرىپىدىن شاللىۋېتىلىدۇ، ئۇنداق نەرسىلەر ئۆز قىممىتىنى تېزلا يوقىتىدۇ.

- ھېلىقى گەپلەر راست بولغان بولسا، بۈگۈن بۇ يەردە كۆرۈشۈش نېسىپ بولمايتتى - ھە، بىزگە، - دېدى دولقۇن جاپپار.

- قايسى گەپنى دەيسەن؟

- ئەينا، بىر چاغدا ئابدۇللا ئابدۇرېھىم كاناي راكى بوپقاپتۇمىش، ئۆلۈپ كېتىپتىمىش، دېگەن گەپلەر چىڭ بولغان.

- ئۆلۈپ قالماي ئالدىڭدا ساق ئولتۇرۇپتىمەنغۇ مانا، - دېدى ئابدۇللا ئابدۇرېھىم، - راست، شۇنداق گەپلەرمۇ بولغان. بۇ گەپلەر چىقىشتىن سەل ئاۋۋال زۇكامداپ قېلىپ ئۆيدە بىرەر ھەپتە دەم ئالدىم، كېيىن چەت ئەللەرگە ئويۇن قويغىلى چىقىپ كەتتىم. يېنىپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا بىر قېتىملىق ساياھەت جەريانىدا ئېھتىياتسىزلىقتىن پۇتۇمنى سۇندۇرۇۋېلىپ ئۈچ ئايدەك داۋالاندىم، شۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىل سەھنىلەرگە چىقالمىدىم. شۇ مەزگىللەردە، ھەتتا مەن ئۆمەككە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ جەمئىيەتتە بايا دېيىلگەندەك ھەر خىل گەپ تارقىلىپتىكەن. كېچە - كۈندۈز ئۆيدىن تېلېفون ئۈزۈلمەيدۇ، تېلېفون ئېلىپ بولالماي ھېرىپمۇ كەتتىم. بەزىدە شۇنداق بېرىلىپ مۇزىكا ئىشلەۋاتسام، توختىماي كەلگەن تېلېفونلار زېھنىمنى چېچىۋېتىپ بارغان. قانداق قىلغۇلۇق، بۇمۇ كىشىلەرنىڭ بىر خىل كۆڭۈل بۆلۈشى - دە ئەمدى. ھەتتا ئۆلۈپ كەتكىنىمگە ئىشىنىپ، ئۆيدىكىلەرگە مۇسىبەت چېيى بەرمەكچى بولغانلارمۇ بولغان. بەزىلەر تېلېفوندا ئاۋازىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھەيرانلىقتا نېمە دېيىشنى بىلمەي قالغان چاغلارمۇ كۆپ بولدى.

- بىر سەنئەتكارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدا ئۇنىڭ كەسپىي تالانتى بىلەن كەسپىي ئەخلاقى ئوخشاشلا مۇھىم، - دېدىم مەن، - سىز ئۆز كەسپىڭىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا كەسپىي ئەخلاق، سەھنە ئەخلاقى مەسىلىسىگە قانداق قارايسىز؟

- بۇ مەسىلىنى ئوبدان تىلغا ئالدىڭىز، - دېدى ئابدۇللا ئابدۇرېھىم، - كەسپىي ئەخلاق ھەرگىز سەل قارايدىغان مەسىلە ئەمەس. ئادەم دېگەن ئالدى بىلەن تالانت ئىگىسى ئەمەس، بەلكى دۇرۇس بىر ئادەم بولۇشى كېرەك. ئادەم بولالمىغان ئىنساننىڭ كەسپىي تالانتىدىن كىشىلەرگە قانچىلىك نەپ يۇقىدۇ؟ ئادىمىيلىك نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، كەسپىي ئەخلاق كەسپىي ئىقتىدارىدىنمۇ مۇھىم. بىر ئىشنى ئاڭلىغانتىم، 1990 - يىللىرىغۇ دەيمەن، دەل مۇشۇ چىرا ناھىيىسىنىڭ دامكۇ يېزىسىدا قايسىدۇر بىر سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئارتىسلىرى ئويۇن قويۇپتۇ. بىر ناخشىچى بۇ يەرنى يېزا كۆرۈپ قالدىمۇ - قانداق ناخشىسىنىڭ پائۇزىسىدىكى ئارىلىقتا يېنىدىن تاماكا چىقىرىپ چېكىپتۇ، ناخشا ئېيتقاچ يەنە تاماكىسىنى شوراپ قويۇپتۇ. بۇ ئىش تاماشىبىنلارنىڭ كۆڭلىگە بەك كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بەزى ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر سەھنىگە نارازىلىق خېتى يېزىپ چىقارتىپتۇ. سەنئەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى سەھنىدە تۇرۇپ تاماشىبىنلاردىن ئاشكارا ئەپۇ سوراپتۇ ۋە ھېلىقى ناخشىچىنى قاتتىق بىر تەرەپ قىپتۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار دائىم كۆرۈلۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. بولۇپمۇ بەزى ناخشىچىلار، ئۇسسۇلچىلار شەھەرلەردە - ۋال - ۋۇل چاقناپ تۇرغان سەھنىلەردە بارلىق ماھارىتىنى ئىشقا سالغان بىلەن، يېزا - قىشلاقلاردا، ئاددىي سەھنىلەردە ئويۇن قويغاندا تاماشىبىنلارنى يارىتىمىغاندەك بىر خىل قىلىقلارنى كۆرسىتىپ، خۇشياقمىغاندەك بىر ھالدا نومۇر ئورۇندايدۇ. ياكى بولمىسا سەھنىلەردە بىر خىل، سەھنىدىن چۈشكەندىن كېيىن بىر خىل بولۇۋالىدۇ. بۇنى ھېچكىم قوبۇل قىلالمايدۇ، چەكلەش، تۈزىتىش كېرەك.

- سەنئىتىمىزنى يۈكسەلدۈرۈشتە، - دېدىم ئۇلاپلا، - نەزەرىيىۋى تەتقىقات، نەزەرىيىۋى ماقالىلەرنىڭ رولىمۇ ئىنتايىن مۇھىم. سىزنىڭچە، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىۋاتامدۇ؟

- «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى ياخشى بىر كەسپىي ژۇرنال.

ئۇنىڭ نەتىجىلىرىمۇ خېلى زور، يېتەرسىزلىكلىرىمۇ يـوق ئـەمـەس.
بولۇپمۇ ئالدىنقى بىز مەزگىلدە ئۇنۋان ئېلىش دولقۇنىنىڭ تەسىرى بۇ
ژۇرنالغىمۇ يۇقتىمىكىن دەيمەن، ئەمەلىي پايدىلىنىش قىممـىتى يـوق
بەزى ماقالىلەرمۇ چىقىپ كەتتى. مېنىڭچە، بۇ ژۇرنال سەنئەتىمىزدى-
مىكى يېتەكچىلىك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇشى، سەنئەتكارلارغا
يول كۆرسىتىشى، سەنئەت ئوبزورچىلىقىنى ئەۋج ئالدۇرۇشى كېرەك،
دەپ قارايمەن. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «تەڭرىتاغ گۈل-
زارى» پروگراممىسى سەنئەتكارلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەمەلىيەت جەر-
يانىدا ھاسىل قىلغان تەجرىبىلىرىنى سۆھبەت شەكلىدە تونۇشتۇرۇپ
ناھايىتى ياخشى قىلدى. بىز ئۇلارنىڭ باياناتلىرىدىن ئۆزىمىز بىلمىگەن،
ھېس قىلمىغان نۇرغۇن نەرسىنى ئۆگىنىۋالالايمىز.

سەنئەت، ئەدەبىيات مەسىلىلىرى ئۈستىگە مەركەزلەشكەن پاراڭ-
لىرىمىز بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىشقا باشلىدى. ئارىلاپ گۈلاخما ئوت-
تۇرا مەكتەپنىڭ سەنئەت ئوقۇتقۇچىسى ئەنۋەر ئابدۇللا ئاككاردىيون
بىلەن يەرلىك ناخشىلارنى ئورۇنداپ بەردى. ئۇ، ناخشىنى شۇنداق
بېرىلىپ ئوقۇيتتىكى، كىشىگە پۈتكۈل ۋۇجۇدىدىن ناخشا تۆكۈلۈۋاتـ-
قاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. ئابدۇللا ئابدۇرېھىم ئۇنىڭ ناخشىلىرىنى بې-
رىلىپ ئاڭلىغاندىن كېيىن: «سىزدىمۇ بىر خىل مۇڭ بار ئىكەن» دەپ
قايىللىق بىلەن ماختىدى.

ـ نامۇ ـ شەرىپىڭىزنى كۆپ ئاڭلىغاندۇق، بۈگۈن بىر ئىرادە
بىلەن دىدارلىشىپ، تۈز ـ تائام يېيىشىپ ئولتۇرۇپتىمىز، بۇ بىز ئۈ-
چۈن كەم تېپىلىدىغان پۇرسەت. شۇڭا كەسپىڭىز بولامدۇ، ئارزۇلىرى-
ڭىز بولامدۇ، سەنئەت مەسىلىلىرى بولامدۇ، ئىشقىلىپ ئۆزىڭىز خالى-
غان تېمىلاردا تېخىمۇ ئەركىنرەك پاراڭلارنى قىلىپ بەرگەن بولسىڭىز،
ـدېدىم مەن ئابدۇللا ئابدۇرېھىمنىڭ بۈگۈن يەنە كېرىيىگە قايتمىسا
بولمايدىغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن پۇرسەتنى چىڭراق تۇتۇش مەق-
سىتىدە.

ـ مەن كەسپىمنى تولىمۇ سۆيىمەن، ـ دېدى ئابدۇللا ئابدۇرېھىم
سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، ـ ئولتۇرغان ھەممىمىزنىڭ مەلۇم كەسپى
بار. ھەرقانداق بىر ئادەم ئۆز كەسپىنى قىزغىن سۆيسە، ئۇنىڭغا بارلىق
ۋۇجۇدى بىلەن ئىشتىياق باغلىسا، تىرىشسا، چوقۇم ئۇنىڭدىن بىرەر
نەتىجە چىقىرالايدۇ، دەپ ئويلايمەن. ھەممىڭلار ياش ئىكەنسىلەر،
چوقۇم كەسپتە نەتىجە قازىنىش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشىشىڭلارنى
ئۈمىد قىلىمەن. قىيىنچىلىق دېگەن ھەممە يەردە بولىدۇ، بەل قويۇ-
ۋەتمەسلىك كېرەك.

ـ ئارزۇلىرىڭ بولسا دېمەمسەن، ـ دېدى دولقۇن جاپپار يەنە
چاقچاق ئارىلاش گەپ قىستۇرۇپ.

ـ ھازىر ئىككى ئارزۇيۇم بار. بىرى، مۇزىكىلىق تىياتىرچىلىقى-
مىزنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن تېگىشلىك ھەسسە قوشۇش. يېقـىـنـدا
«مۇز تاغقا كەلگەن مېھمان» ناملىق مۇزىكىلىق تارىخىي تىيـاتـىـر
ئىشلىنىپ قويۇلغاندىن كېيىن، ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ بەرگەن باھاسى
خېلى ياخشى. ھەتتا ئىچكى ئۆلكىلەردىكى بەزى مۇتەخەسسىلەر:
«بۇ، جۇڭگودا ئىشلەنگەن مۇزىكىلىق تارىخىي تىياتىرلار ئىچىدە
سەنئەتلىك قىممىتى ئەڭ يۇقىرى بولغان بىر تىياتىر بوپتۇ» دەپ باھا
بەردى. ھازىر خەلقئارادا مۇزىكىلىق تىياتىرى بار بولغان مىللەتلەرنى

سەنئەتتە بىر قەدەر ئىلگىرىلىگەن مىللەتلەر قاتارىدا ھېسابلايدىغان
بىر قائىدىمۇ بار ئىكەن. بىراق بىزدە بۇ ساھە ئانچە مۇكەممەل تە-
رەققىي قىلمىغان. بەزى سەنئەت نومۇرلىرىدا مۇزىكىلىق تىياتىرلارنىڭ
قىسمەن ئېلېمېنتلىرى بولسىمۇ، لېكىن مۇزىكىلىق تىياتىرلار مۇستەقىل
بىر سەھنە ئەسىرى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقالمايۋاتىدۇ، چىققانلىرىمۇ
ناھايىتى ئاز، كەمتۈك تەرەپلىرى كۆپ بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا مۇزىكىلىق
تىياتىرلار ئۈستىدە ئىزدىنىپ باققۇم بار. يەنە بىر ئارزۇيۇم، مەزمۇنى
مۇكەممەلرەك بولغان كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى مەيدانغا
كەلتۈرۈش. ھازىرغىچە بىزدىمۇ كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە فىلىملىرى
ئىشلەنمىدى ئەمەس، ئىشلەندى. بىراق بىر ـ ئىككى قىسـمـلـىـق،
ئۈچ ـ تۆت قىسىملىقتىن ئاشمايۋاتىدۇ. زىددىيەت ۋە مەسىلىلەر بىر-
دەمدە، ئوڭايلا ھەل قىلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. تۇرمۇشتا بولسا ئۇنداق
بولمايدىغۇ؟ مەن تۇرمۇشتا نېمە بولسا ئېكرانغا شۇنى كۆتۈرۈپ چە-
قىش كېرەك دېمەكچى ئەمەسمەن، ئەمما تۇرمۇشنىڭ قانۇنىيىتـىـگـە
ھۆرمەت قىلىش كېرەك. كورېيىنىڭ 100 نەچچە قىسىملىق تېلېۋىزىيە
فىلىملىرىنى كۆرۈۋاتىمىزغۇ، ۋەقەلىكى شۇنچە ئۇزاق، دىئالوگلىرىمۇ
ئادەتتىكى گەپ ـ سۆزلەر. خۇددى شۇ ئىشلار، شۇ گەپ ـ سۆزلەر
يېنىمىزدا بولۇۋاتقاندەكلا تۇيۇلىدۇ، ئەمما ئۇنى كۆرۈۋېتىپ ئادەم
پەقەت زېرىكىشلىك ھېس قىلمايدۇ. شۇڭا تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى
تەپسىلىيرەك تەسۋىرلەنگەن، زىددىيەت ۋە مەسىلىلەر، كىشىلەرنىڭ
روھىي دۇنياسى، خاراكتېرى تۇرمۇشقا يېقىن، ئەمەلىيرەك، كونكرېت-
راق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى بار-
لىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىش ئويۇم بار. ئۇنىڭ مەزمۇنىغا كەل-
سەك، ئىش ئورنىدىن قالغانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئاساسىي تېما قىلغۇم
بار. نېمىشقا دېگەندە، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش مەسىلـىـسـى بـىـر
ئىسلاھات. بۇ مەسىلە چىققاندىن كېيىن نۇرغۇن كىشى خۇددى ھاڭغا
چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك دەماللىققا بۇنى قوبۇل قىلالمـىـدى، بـەزى
ئائىلىلەر بۇ ئىش سەۋەبىدىن ۋەيران بولدى، بەزى ئوغۇللار چۈش-
كۈنلەشتى، بەزى قىزلار قەدىر ـ قىممىتىنى يوقاتتى، يەنە نۇرغۇن
ئادەم ئىزدىنىپ جاپالىق مۇھىت ئىچىدىن يول تاپتى، ئىستىقبال تاپتى.
شۇڭا مۇشۇ تېمىدا مۇكەممەلرەك بىر تېلېۋىزىيە فىلىمى ئىشـلـەپ،
كىشىلەرنى توغرا يولغا يېتەكلەش ناھايىتى زۆرۈر، دەپ قارايمەن.

ئۇلۇغ يېنىمدا ئولتۇرغان يازغۇچى مەھمۇت سىددىقنىڭ نېمىدۇر
بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ يەنە شۈك ئولتۇرۇپ قالغىنىنى سەزدىم. ئۇ
چىرا ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ،
پىكرى ئۆتكۈر، مىجەزى ئېغىر ـ بېسىق، كەمسۆزرەك ئىدى.

ـ بىر ئىش دېگەنگىمۇ جۈرئەت بولمىسا بولمايدىكەن، ـ دېگە-
نىدى ئۇ ماڭا بىر قېتىم، ـ ئابدۇللا ئابدۇرېھىم بۇلتۇر ناھىيىمىزگە
ئويۇن قويغىلى كەلگەندە، نۇرغۇن كىشى ئۇنىڭغا گۈل تەقدىم قىلدى،
مېنىڭمۇ شۇلارنى ئوتتەك دورىغۇم كەلدى، يانچۇقۇمدا پۇلمۇ بار ئى-
دى، بىراق جۈرئەت قىلالمىدىم. خوتۇنىغا پۇل بېرىپ بىر دەستە گۈل
ئەكىرىپ تەقدىم قىلغىلا دېسەم، ئۇ خىجىل بولۇپ ئۇنىمىدى، بالامغا
دېسەم ئۇمۇ تۇگۈلۈۋالدى. ئۆزۈم بىر چىقاي دەپ ئويلىدۇم ـ يۇ،
ئورنۇمدىن تۇرۇپ بولغىچە ئىشتىنى يوق ئادەمدەك يەنە جايىمغا
ئولتۇرۇپ قالدىم.

مەن مەھمۇت سىدىقنى ئاستا جېنەكلەپ گەپ قىلىشقا ئۈندىدىم. ئۇ بىر ھازا لېۋىنى ئۈمەللىگەندىن كېيىن، ئاخىرى ئېغىز ئاچتى:

– بايا ناھايىتى ياخشى، ئەھمىيەتلىك سۆزلەرنى قىلدىڭىز. سىز ئەل سۆيگەن بىر ناخشىچى، ناخشا ئېيتىش ماھارىتىڭىز ھەممىگە ئايان. بىراق مۇزىكىلىق تىياتىر بولسۇن ياكى كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە فىلىمى بولسۇن، ئاۋۋال ئۇنىڭ سېنارىيىسىنى يېزىپ چىقىش كېرەك. سېنارىيىنى يېزىپ چىقىش ئۈچۈن بەلگىلىك يېزىقچىلىق ماھارىتى بولۇش كېرەك. سىز بۇ مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىشنى ئويلاۋاتىسىز؟

– ھەرقايسىڭلار بار ئەمەسمۇ، ئۆزئارا ھەمدەم بولارمىز؟ – دېدى ئابدۇللا ئابدۇرېھىم جاۋابەن، – مەن ئېيتقان نۇرغۇن ناخشىنىڭ تېكىستىنى ئاۋۋال شائىرلار يېزىپ چىققان. سەھنە سەنئىتى ئەنە شۇنداق ئۇنىۋېرسال سەنئەت، ئۇنىڭغا كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق ئەمگىكى، مەسىلەن: يازغۇچى – شائىرلارنىڭ، مۇزىكانتلارنىڭ، رېژىسسورلارنىڭ، تېخنىك خادىملارنىڭ جاپالىق ئەمگىكى سىڭگەن بولىدۇ. مەن سەھنە ئالدىغا چىقىپ ئورۇندىغىنىم ئۈچۈنلا ئۇ مېنىڭ ناخشام ياكى مېنىڭ شان – شۆھرىتىم بوپقالسا بولمايدۇ. ئەمدى ناخشا تېكىستى مەسىلىسىگە كەلسەك، مېنىڭچە، ئەدەبىياتچىلار بىلەن سەنئەتچىلەر بىر – بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ ھەم ئايرىلىپ كەتمەسلىكى كېرەك. ئادەتتىمۇ بىز «ئەدەبىيات – سەنئەت» دېگەن ئاتالغۇنى كۆپ ئىشلىتىمىزغۇ؟ ئەمما ھازىر كۆزىتىشىمچە، ئەدەبىيات بىلەن سەنئەت سەل ماي تارتىشىپ قالغاندەك، ئىككىسى ئىككى تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. شۇڭا ئەدەبىياتچىلار بىلەن سەنئەتچىلەر كۆپرەك ئۇچرىشىپ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ، بىر – بىرىنى قوللاپ تۇرسا، ئەدەبىيات ئۈچۈنمۇ، سەنئەت ئۈچۈنمۇ پايدىلىق بولارمىكىن، دەيمەن.

– ماڭا سىزنىڭ ناخشىلىرىڭىزدا غەمكىن ئاھاڭلار كۆپتەك تۇيۇلىدۇ، بەزى ناخشىلىرىڭىزنى ئاڭلىغاندا ئۆزۈمنى بىر تالاي ھەسرەت چىرمىۋالغاندەك ھېس قىلىمەن، ھەتتا تۇگۇلۇپ كېتىمەن. ناخشىلىرىڭىزدا غەمكىن ئاھاڭلارنىڭ كۆپ بولۇشىدا بىرەر ئالاھىدە سەۋەب بارمۇ؟ – دەپ سورىدى يازغۇچى ئابلىكىم كېرىم.

– دۇنيادا سەۋەبسىز ئىش بولمىسا كېرەك، – دېدى ئابدۇللا ئابدۇرېھىم، – بۇ دۇنيادا قايغۇ بىلەن شادلىق قوشكېزەك، مەڭگۈ شاد – خۇرام ياشايدىغان، مەڭگۈ ئازابتىن قۇتۇلالمايدىغان ئادەم بولمايدۇ. ئىنسان مەڭگۈ قانائەتسىز ياشايدۇ. پۇشكىننىڭ بىر شېئىرىدا: «مەڭگۈ ئالغا تەلپۈنەر يۈرەك، رازى بولماس بۇگۈندىن ئىنسان» دەيدىغان مىسرالار بارغۇ. ئىنساننىڭ نۇرغۇن غەم – قايغۇسى ئۆزىنىڭ قانائەتسىزلىكىدىن، نۇرغۇن غەم – قايغۇسى ئىلاجسىزلىقىدىن بولىدۇ. ئومۇمەن بۇ دۇنيا ئازاب بىلەن تولغان. سەنئەت – رېئاللىقنىڭ تىپىكلەشتۈرۈلگەن ئىنكاسى. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مەن بىر ناخشىچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن كۆپچىلىكنىڭ ھېسسىياتىغا ئورتاقلىشىشنى ئويلايمەن. بىراق مەن ئېيتقان ناخشىلاردىكى غەمكىن ھېسسىياتنى مېنىڭلا غەم – قايغۇلىرىمنىڭ ئىپادىلىنىشى دېيەلمەيمەن. شۇ ناخشىغا ماس كېلىدىغان كەچمىشلەر يا مېنىڭ بېشىمدىن، يا سىزنىڭ بېشىڭىزدىن ۋە ياكى باشقا بىرسىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن، بۇنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ. ئەگەر مەن ئايرىم بىر كىشىنىڭ ھېسسىياتىنىلا نەزەردە تۇتۇپ ناخشا ئېيتسام، بۇ ناخشا كەڭ ئاۋامنىڭ ھېسسىياتىغا ئورتاقلىشالماسلىقى، ئۇلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشەلمەسلىكى مۇمكىن. بىزنىڭ ئەل – ئاۋام ئىچىگە بېرىپ تۇرمۇش ئۆگىنىشىمىزمۇ ئاۋامنىڭ ھېسسىياتىنى چۈشىنىش، ئۇلارنىڭ كۆڭۈل تىۋىشلىرىنى ئاڭلاپ، مۇڭىغا مۇڭ بولۇش ئۈچۈنغۇ.

– مەن بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي، – دېدى ئوسمانجان ئابدۇللا ئابدۇرېھىمنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەنلا، – بىر قېتىم ئائىلەم بىلەن سەل ئېگىز – پەس بولۇشۇپ قالدۇق، ئۇ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كەتتى. ئەتىسى قايتۇرۇپ كەلگىلى بارسام، ئائىلەم پەقەت گەپ ئاڭلىدىغاندەك ئەمەس، ئۇنى دېسەممۇ بولمىدى، بۇنى دېسەممۇ بولمىدى. ئاخىر بولماي: «ئەمىسە مەن دەيدىغان گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى دېدىم، ئۇنىمىدىڭ، بىر پلاستىنكا بار ئىدى، قويۇپ بېرەي، ئاڭلاپ باققىن، شۇ چاغدا كەتكىلى ئۇنىمساڭ بىر گەپ بولار» دەپ ئابدۇللا ئابدۇرېھىمنىڭ «كەچۈر ئائىلەم» دېگەن ناخشىسىنى قويۇپ بەردىم. ئائىلەم بۇ ناخشىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن دۈم يېتىپ بىر ھازا يىغلىدى، ئاندىن: «بۈگۈنچە كېتىپ تۇرغىن، ئەتە ئۆزۈم باراي» دەپ قالدى، ئەتىسى ئۇ راستىنلا قايتىپ كەلدى.

– بۈگۈن شۇنىڭ خۇشامىتىنى قىلىۋېتىپسەن – دە ئەمىسە، – دېدى دولقۇن جاپپار، – ئەگەر ئابدۇللا ئابدۇرېھىم شۇ ناخشىنى ئېيتمىغان بولسا، ھېلىغىچە بويتاق يۈرەركەنسەن.

پارىڭىمىز كەچ سائەت بەشلەرگىچە داۋاملاشتى. بۇ بىر كۈن مەن ئۈچۈنمۇ، باشقىلار ئۈچۈنمۇ ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئۆتتى. ئابدۇللا ئابدۇرېھىمنىڭ ھەر بىر مەسىلە ھەققىدىكى چوڭقۇر مەزمۇنغا تويۇنغان بايانلىرىنى ئاڭلىغاندا، ھەممەيلەن ئىختىيارسىز چاۋاك چېلىشىپ كەتتۇق. مەن ئۇنىڭ بىر داڭلىق ناخشىچىلا ئەمەس، بەلكى مەسىلىلەرگە ئەدەبىيات، سەنئەت، تارىخ، پەلسەپە، ئېستېتىكا نۇقتىسىدىن ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزەلەيدىغان، كىشىلەرگە ئىللىق، خۇشخۇي، كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بىلىملىك، پەزىلەتلىك بىر ئىنسان ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم، ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىم ئاشتى.

سائەت بەشلەردە ئابدۇللا ئابدۇرېھىمنىڭ ئۆزرىسى ۋە دۇئانى باشلاپ بېرىشى بىلەن، كۆزىمىز قىيمىغان ھالدا ئۇنى كېرىيە ناھىيىسىگە ئۇزىتىپ قويدۇق. تاكى ئۇ چۈشكەن كۇمۇش رەڭلىك پىكاپنىڭ قارىسى يىتكىچە ھەممىمىز رېستوران ئالدىدا ئۇنىڭ كەينىدىن قارىشىپ تۇردۇق.

مېھمانلار: «توۋا، ئەجەب ئېسىل، كەمتەر يىگىتكەنە، بۇنداق داڭلىق كىشىلەر بىلەن بۇنچىۋالا ئۆزلىشىپ، ئازادە، ئېچىلىپ ئولتۇرارمىز، دەپ ئويلىماپتىكەنمەن»، «مۇشۇنداق ئېسىل ئادىمىلىك پەزىلىتى ناخشىلىرىدىنمۇ ئۇزۇنراق ئۆمۈر كۆرگىدەك» دېگەندەك خەيرلىك پاراڭلارنى قىلىشقاچ ئاستا – ئاستا تارقاشقا باشلىدى.

ھەممىمىز يەنە شۇنداق بىر كۈنلەرنىڭ كېلىشىگە تۆت كۆز بىلەن تەقەززا ئىدۇق.

---

ئاپتور: چىرا ناھىيە مائارىپ ئىدارىسىنىڭ خادىمى



# بىز قەيەرگە بارماقچى؟

نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن

يېقىندىن بېرى شۇنداق سوئاللار ھەققىدە تولا ئويلىنىدىغان بوپقالدىم: نەدىن كەلدىم؟ نەگە بارىمەن؟ قانداق كەلدىم؟ قانداق بارىمەن؟... بۇ سوئاللارنىڭ باش ـ ئاخىرى ئۇدۇللا بېرىپ ھاياتلىق نىشانىم، غايەم ـ ئېتىقادىمغا بېرىپ تاقىلاتتى ۋە مېنى تەگسىز ئويلارغا سالاتتى ھەمدە يېڭىدىن ـ يېڭى سوئال گىردابلىرىغا سۆرەيتتى: مېنىڭ ھاياتلىق نىشانىم زادى نېمە؟ مەن كىم، قانداق ئادەم، نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەم بولماقچى؟ بۇنىڭ ئۈچۈن نېمە قىلىشىم، نېمىلەرنى بىلىشىم، نېمىلەرنى قىلماسلىقىم، قايسى خىل ئۇسۇل ـ چارىلەر بىلەن ئۆز مەقسىتىمگە يېتىش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشىم كېرەك؟

ئويلىغانسېرى كاللام خام قاپاقتەك كورۇڭشىپ كېتەتتى. ئۆزۈمنى قانائەتلەندۈرگىدەك ئېنىق بىر جاۋاب، يېشىم، خۇلاسىگە كېلەلمەي قىيىنىلاتتىم ھەم ئاچچىقىم كېلەتتى. ئۆمۈر ـ ھاياتىمنىڭ خېلى زور بىر قىسمىنى بېسىپ بولغان مەندەك بىر ئادەمنىڭ ھازىرغىچە نېمە ئۈچۈن، قانداق نىشان، مەقسەتنى بويلاپ ياشاش مەسىلىسىنى ئېنىق ئايرىپ ۋە شۇ بويىچە كەسكىن يول تۇتۇپ ماڭالماسلىقى، ئەجەبا ئېچىنارلىق ئىش ئەمەسمۇ؟ مەن ياشاپ بولغان 25 يىل نېمىگە ھېساب؟ شۇنچە يىل مەنزىلسىز، نىشانسىز، غايىسىز يول مېڭىش ـ ھە؟!

## ئۆزۈڭنى تونۇ

توغرا، يامان ـ ھارام يوللاردىن ئامالىنىڭ بارىچە ئۆزۈمنى تارتىشقا تىرىشىپ كەلدىم. مۇقىم خىزمەت ئورنۇم، مېنى ھەر جەھەتتىن خاتىرجەم قىلىدىغان ئائىلەم بار. ئەمما يامان يوللاردا ماڭماسلىقنىڭ ئۆزىلا ھاياتتىكى بىردىنبىر مەنىمۇ؟ مۇقىم، خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئېرىشىشلا بىر ئادەمنىڭ مەڭگۈلۈك ئىنتىلىشى ۋە كۆرەش نىشانى بولۇشى كېرەكمۇ؟ بىرەرسىنىڭ دىلىغا ئازار بەرمەي، يا كىشىگە تۈزۈك ياخشىلىق يەتكۈزەلمەي، لاي سۇدەك ئېرىلىپ، خاراموشلارچە كۈن ئۆتكۈزۈشنى دۇرۇس ـ مەنىلىك ھايات دېگىلى بولمايتتى.

كۆلگۈم، يىغلىغۇم تەڭلا كەلدى. ئەمما بۇ كۈلىدىغانمۇ، يىغلايدىغانمۇ ئىش ئەمەس، كەسكىن ئايرىيدىغان، قەتئىيلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ ئېنىق يول تۇتۇپ ماڭىدىغان ھەممىدىن مۇھىم ئىش ئىدى. مەنزىلسىز كارۋان، ماياكسىز پاراخوت پايانسىز يوقلۇق ئىچىدە تىنەپ ـ تەمتىرەپ، خالىغان، ئۆزى توغرا دەپ پەرەز قىلغان نائېنىق بىر يۆنىلىشكە يول سالىدۇ. بۇنداق نائېنىق تەۋەككۈلچىلىك ئىچىدە ئۇ ھەرىكىتىنى، يۈرۈشىنى تەرتىپكە، ئىزىغا سالىدىغان بارلىق نىشان، ئۆلچەم، قىبلىلاردىن ئايرىلىپ قالىدۇ ـ دە، ياكى ھالاك بولىدۇ ياكى يەنە شۇ نىشانسىز ھالدا ئۆزى ئۇخلىسا چۈشىگە كىرىپ باقمايدىغان نامەلۇم دوقاللارغا ئۇچراپ قالىدۇ. دېمەككى، ئۇنىڭدا بارى ـ يوقى «يا ئۆلۈم يا كۆرۈم»دىن ئىبارەت قارام تەۋەككۈلچىلىك. ئويلاپ باقسام، مەنمۇ ئۆمرۈمنىڭ ياشاپ بولغان قىسمىنى قارام تەۋەككۈلچىلىك بىلەن بېسىپ كېتىپتىمەن. باشقىلار توغرا، ياخشى، دەپ قارىغان ۋە ئۆزۈم قىزىققانلىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ بېقىپتىمەن.

دېمەككى، ئۆتكەن ھاياتىم ئۆز نىشانىم، غايەم ـ ئېتىقادىم بىلەن ئەمەس، تولىمۇ غۇۋا، ساددا قىزىقىش، ئىستەكلەر بىلەن تولۇپتۇ. بۇنداق نىشانسىز، غايىسىز ھالدا ئۆتنۈۋېرىشكە بولمايتتى. ھاياتنى ئەمدى بولسىمۇ قېلىپقا سېلىش كېرەك ئىدى. ئوغۇل بالىنىڭ نېمە دەپ سۈننىتى ـ خەتنىسىنى قىلىدۇ؟ سافلام، قاۋۇل ئەر بولسۇن، يىگىت، باھادىر ئەزىمەت بولسۇن دەپ! يىگىتلىك، باھادىرلىق ئاش يەپ، بالا تېپىپ، ئوتتۇن يېرىپ، سۇ توشۇپ يۈرۈشتىلا بولامدۇ؟ يىگىت سۆزىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنىسى جەڭچى بولاتتىكەن. ئاتار نىشانى، يېتەر مەنزىلى بولمىغان جەڭچىنى جەڭچى دېگىلى بولامدۇ؟

مەن ئۆزىنى خېلى ـ خېلى ئادەملەرگە تەڭ قىلماي يۈرىدىغان زامانىمىز تەنتەك ياشلىرىنىڭ بىرى ئىدىم. ئەمدىكى بۇ ئوي ـ بۇ كويلىرىم مېنى توساتتىنلا قارا يەرگە تاشلىدى. ئەتراپىمغا باقتىم. ئادەملەر كۆرمىلىك. ھەممىسى ئۆز ئىشلىرى بىلەن ھەلەك. خىياللار تالاي... ئەمما، تازا ئىنچىكىلەپ قارىسام، مەنزىلى، بارار نىشانى ئېنىق، ئىش ـ ئەمەللىرى ئۆز نىشانىغا ماسلاشقان، ئۇيغۇنلاشقانلىرى ئىنتايىن ئاز. تەن ئالدىم: كۆپلىرىمىز شامالنىڭ چىقىشى، سۇنىڭ ئېقىشى، كۈننىڭ پېتىشى، چۆپنىڭ يېتىشى، دېگەن پەددىدە جاھانغا بېقىپ ياشاپ بۈگۈنگە كەپتىمىز. خىزمەت ۋاقتى توشسا، ئۆيگە بارساق، خىزمەت ئورنىمىزدىن قالمىساق، باللىرىمىز خىزمەتكە ئورۇنلىشالىسا، بۇزۇلۇپ كەتمىسە، مائاشىمىزنى تۇتۇۋالماي تولۇق بەرسە... مانا بۇلار بىزنىڭ ئەڭ چوڭ باش ئاغرىقلىرىمىز، ھەل قىلىدىغان ئىشلىرىمىز. مۇشۇلار ھەل بولسىلا بىزدىن خۇشھال، بىزدىن يوغان ئادەم يوق. دېمەككى، بىزنىڭ جان تىكىپ كۆرەش قىلىدىغىنىمىز تۇرمۇشنىڭ ئەڭ ئاددىي ئېھتىياجلىرىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئەتراپىمغا قاراپ قورساقتىن، مائاشتىن، خىزمەتتىن ئۆزگە غېمى، ئىنتىلىشى يوق ئادەملەرنىڭ تولۇپ ياتقىنىنى كۆردۈمدە، تېخىمۇ ئېغىر جىمىپ قالدىم. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزمۇ مۇشۇنداق تەۋەككۈل دەپلا ياشاپ كەپتۇ. كۈن چىقسا، دېمەك يوتقاندىن چىقىپ ئىشلەش كېرەك، دەپ بىلىپتۇ، قورسىقى ئاچقانلىقى سەۋەبلىك ئىشلەپتۇ، قورسىقى تويسا شۈكۈر ـ ھەمدۇسانانى چوڭقۇر ئوقۇپ قويۇپ ئېغىزىنى تامشىپ يۈرۈۋېرىپتۇ. بۈگۈن ئەتراپىمىزمۇ غايىسىز، جان باقتى ئادەملەرگە لىق تولۇپتۇ. مەندىن كىچىكلەردىنلا ئەمەس، مەندىن چوڭ، ئاقىل، پېشقەدەم، ئاقساقاللىرىمىزدىنمۇ ھازىرغا قەدەر نېمە ئۈچۈن، قانداق ياشاپ كەلگىنىنى بىلمەيلا ھاسىغا چۈشۈپ، ساقىلى يەرگە تېگەي دەپ قالغانلىرى كۆرمىلىك ئىدى. مەن بۇ ئېچىنىشلىق ھالنى ئۆزۈمچە دەۋرلەشكەن غايىسىزلىك دەۋالدىم ۋە يەنە غايە ـ نىشان ھەققىدىكى تەگسىز ئوي ـ خىياللىرىمغا پاتتىم.

تولستوي: «غايە قۇتۇپ يۇلتۇزىدۇر. ئۇنىڭسىز ئېنىق بىر يولنى تېپىش قىيىن. ئېنىق يول بولمىسا، ھاياتمۇ بولمايدۇ» دېگەنىكەن. ئايانماي، كېسىپ ئېيتالايمىزكى، ياشاۋاتقان تىرىكلىرىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىدە قانداق ياشاش، قانداق ئادەم بولۇش توغرىلىق ئېنىق نىشان، مەقسەت يوق. بۇنداق غايىسىزلىك بىزنىڭ ھاياتلىق ئىقتىدارىمىز ۋە ئېنېرگىيەمىزنى بىھۇدە خورىتىپ بېرىۋاتقان ئەڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقتۇر. ئادەم مەقسەت، نىشانى، غايىسى ئارقىلىقلا قانداق ئادەم بولۇش، نېمىلەرنى قىلىش، نېمىلەرنى قىلماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ ۋە ئۆز مەقسەت ـ نىشانىغا ئۇيغۇن چارە ـ تەدبىرلەر بىلەن شۇنى بويلاپ ئالغا باسىدۇ. غايە ـ نىشان ھاياتلىق مەنزىلىنى يورۇتۇپ تۇرغۇچى چىراغ. چىراغنىڭ بولماسلىقى يولۇچىنى تۈيۇق يوللارغا باشلايدۇ، ھالاك ـ گۆرلەرگە تاشلايدۇ. «بەلگىسىز يوللاردا ئېغىز ـ بۇرنى قان» (يالقۇن روزى) ھالدا كېلىۋاتقىنى دەل غايە ـ ئېتىقادسىز غەپلەت باسقان ئىنساندۇر. ئادەمدىكى غايە كىشىنىڭ ھەر بىر ھەرىكەت، ئىش ـ ئەمەلىنى سوتلاپ، تەڭشەپ تۇرىدۇ، كىشىگە يولدىن ئاداشماسلىق ھەققىدە تىنىماي سىگنال بېرىپ تۇرىدۇ. غايىسىزلىك ھاياتنى بىردەمدىلا ھالاك قىلىۋەتمەيدۇ، ئەمما كىشىنىڭ ۋاقتى، زېھنى، كۈچى، مېڭىنى بىھۇدە خورىتىپ ئاستا ـ ئاستا كاردىن چىقىرىۋېتىدۇ. ھاياتلىق نىشانى غۇۋا كىشىنىڭ ياشاش پائالىيىتى مەقسەتسىزلىشىپ، ئۆلچەمسىزلىشىپ كېتىدۇ. سەن نېمە ئۈچۈن تىرىشىپ، نېمە ئۈچۈن جان بېرىۋاتقىنىڭنى، قىلىۋاتقان ئىشىڭنىڭ نېمىگە پايدىلىق، نېمىگە زىيانلىق ئىكەنلىكىنىمۇ ئويلاپ قويمىغۇدەك دەرىجىدە بىخۇد، بىغەملىشىپ كېتىسەن. نىشانسىز ئادەمدە قورساق، كۈن ئۆتكۈزۈشتىن بۆلەك ئارتۇق ئىنتىلىش بولمايدۇ. ئۇلار نامەلۇم كۈچ ئۈچۈن ئىشلەيدۇ، ئىشلەيدۇ، ئېشەكتەك ھېرىپ ـ چارچاپ كېتىدۇ ئەمما تۇتامغا چىققۇدەك ھېچبىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ. ئۇنىمۇ، بۇنىمۇ قىلىپ باقىدۇ، ئەمما ئىشىدا بەرىكەت بولمايدۇ، مەنە قالمايدۇ. بىزنىڭ جەمئىيىتىمىز مۇنداق نىشانسىز يورغىلاۋاتقان، چېپىۋاتقان، ئىشلىرى قالايمىقان، مەقسەتسىز، ئاستا ـ ئاستا كاردىن چىقىۋاتقان بەندىلەرگە راستىنلا لىق تولماقتا.

ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى بىر قېتىم ئوقۇش پۈتكۈزۈش ئالدىدا تۇرغان بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىغا قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. نەتىجىدە 27% ئوقۇغۇچىنىڭ ھېچقانداق ياشاش نىشانى يوق، 60% ئوقۇغۇچىنىڭ نىشانى غۇۋا، 10% ئوقۇغۇچىنىڭ ئېنىق، ئەمما قىسقا مۇددەتلىك نىشانى بار، 3% ئوقۇغۇچىنىڭ ئېنىق ۋە مەڭگۈلۈك نىشانى بار چىققان. دېمەككى 87% ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى نىشانسىز، غايىسىز، مەقسەتسىز ئۆگىنىۋاتىدۇ، كۈن ئۆتكۈزىۋاتىدۇ، دېگەن گەپ. ئەگەر بۇ تەكشۈرۈش جەمئىيەتتە تىرىكچىلىك قىلىۋاتقانلار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلسا، بۇ نىسبەتنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى چىقىدىغانلىقىغا گەپ كەتمەيدۇ. دېمەككى، 90% كە يېقىن ئادەم مەقسەتسىز لاغايلاپ، ئۇچرىغان ياكى باشقىلار بۇيرۇغان ئىشلارنى ئالۋاڭ ھېسابىدا قىلىپ كۈن ئۆتكۈزىۋاتىدۇ، دېگەن گەپ. ئەگەر بۇ تەكشۈرۈش بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە، بىزنىڭ كىشىلىرىمىز ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلىپ، سەممىي ـ راستچىل جاۋابقا ئېرىشكىلى بولىدىغان بولسا (مەن ئاشۇ مەقسەت ـ نىشانسىز ئادەملەرنىڭ سەممىيلىك بىلەن جاۋاب بېرىشىدىن ھەقىقەتەن گۇمانلىنىمەن. چۈنكى غايە ـ ئېتىقادسىز ئادەملەر ئەڭ كاززاپ كېلىدۇ)، بۇ نىسبەت بىزدە قانچىلىك چىقىشى مۇمكىن. كۆز بويامچىلىق بىلەن ئەپلەپ ـ سەپلەپ جان باقىدىغانلار، شەكلىۋاز جان باقتىلار جەمئىيىتىمىزنىڭ ئېكولوگىيىسىنى غىق ـ غىق قۇستۇرۇپ تۇرىۋاتامدۇ؟

ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى يۇقىرىقى تەكشۈرۈش ئوبيېكتلىرىغا قارىتا 25 يىلدىن كېيىن يەنە بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ھەيران قالارلىق مۇنداق پاكىتنى بايقىغان:

ئېنىق، مەڭگۈلۈك نىشانغا ئىگە 3% ئادەم ئۆز نىشانى ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز تىرىشقان ۋە ھەممىسىلا جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلىمىدىكى غالىب كۈچلەرگە، كەسپىي رەھبەرلەرگە، ئىجتىمائىي نوپۇز ئىگىلىرىگە ئايلانغان؛

ئېنىق، قىسقا مۇددەتلىك نىشانغا ئىگە % 10 ئادەم داۋاملىق تىرىشىش ئارقىلىق ھەرقايسى ساھەلەردىكى كەسپىي ئەربابلارغا، جەمئىيەتنىڭ ئوتتۇرا قاتلام كىشىلىرىگە ئايلانغان؛

نىشانى غۇۋا %60 ئادەم مۇقىم خىزمەت ۋە تۇرمۇشقا ئېرىشكەن، ئەمما ھېچقانداق ئالاھىدە نەتىجە قازىنالمىغان؛

ھېچقانداق تۇرمۇش نىشانى يوق % 27 ئادەم ناھايىتى مەنىسىز تۇرمۇش كەچۈرگەن، ھەدېسىلا باشقىلاردىن، جەمئىيەتتىن، ئۆزىگە پۇرسەت، شارائىت يارىتىپ بەرمىگەن دۇنيادىن ئاغرىنىپ، قاقشاپ، زارلاپلا ئۆتكەن.

ئويلاپ باقايلى: سىز، بىز قانداقراق ئۆتتۇۋاتىمىز؟ قانداقراق ياشاۋاتىمىز؟ بۇ پەرقلەردىن شۇنى ناھايىتى ئېنىق كۆرىۋالالايمىزكى، غايە ـ نىشان بىر ئادەمنىڭ ھاياتى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان قۇياش، يۇلتۇز بىلەن باراۋەردۇر. قۇياشسىز كۈنلەر، يۇلتۇزسىز تۈنلەردە تىمىسقىلاپ، ئۇيان ـ بۇيان ئۇسۇپ ـ دوقۇرۇپ، ئىنجىقلاپ، زارلاپ ئۆتمەي باشقا ئامال يوق. غالىبلار دەل نىشان ـ مەقسىتى ئېنىق ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن باشتىن ـ ئاخىر تەۋرەنمەي كۆرەش قىلالايدىغانلاردىن چىقىدۇ. مەقسەت ـ نىشانى نائېنىق ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن بەدەل تۆلەشكە جېنى ئاغرىيدىغان بېلى بوش ـ لاتاغىلاپلاردىن مەدىكار، تىلەمچى چىقسا چىقىدۇكى، غالىب خوجىلار ھەرگىز چىقمايدۇ. ئەمما ئۇنتۇمالىڭ، غايە ـ ئېتىقاد باشقىلار ھەدىيە قىلىدىغان سەدىقە ئەمەس، ئۆز قىزىقىشىڭىز، ئىقتىدارىڭىز، دۇنيا قارىشىڭىزغا ئاساسەن ئۆزىڭىز تىكلەپ تۇرغۇزىدىغان، ساقلايدىغان، قوغداپ كۆرەش قىلىدىغان مۇقەددەس مەشئەل. بۇ مەشئەلگە ئوت ياقالىغان ۋە ئۆچۈرۈۋەتمەي ساقلىيالىغانلارلا ئۇنىڭ ھاياتبەخش يارقىن يورۇقىدا دىلىنى يۇيۇپ، يولىنى يورۇتالايدۇ.

بىر نىشانىڭ تۇرغۇزۇلۇشى بىر ھاياتنىڭ ئىمانىغا كىرىشكە ئوخشاپ كېتىدۇ. سەن نىشان ئۈستىدە ئىزدىنىش جەريانىدا جەزمەن جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن سوئالغا دۇچ كېلىسەن. سەن كىم؟ قانداق ئادەم بولماقچى؟ نېمە ئىش قىلماقچى؟ نېمە ئىش قولۇڭدىن كېلىدۇ؟ دەۋر ۋە مۇھىت ساڭا قانچىلىك ئىمكان بېرىدۇ؟ ئائىلەڭ، سەن ياشاۋاتقان كونكرېت مۇھىتچۇ؟ ئۆز نىشانىڭ ئۈچۈن تۈزگەن كونكرېت پىلانىڭ قانداق؟ بۇنىڭ ئۈچۈن يىلدا، ئايدا، ھەپتىدە، ھەر بىر كۈندە قانچىلىك ئىش قىلىشىڭ كېرەك؟ بۇ سوئاللار سېنىڭ روھىڭنى سەگىتىدۇ ۋە ئۆز نىشانىڭ ئۈچۈن نېمە قىلىش، نېمە قىلماسلىق كېرەكلىكى، نېمىنى ئالدى بىلەن، جەزمەن بېجىرىش كېرەكلىكىنى، نېمىنى قىلماسلىق، تاشلىۋېتىش كېرەكلىكى توغرىلىق ئۆلچەم، نىشان بېرىدۇ. سەن ئىشلىرىڭنى شۇ بويىچە تەرتىپكە سېلىپ مېڭىشقا باشلايسەن. ئەمەلىيەتتىمۇ، دانىشمەنلىك، ئاقىلانىلىك نېمىنى قىلىش ئەمەس، دەل نېمىنى بالدۇر، نېمىنى كېيىن قىلىشنى بىلىشتىن ئىبارەت. مۇھىم ۋە ئەھمىيەتسىز ئىشلارنىڭ ئېنىق ئايرىلىشى سېنىڭ زېھنىڭ، ۋاقتىڭ، مېلىڭ، كۈچۈڭنىڭ ئەھمىيەتسىز ئىشلارغا سەرپ قىلىنىشىنى زور دەرىجىدە ئازايتىدۇ. پۈتكۈل زېھنىڭنى ئۆز نىشانىڭغا مەركەزلەشتۈرەلەيسەندە، بىراۋ ھەيدىمىسىمۇ ئۆز ئىشىڭ ئۈچۈن ئاكتىپ ئىنتىلىش ھالىتىدە تۇرىسەن. ئەگەر جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىدىلا مۇشۇ خىل نىشان ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۈن ـ تىنىسىز، جان تىكىپ كۆرەش قىلىش روھى شەكىللىنىدىكەن، بۇنداق جەمئىيەتنىڭ ھاۋاسىدىن جۇشقۇنلۇق، بەرىكەت، شادلىق، ئىناقلىق سادالىرى ئۈزۈلمەي ياڭراپ تۇرىدۇ. نۇرغۇنلىرىمىزدا تالانت، ئىقتىدار بار. ئەمما توغرا نىشان ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئايانماي جان بېرەلەيدىغان، ۋاقتى كەلگەندە ۋاز كېچەلەيدىغان جۈرئەت، چىدامچانلىق يوق. شۇ سەۋەبلىك بەزى كەم تېپىلىدىغان تالانت ئىگىلىرى مەڭگۈ مۇنەۋۋەر ياللانما خادىم، مەدىكار بولىدۇكى، خوجايىن، دىرېكتور بولالمايدۇ. بەزىلەر ئۆز خوجايىنىنىڭ دۆت ـ كالۋالىقىدىن توختىماي قاقشاپ، زارلايدۇ ـ يۇ، يەنە شۇنىڭغا بىر ئۆمۈر قول بولۇپ خارلىقتا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۆز نىشانى ئۈچۈن نېمە قىلىش، نېمە قىلماسلىقنى ئايدىڭلاشتۇرالماسلىق ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن كەسكىن يول تۇتالماسلىق، زامانىمىز تالانتلىقلىرىدىكى ئېغىر مەنىۋى تراگېدىيە.

تۆمۈر خەلىپە، خوجىنىياز ھاجى، «ئالتە كۈنلۈك پادىشاھ» راخمان گۈگۈتلار قولىغا قورال ئېلىپ زۇلمەتلىك كونا جەمئىيەت بىلەن كۆرەش قىلدى ـ يۇ، ئەمما مەقسەت، نىشان، غايە ـ ئېتىقادىدىكى ئېنىقسىزلىق ۋە بۇ يولدىكى كەسكىنلىكنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى سەۋەبىدىن بىر ـ بىرىدىن ئاچچىق تراگېدىيىلەرنى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى تەكرارلاپ چىقىشتى. ئابدۇقادىر داموللام، مەمتىلى ئەپەندى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىيلار ئۆز غايە، مەقستى ـ زامانىۋى دۇنياغا يۈزلىنىش ئۈچۈن جاھالەتكە ئوت ئېچىش ـ خەلقىنىڭ دىلىنى ئاقارتىپ، ئىلىم ـ پەنگە يۈرۈش قىلىش يولىدا ئېنىق، كەسكىن يول تۇتتى. گەرچە ئىستىبدات ھاكىمىيەت ئۇلارنى بۈيۈك مەقسەتلىرىگە يەتكۈزمىگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ نېمىنى قىلىش، نېمىنى قىلماسلىق، نېمىنى ھەممىدىن بالدۇر، چىڭ تۇتۇپ قىلىش ھەققىدىكى ياڭراق دەۋەت، جانلىق ئىش ـ ئەمەللىرى مىڭلىغان، مىليونلىغان قەلبكە ئۆچمەس ئوت سالدى، ئۇلارنى ھىدايەتكە يېتەكلىدى. دېمەككى، مەنىلىك ھايات ئۈچۈن يېقىلغان بىر نۇرلۇق چىراغ قاراڭغۇدا تېنەپ ـ تەمتىرەپ قالغان مىليونلىغان قەلبى كورغا نۇر ـ زىيا بەخش ئەتتى. بىز ئۇلارنىڭ ھايات تارىخىنى ۋاراقلاپ باقساق، ئۆز ھاياتىنىڭ مەنىسىزلىكى ھەققىدىكى دەردلىك ئاھىنىشلارنى كەمدىن ـ كەم ئۇچرىتىمىز. مەنىلىك ھايات دېگەن شۇنداق بولمامدۇ؟

سىز، بىز قانداق قىلارمىز؟ قايسى مەقسەت، قايسى غايە ـ ئېتىقاد ئۈچۈن جان بېرەرمىز؟ ياكى يەنە شۇ مەقسەت ـ نىشانسىز لەيلەۋەشتەك لەيلەپ يۈرۈپ كۈننى كەچ قىلارمىزمۇ؟ ئىدارىدە ھۆكۈمەتنى، ئۆيدە ئۆزىمىزنى، بالا ـ چاقىلىرىمىزنى، باھانە ـ سەۋەبتە خۇدانى ئالداپ ئۆتتۈپېرەرمىزمۇ؟

ئاڭلىسام، ئىلىم ـ ئىمان ئىزدەشتە كېچىكىش يوقمىش. نىشان تۇرغۇزۇش ھەققىي ھاياتقا قەدەم بېسىشنىڭ تۇنجى قەدىمى. پۈتكۈل يەر شارىدا زەنجىرسىمان سېتىش لىنىيىسى شەكىللەندۈرگەن كىنتاكىي يەرلىك توخۇ دۇكانلىرىنىڭ بەرپاچىسى خوللاند. سەندىرس 88 يېشىدا غايە تىكلەپ، تۇنجى قېتىملىق سوغۇرتا ياردەم پۇلى بولغان 105 دوللار بىلەن ئىش باشلاپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانىكەن. سىز، بىز تېخى ئۇ ياشتا ئەمەسمىز. تەۋەككۈلگە تولغان ھاياتلىق مەنتىقىمىزنى چۆرۈپ تاشلاپ، قەيەرگە، قانداق بېرىش ھەققىدە دادىل ئىزدىنىپ باقايلى ۋە شۇ يولدا قەتئىي ئاداشماي كۆرەش قىلىپ باقايلى. ئىزدەنگۈچىلەرگە بەخشەندە قىلىۋېتىلگەن بەرىكەت، ھېكمەت، سائادەت نۇرلىرىنى نىمجانلاشقان، لايغەزەللەشكەن، غايىسىز، خۇنۈك گەۋدىمىزدە كۆرۈپ قالساق ئەجەب ئەمەس.

2006 ـ يىل 10 ـ فېۋرال، قاراقاش ـ ياۋا

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە ياۋا يېزا مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى




ئاتاقلىق سېھرىگەرلىك سەنئەتكارى، قابىل سېرك سەنئىتى تەشكىلاتچىسى
ئەنۋەر مۇھەممەت ئەپەندى

● رەسسام، قابىل گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى گۈلنار ئابدۇكېرىم خانىمنىڭ ئەسەرلىرىدىن ●












《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅
主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008－6498
国内统一刊号：CN65－1073/I
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路 16 号
P. O. BOX 88, 16 Gongti East Road, Bejing 100020, China
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地　　址：乌鲁木齐市胜利路 193 号
邮　　编：830001　电话：（0991）2856942
印　　刷：《新疆日报》印务中心
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订　　阅：全国各地邮局

邮发代号：58－22　定价：5 元

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2006-يىل 2-سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008－6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65－1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب
ئىمپورت- ئېكسپورت (گۇرۇھى)
باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 193-نومۇرلۇق قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون نومۇرى: (0991)2856942
باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58-22　باھاسى: 5 يۈەن